

4
1993
مايبۇلاق

# بېيجىڭدا ئېچىلغان 5-نۆۋەتلىك „خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى„ يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر







# بۇ سانىدا

## نەسرى ئەسەرلەر


خېزىر (ھېكايە) ………………… خالىدىن ساتتار (3)

لايدا ياتقان باي (ھېكايە) ………………… سىراجىدىن سېيىتنىياز (9)

ئۈمىد چىرىغى (ھېكايە) ………………… نۇر روزى (29)

تەۋەللۇت ئازابىدىكى شادلىق (ھېكايە ) ………………… غالىپ توختى (32)

ئەگەر ئەتە كەلسە (ھېكايە) ………………… تۇرسۇن مۇسا(44)

قوينىڭ رىزقى (ھېكايە) ………………… ئېزىز ھەسەن (58)

يالغۇز ئوغلۇم (ھېكايە) ………………… قۇربان مارجانوۋ(62)

تۈنجى قېتىم تەغدىرلەنگىنىمدە (ھېكايە) ………………… گۈلنار ئابلا (63)

ھەمىيىنىمدىكى پۇلنى كىم ئالدى (ھېكايە) ………………… راخمان ئاقنىياز (64)

تۇيغۇدىن تۇغۇلغان تەسىرات (نەسر) ………………… ئەمەت دەرۋىش (70)

ئىككى نەسر ………………… مۇتەللىپ سەيدۇللا(73)

چۈشلىرىم (نەسر) ………………… دولقۇن ئاۋۇدۇن (74)

ئىككى نەسر ………………… ئېزىز تۇرسۇن(76)

سەسكىنىمە (نەسر) ………………… ئايگۈل غوپۇر (ماھى) (78)

ئانا (نەسر) ………………… پەقرى (78)

ھەسرەتتىن تۇغۇلغان ھېسلار (نەسر) ………………… گۈلباھار قادىر(79)


## شېئىرلار


باغۋەنگە مەدھىيە ………………… ئامىنە دۆلەت (22)

ئىشچان قىزغا ………………… ئەلايوف (23)

مەكتىپىم ………………… قادىر سىدىق (23)

قەبرە ئالدىدا ………………… ھەسەن تىلىۋالدى(24)

تۇرمۇش ئاچىلىدا تۇغۇلغان ھېسلار ………………… ياسىن ئىنايەت (26)

قۇياش شۇنداق بىر قىز تۇغدۇ ………………… ئەركىن مۇھەممەت كامالى (27)

ئەلۋىدا ………………… ئابدۇۋايىت مەتنىياز(27)

ئىككى مەسەل ………………… ئاھابەكرى ئەمەت(28)

## «نېفىتلىكنى سۆيىمەن» مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر


ماموق پەرلەر (نەسىر) .................... ئادىل يۈسۈپ (50)
پەرۋشنامە (نەسىر) .................... ئېزىز ھوشۇر (ئارمانى) (53)
ئىككى شېئىر .................... شاۋكەت مىجىت (55)
سەينەندەبىز (شېئىر) .................... ئەخەت قوربان (55)
تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تىرىلگەن جاي .................... نىياز ئىمىن قوربانى (57)


## نېفىتلىكتىكى مۇجاتىكارلار


شائىر تۆكەن ئاقباي .................... تەھرىر بۆلۈم (66)
ئىشپىيون (ھېكايە) .................... تۆكەن ئاقباي (67)


## ماقالا ۋە ئوبزورلار


ئىزدىنىش ساھىلىدىكى ئوي - خىياللار (سۆھبەت خاتىرىسى) ... ھەسەنجان بوساق (81)
نېفىتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە ئۇنى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش
ھەققىدە ئويلىغانلىرىم .................... . مۇھەممەت سابىت (90)
ئاچچىق قامچا، چۈچۈك دەۋەت .................... ئىمىن تۇرسۇن (93)


## نېفىتلىك غۇنچىلىرى


بەخت (ھېكايە) .................... مەريەم ئابدۇرېھىم (95)
دادا، يۈرەك سۆزۈمنى ئاڭلاڭ! (نەسىر) .................... مايگۈل مازان (97)
ئۇستازغا مەدھىيە (نەسىر) .................... مۇقەددەس ئىبراھىم (98)
ئىككى شېئىر .................... گۈزەلنۇر مۇتەللىپ (99)


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


چۈش (ھېكايە) .................... تۇرسۇنجان سولايمان (ت) (100)
تەنھاقالمىسلا ئۈبېكتى تېپىلىدۇ (ھېكايە) .................... ماشۇلياڭ (ت) (102)
مۇخبىر بىلەن بولغان جىدەل (ئەسلىمە) .................... توختى باقى (ت) (104)
لەتىپە ۋە يۇمۇرلار .................... غۇنچەم روزى (ت) (111)


موقاۋىنىڭ 1- بېتىدە: تۇنجى قار. سىراجىدىن سېيىتنىياز فوتوسى

موقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: گاستانىدە جەم بولۇش. مۇھەممەت مەمتىلى فوتوسى

مۇقاۋىنى ئارسلان تالىپ لايىھىلىگەن. قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئادىل سىزغان.

ھۆسىن خەتلەرنى مۇھەممەت دۇگام، قاسىمجان شېرىپھاجى يازغان.

خالىدىن ساتتار



# خىزىر

(ھېكايە)



بۈگۈن ئابدىمەتنىڭ كەيپى ناھايىتى چاغ ئىدى. «بۇ يىلمۇ ئىشىم ئوڭغا تاتىدىغاندەك تۇرىدۇ، مانا، قارا دۆڭ مەھەللىسىدىنلا بەش توننا ئۆزۈم قولغا چۈشتى، باشقىلارمۇ ۋەدىسىدە تۇرسىلا 30-40 توننا ئۆزۈم ماڭغۇزۇشىمدا گەپ يوق، قارىغاندا، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە ھەممىسى قولغا چىقىدۇ، مۇشۇنداق بولسىلا خۇدانىڭ بەرگىنى-دە...» ئۇ مۇشۇنداق شېرىن خىياللار ئىلكىدە مەس بولۇپ كېتىۋاتاتتى، بىردىنلا ئېشەك توختاپ قالدى. ئۇ يەرنى پۇراپ ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا باقتى بولۇپ «ناس» چېكىۋاتاتتى. ئابدىمەت خىيالدىن سەگىپ ئەتراپقا قارىدى-دە، ھەي جانىۋار دەپ ئېشەكنىڭ يوتىسىغا شاپىلاقداپ قويدى-دە، «ئەقلىڭگە بارىكاللا، ئەگەر سەن بىشارەت بەرمىسەڭ مەن مازىرىمغا كەلگەنلىكىمنى ئۇقماي قالىدىكەنمەن ئەمەسمۇ، ھەي جانىۋا» رئۇ سۆزلىگىنىچە ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشتى-دە ئادەت بويىچە «مازىرىم» غا قاراپ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، ئىچىدە بولسا نېمىلەرنىدۇ شىۋىرلاپ ئوقىدى، «مازىرىم» نىڭ ئۆزىنى يۆلىشىنى، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا مەدەت بېرىشىنى تىلەپ، گويا مازاردىن بىرەر سادا-جاۋاب كۈتكەندەك ئۇزاق قاراپ تۇردى. بۇ، ئەمەلىيەتتە دوپپا شەكىللىك يوغان دۆڭ ئىدى، بۇرۇن ئۇ دۆڭنىڭ تۆپىسىدە بىر يالغۇز گۈمبەز بار ئىدى، كىشىلەر بۇنى باش- ئايىقى يوقلا «مازىرىم» دەپ ئاتاپ، ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ئىدى، بۇ گۈمبەز ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «تۆت كونا» قاتارىدا بۇزۇپ تاشلىنىپ، ھازىر پەقەت ئۇنىڭ خارابىسىنىڭ ئىزناسىلا قالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەر بۇ يەرنى يەنىلا

«مازىرىم» دەپ ئاتاپ بۇرۇنقىدەكلا تاۋاپ قىلاتتى، ئۇلۇغلاپ ئەتىۋارلايتتى، ئۇلاقلىقلار ئۇلىقىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭاتتى، ماتۇرلۇق قاتناش قۇراللىرىنى ھەيدىگەنلىرى بولسا ئاۋۋال سولغا، ئاندىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ «مازىرىم»نى ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكىچە سۈرئەتنى ئاخىرقى چەككىچە ئاستىلىتىپ ماڭاتتى، ئابدىمەتمۇ بۇ قائىدىنى بىجا كەلتۈرۈپ بولۇپ ئېشىكىگە مىنىدى-دە يەنە شىرىن خىيالغا پاتتى، ئۇ چوڭلاردىن ئاڭلىغان «ئەۋلىيا ئەنبىيالار» ۋە «خىزىر» لار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئەسلەپ چىقتى، قاچاندۇر زامانلاردا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ« غايىپ غەزىنە» گە ئۇچراپ، بىر كېچىدىلا يوقسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ كەتكەن ئاللانىڭ ئەركەبەندىلىرىگە ھەۋەسلەندى ۋە ئىختىيارسىز ئاسمانغا، كۆمۈچ تاۋاقتەك يالتىراپ تۇرغان تولۇن ئايغا تىكىلىپ:

- ئاھ پەرۋەردىگار بىزگىمۇ ئاتىغان-قاتقىنىڭ يوقمىدۇ، مۇشۇ كۈنلەردە جىق ئەمەس ئازراق بولسىمۇ ئالدىمىزغا «پوككىدە» تاشلىۋەتكەن بولساڭ، قەددىمىزنى رۇسلىۋالامدۇق،- دەپ شىۋىرلىدى ۋە گويا نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك ئالدىغا قارىدى-دە ھەيران قالدى، چۈنكى، 30-20 مېتىر ئالدىدا بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەنىدى، ئۇ ئېشەكنى دېۋىتىپ بىر قانچە ئۇرىۋەتتى ، ئادەتتە قامچىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان ئېشەك ئالدىغا شۇڭغۇپ يۈگرەپ كەتتى. ئۇ يېقىنلاشقانسېرى ھەيرانلىقى ئاشتى، ئالدىدا كېتىۋاتقان ئېگىز بويلۇق، بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك، ئاق تامبال كەيگەن ئادەم بولۇپ بېشىدىن ئايىغىچە ئاق ئىدى، سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە ئۇ تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى، ئۇ چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ شاتىردەك ئىلدام كېتىۋاتاتتى، ئابدىمەت ئېشەكنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاستىلاتتى ۋە ياندىن ئۇنىڭ مەيدىسىگىچە چۈشۈپ تۇرغان ئاپئاق ساقىلىنىمۇ كۆرۈپ ئۆلگۈردى، ئۇ ئادەم بولسا كەينىگە قاراپمۇ قويماي قول سىلىپ بىر خىل تېزلىكتە كېتىپ باراتتى، ئابدىمەت كوڭلىدە «بۇ كىمدۇ، بۇ يۇرتتا مەن تونۇمايدىغان ئادەم يوق، بولۇپمۇ چوڭلاردىن. . . » دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆلگۈردى ۋە بىردىنلا «ياق، بۇ ئادەتتىكى بەندە ئەمەستەك قىلىدۇ، خۇدا مېنى خىزىرغا ئۇچراشتۇردىمۇ-نېمە؟ ياپەرۋەردىگارا» دەپ ئويلىدى-دە ئىشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاۋازنى كۆتۈرۈپ:

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم، - دەپ قول قوشتۇرۇپ ئېگىلىپ سالام قىلدى.

- ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام- جاۋاب قىلدى يولۇچى قەدىمىنى توختۇتۇپ يېنىچە بۇرۇلۇپ.

ئابدىمەت ئالدىغا بىر قەدەم تاشلاپ ئىتتىك ئىككى قولىنى ئۇزاتتى، بوۋايمۇ قول ئۇزاتتى، ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئابدىمەت بوۋاينىڭ قولىنى قويىۋەتمەي ئۇزاق تۇتۇپ تۇردى ۋە قايتا-قايتا بارماق قولىنى سىلىدى. سەزدىكى بوۋاينىڭ بىر قولىنىڭ بارمىقى يوق. يەنە بىر قولىنىڭ بولسا قوش بارماق بولۇپ، بىرسى مىلىقلاپ تۇراتتى، «راس خىزىركەن، كونىلار خىزىرنىڭ بىر بارمىقى يۇمشاق بولىدۇ دېيىشەتتى، قايسى بارمىقىنى دېگەن بولغىيتتى، ئوڭ قولىنىڭمۇ؟ ياكى سول قولىنىڭ؟» ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن بوۋايغا تىكىلدى، بوۋاينىڭ ئىككى مەڭزى مەيدىسىگىچە چۈشۈپ تۇرغان ئاپپاق ساقال-بۇرۇتلىرى ئۈستىدە خۇددى قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك پارقىراپ تۇراتتى، ئۆتكۈر بۈركۈت كۆزلىرى قويۇق قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇراتتى، قاڭشالىق بۇرنى ۋە كەڭ پىشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، «يا پەرۋەردىگارا، مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق پاكىز قېرىغان، كېلىشكەن ئادەمنى كۆرمىگەن، ياق، بۇ ئادەتتىكى بەندە ئەمەس، بۇ چوقۇم ئۇلۇغلاردىن، بۇ يا ئەۋلىيا، يا بولمىسا خىزىر» ئۇ ئويلىغانسېرى تەمتىرەپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قالدى، ئاخىرى ئاران دېگەندە:

- بوۋا، مەرھەمەت قىلىپ ئېشەككە مىنىۋالسىلا، - دېيەلىدى. بوۋاي ئېشەككە سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ دېدى:

- پاھ، پاھ، قالتىس ئېشەككەنغۇ بۇ جانىۋار، مەن بۇ يۇرتتا مۇنداق زور ئېشەكنى كۆرۈپ باقمىغان، ئادەتتىكى خېچىرلارمۇ بۇنىڭغا تەڭلىشالمىغىدەك، مېڭىشى قانداقراقكىن ؟!

- ئاتتىن قېلىشمايدۇ، خۇددى قارا سۇنىڭ كېمىسى دېسىلە، ئۇششۇنداق يورغىلايدىغان بولسا، ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ كىشى.

- نەسلى ئېسىل ئىكەن جانىۋارنىڭ نەسلى، ئەسلىدىنغۇ بۇنى مىنمەي، بالىسىنى ئالىدىغان ئىشكەندۇق .

- ئۇنى بىر دېمىسىلە، مەنمۇ شۇنى ئويلاپ كىشلەر مىڭ دوللار دەپ تالىشىۋاتقان يەردە، «شاراقىدە» بىر مىڭ ئىككى يۈز دوللارنى ساناپ بېرىپ ئېلىۋالغان دېسىلە.

- ياخشى، ياخشى، كۆزىڭىز مال تونۇيدىكەن ئوغلۇم، بۇمۇ خۇدايىمنىڭ ئىلتىپاتى، قېنى، ئوغلۇم يولدىن قالماڭ!

- خوش-خوش بوۋا، مەرھەمەت قىلىپ سىلى مىنىۋالسىلا، ئېشەك ناھايىتى يۇۋاش، خاتىرجەم مىنىۋەرسىلە قېنى.

- رەھمەت بالام، مەن پىيادە يۈرۈپ ئۆگىنىپ كېتىپتىمەن. مەن مۇشۇ مېڭىشىمدا ئات بىلەنمۇ تەڭ ماڭالايمەن، ماڭا قارىماڭ، ئوغلۇم يولدىن قالماڭ مېڭىۋېرىڭ، دېدى بوۋاي ۋە بۇرۇلۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى، ئابدىمەت ئالمان-تالمان بوۋاينىڭ ئالدىغا ئۆتتى-دە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇردى:

- جېنىم بوۋا، خوش بولۇپ كېتەي، ئېشەككە مىنىۋالسىلا، سىلىنى كۆرۈپ گويا مەرھۇم بوۋامنى كۆرگەندەك بولدۇم، سىلى ئېشەككە مىنسىلە، مەن يېتىلەپ سىلى بىلەن بىر دەم مېڭىۋالاي، ماقۇل دېسىلە جېنىم بوۋا، ماقۇل دېسىلە، مەن خوش بولۇپ كېتەي.

- بولىدۇ، ئۇنداق بولسا ئىككىمىز بىللە ماڭايلى، ئېشىكىڭىزنى يېتىلەڭ.

- سىلى ئېشەككە مىنمىسىلە مەن ماڭمايمەن.

- راستىنى ئېيتسام مەن ئېشەك مىنمىگىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. ھازىر قېرىپ قالدىم، مىنەلمەيمەن.

- ئۇنداق بولسا مەن سىلىنى ھاپاش قىلىۋالاي، كەلسىلە.

- ياق، ياق، بۇنداق قىلساق قاملاشمايدۇ، ئوغلۇم، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، تۇرۇڭ دەيمەن!

- سىلى ماقۇل كەلمىسىلە، تۇرمايمەن.

- ھەي، بۇ ئىشنى قارىمامدىغان، بوپتۇ، ئېشىكىڭىزنى مىنسەممۇ مىنەي.

- رەھمەت بوۋا، رەھمەت.

ئابدىمەت ئىچى-ئىچىدىن خوش بولۇپ، بوۋاينى يۆلەپ ئېشەككە مىندۈردى، سول قولىدا چۇلۋۇرنى، ئوڭ قولىدا ئېغىزدورۇقنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ ئاستا مېڭىپ كەتتى.

- سىز كىمنىڭ ئوغلى، ئىسمىڭىز نېمە؟

- مەن، قارا دۆڭدىكى ھەمدۇل پالۋاننىڭ ئوغلى ئابدىمەت بولىمەن.

- ھە، ھېلىقى سەيدۇل پالۋاننىڭ نەۋرىسى بولامسىز؟

- ھە، دەل شۇ، سىلى بوۋامنى تونامىلا؟

- تونۇمامدىغان، ئۇنى پۈتۈن يۇرت تونۇيدۇ. پۈتۈن يۇرت، ياشلار ئىنقىلابىدا، ئۇ، بىر قېتىملىق جەڭدە 11 تال ئوق بىلەن 12 دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، قانائەت قىلماي، «ئەتتىگەنەي كەم بوپقالدى، ئۆكىلار، كەم بوپقالدى» دېگەن تۇرسا، رەھمىتىنىڭ ئورنى جەننەتتە بولسۇن، قالتىس پالۋان ئىدى-دە، ئۇ، قالتىس پالۋان.

- راست، چوڭلارنىڭ ھەممىسى بوۋامنى ماختايدۇ، ئۇ توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايىلار بار.

- خوش، سىزمۇ پالۋانمۇ؟

- ياق، مەن خەلق ئەسكىرى بولۇپ مىلتىق

تۇتۇپ باقتىم، لېكىن بوۋامدەك ئاتالمايمەن.

— بۇرۇن چىققان قولاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەيدۇ ئەمەسمۇ، سىز بوۋىڭىزنىڭ ئىزىنى بېسىپلا قالماي، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇستا پالۋان بولىشىڭىز كېرەك ئىدى.

— شۇنداق، شۇنداق، خۇدايىم بۇيرىسا، چوقۇم بوۋامنىڭ ئىزىنى باسىمەن.

— ئىسمىڭىزنى نېمە دېدىڭىز؟ ئابدىمەت دېدىڭىزمۇ؟ ھېلىقى «ئابدىمەت شاڭخەي» بولۇپ يۈرمەڭ يەنە.

— خوش-خوش، شۇنداق، ئالدىنقى يىلى گۇاڭجۇغا ئازراق ئۈزۈم ئاپىرىپ سېتىپ، شاڭخەينىمۇ بىر كۆرۈپ كېتەي دەپ شاڭخەيگە بارغانتىم. يېنىشىمدا ئازراق مال ئالغاچ چىقتىم . شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكىلەر «ئابدىمەت شاڭخەي» دەيدىغان بولىۋالدى.

— بوپتۇ، زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دېگەن گەپ بار، ھازىر «شاڭخەي» بولغىنىڭىزمۇ بوپتۇ لېكىنزە، «پالۋان» بولۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ!

—ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە.

— رەھمەت ئوغلۇم، مانا ئاچا يولغىمۇ كېپ قالدۇق، مەن قاراسۇغا بارىمەن، سىز قارا دۆڭگە كېتىسىز، خۇدا يەنە كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلار.

— دېگەنلىرى كەلسۇن، ئېشەكتىن چۈشمەن دېمىسىلە، مىنىپ كېتىۋەرسىلە، بۇ ئېشەكنى سىلىگە ئاتىۋەتتىم.

— ياق، ئۇنداق قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ.

— چۈشمىسىلە، مەن سىلىنى ئېشەكتىن چۈشۈرمەيمەن، مانا ئاسماندىكى ئاي گۇۋا، بۇ ئېشەكنى سىلىگە ئاتىۋەتتىم، خۇدا ھەققى قوبۇل قىلسىلا، بوۋامنىڭ روھى خوش بولۇپ قالسۇن، ئۆتۈنۈپ قالاي، قوبۇل قىلسىلا. . . قوبۇل قىلسىلا. . . خوش بوۋا، خوش، قوبۇل قىلسىلا. . .

ئابدىمەت سۆزلىگىنىچە كەينىگە بۇرۇلدى-دە، ئۇچقاندەك يۈگرەپ ھەش-پەش دېگىچە بىر دۆڭدىن ئارتىلىپ كۆزدىن غايىپ بولدى، بوۋاي، بۇ تويۇقسىز ھەرىكەتتىن ھەيران -ھەس بولۇپ ساقىلىنى سىلاپ، بېشىنى چايقاپ بىر پەس تۇردى-دە، ئاندىن «خەير، ئامان بولساق ئەتە كۆرۈشىمىز» -دېدى-دە ئېشەكنى «خى -چۇ» دەپ دېۋىتىپ قاراسۇ مەھەللىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئابدىمەت كەينىگە قاراپمۇ قويماي، بىر يۈگۈرۈپ، بىر توختاپ 15 كىلومېتىردەك يولنى پىيادە بېسىپ ئۇدۇل ئۆيگە كەلدى-دە، باراڭنىڭ ئاستىغا قويۇلغان كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق-چىلىق تەرلەپ، كۆينىكى ھۆل بولۇپ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل خۇشاللىق قاپلىغاچقا قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى، «خىزىر» ئاتىنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىگەچكە شېرىن خىياللار بىلەن يېتىپ تاتلىق ئۇيقىغا كەتتى. ئۇ، چۈش كۆردى، چۈشىدە: مەھەللىنىڭ چېتىگە سېلىنغان چۆنچىدىن ئۈزۈم سىلكىپتۇ، تىكەندەك يالغۇزمىش، ئاخىرى بېرىپ ھالىدىن كېتىپ ئەسكى پالازنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. بىردىنلا ئالەمنى تۇتەك قاپلاپ ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولماي قاپتۇ، ئۇ قورقۇپ، تەمتىرەپ تۆت ئەتراپىغا قاراپتۇ، ئاتىسىنى، ئاكىسىنى ۋە ئايالىنى چاقىرىپتۇ، لېكىن ئۇنى چىقماپتۇ، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا «ئابدىمەت، ئوغلۇم قورقما، بۇ ياققا كەل» دېگەن جاراڭلىق بىر سادا ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، يىراقتا ھېلىقى خىزىر ئاتا ئېشەككە مىنىپ تۇرغىدەك، ئېشەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلگىدەك، «ئەسسالامۇ - ئەلەيكۇم خىزىر ئاتا» -دەپتۇ ئۇ، شۇ ھامان بىر نۇرلۇق يول ئېچىلىپتۇ- دە ئاستىدىكى پالاز يول بويلاپ ئۇچۇپتۇ، «خىزىر ئاتا» ئېشەكلىك يول باشلاپتۇ، ئۇ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ، ئۇ،

ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئاپئاق ماموقتەك تۇرۇم-تۇرۇم بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۇزاق ئۇچۇپتۇ، بىر چاغدا ئالەم پالىلدە يورۇپ كېتىپتۇ، كۆز ئالدىدا ياپيېشىل بوستانلىق پەيدا بوپتۇ. بوستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق ھەشەمەتلىك، كۆركەم زامانىۋى بىر ساراي تۇرغىدەك ، پالاز ئاستا پەسلەپ سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشۈپتۇ، قارىغىدەك بولسا سارايىنىڭ تاملىرى كۈمۈشتىن، دەرۋازىسى ئالتۇندىن ياسالغان ئىكەن. ئۇ، «بىسمىللاھىر-رەھمانىررەھىم» دەپ قەدەم بېسىپ دەرۋازىغا يېقىنلىششىغا دەرۋازا ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىپتۇ، قارىغىدەك بولسا ئۇدۇلدا ھەيۋەتلىك بىر بىنا مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرغىدەك، دەرۋازىدىن تارتىپ بىناغا بارغىچە سوزۇلغان تار يولغا ئوتقاشتەك قىپ-قىزىل پاياندار سېلىنغان، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، گۈللەرنىڭ نېرىسىدا مېۋىلىك دەرەخلەردە تۈرلۈك-تۈمەن مېۋىلەر مەي باغلاپ كەتكەنمىش، خىلمۇ-خىل قۇشلار سايراپ تۇرارمىش، بىردىن ئۇنىڭ تامىقى قۇرۇپ، ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل مېۋىگە ئىشتىھاسى تارتىپتۇ-دە قەدىمىنى توختىتىپ قول ئۇزارتىپتۇ...

- قوپۇڭ، قوپۇڭ، مېھمان كەلدى، - ئايالى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئويغىتىۋەتتى.

- ئەتتەگەي، - دېدى ئابدىمەت ئايالىنىڭ قولىنى سىلكىپ، - بۇ نېمە قىلغىنىڭ، تازا ئوبدان يېرىگە كەلگەندە....

- ھېلىمۇ كۆپ چۈش بولدى، ئۇخلاۋېرەمسىز، قوپۇڭ، مېھمان سىزنى ساقلىغىلى نەۋاخ.

ئابدىمەت ئېرىنچەكلىك بىلەن كارۋاتتىن چۈشۈپ، يۈزىنى چالا-بۇلا يۇدى-دە ئۆيگە كىردى، ئۇ مېھمان 20 ياشلار چامىسىدىكى، بۇرۇتى خەت تارتقان يىگىت ئىدى، ئۇلار سالام-سائەت قىلىشقاندىن كېيىن مېھمان يىگىت گەپ باشلىدى:

- مېنى كېرەم دادام ئەۋەتكەن، ئاخشام ئىشىكىڭىزنى بېرىپتىكەنسىز، ناھايىتى خوش بوپتۇ، سىزگە كۆپ رەھمەت ئېيتتى، مەن ئېشەكنى ئەكەلگەنتىم.

- نېمە، ئېشەكنى، قايسى ئېشەكنى؟..

ئابدىمەت خۇددى بېشىغا تۇيۇقسىز كالتەك تەككەندەك گاڭگىراپ قالدى « بۇ نېمە ئىش ئەمدى، چۈشۈم بۇزۇلدى دەپ رەنجىپ تۇرسام ئەمدى ئۇنىڭمۇ... ياق، ياق، ئۇ مېنى سىناۋاتسا كېرەك ئېھتىمالىم» ئۇ مېھمان يىگىتنىڭ باشتىن-ئايىغىچە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن، پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن يىگىت ئىدى. يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، «ياق، بۇ ئادەتتىكى يىگىت ئەمەس، خىزىر ئاتىنىڭ ئۆزى. ئۇ، مېنى سىناۋاتىدۇ. راس، مېنى سىناۋاتىدۇ» دېگەنلەر ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماقتەك چېقىپ ئۆتتى:

- مەن خوش بولۇپ كېتەي، ئېشەكنى ئېلىپ كېتىڭ، مەن ئۇنى ئۆز رازىلىقىم بىلەن قارىنىمدىن چىقىرىپ بېرىۋەتكەن، ئىشەنمىسىڭىز قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرەي!

- كېرەم دادام ئەتە قومۇلغا كەتمەكچى، شۇڭا...

- مەيلى، نەگە كەتسە شۇ يەرگە ئېلىپ كەتسۇن، بەرگىنىم-بەرگەن، ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا ئېشىكىم دېمەيمەن. ئۇرۇق-تۇغقان، بالا، چاقىلىرىممۇ شۇنداق، تىلخەت يېزىپ بېرەيمۇ يا، ھە، شۇنداق قىلاي، شۇنداق قىلاي...

ئابدۇمەت تىلخەت يېزىپ، زومۇ-زو مېھمان يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقازدى، بۇ ئىشنىڭ باش-ئايىغىنى ئۇقالماي ھەيران بولغان مېھمان يىگىتمۇ ئىلاجىسىز ئېشەكنى مىنىپ قايتىپ كەتتى.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ باراتتى، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئابدىمەتنىڭ خاتىرجەمسىزلىكىمۇ يوقاپ، كۆڭلى خېلى ئىمىن تېپىپ قالدى، ھە دېسىلا چۈشىدىكى

ھېلىقى مەي‌باغلاپ كەتكەن مېۋە كۆز ئالدىغا كېلەتتى‌دە، ئىختىيارسىز ھالدا «تەمى قانداق بولغىيتتى، بىر تال يەۋالغان بولسام قانداق بولاتتىكىن‌ھە...» دەپ پىچىرلاپ قوياتتى ۋە ئۆزىگە‌ئۆزى جاۋاب بېرىپ: «ئۇ كۆڭلەرمۇ كېلىدۇ، چوقۇم تەمىنى تېتىيمەن» دەپ ئىشەشلىك جاۋاب بېرەتتى، شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن يۈرگەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر 50 ياشلار چامىسىدىكى ناتونۇش مېھمان كېلىپ:

- مەن يېقىندا قۇمۇلغا بارغانتىم، كېرەم ئاكام ئىشەكنىڭ پۇلىنى ئېۋەتكەنتى، ئۇ، مېنىڭ ساناقلىقلا كۆڭلىرىم قالدى، رازى بولۇپ كەتسۇن دەپ تاپىلىغانتى، مانا سانىۋالسىلا، بىر مىڭ بەشيۈز كوي.- دەپ پۇلنى ئابدىمەتنىڭ ئالدىغا ئىككى قوللاپ قويدى.

ئابدىمەت بىردە ناتونۇش مېھمانغا، بىردە پۇلغا قاراپ خېلىغىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇراسلا تېڭىرقاپ قالغان ئىدى.

ئۇ، ئاخىرى «ياق، ئۇستام، مەن ئەقىدەمدىن يانمايمەن» دېگەن ئىرادىگە كەلدى.

..

- ئۇ پەرىشتىدەك پاكىزە چوڭ بولغان ئادەمكەن، يەنە كېلىپ بوۋامنىڭ زاماندىشى ئاغىنىسى ئىكەن، مەن ئېسىمنى تېپىپ، بوۋام توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى ئارمان قىلىپ كەلگەن ئىدىم. ئاللا تائالا، بىر خاسىيەتلىك كۈندە مېنى بۇ ئۇلۇق زات بىلەن ئۇچراشتۇردى، مەن ئۇنى بوۋام ئورنىدا تۇرۇپ، ئۆز رازىلىقىم بىلەن ئېشەككە مىندۇرۇپ قويدۇم، ئەمدى ئۇ دۇنيا‌بۇ دۇنيا ئېشەكنى تىلغا ئالمايمەن، پۇلىنىمۇ تۇتمايمەن، بوۋامنىڭ روھى قورۇندىغان ئىشنى قىلمايمەن، مەنبىر ئوغول بالا، لەۋزىمدىن ھەرگىز يانمايمەن، ‌-دېدى.

مېھمانمۇ ئوڭايسىزلىنىپ دېدى:

- بۇ خەقنىڭ ئامانىتى تۇرسا، سىلى ئالمىسىلا مەنمۇ قانداق قىلىمەن ئەمدى.

- قانداق قىلسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىرى.

- سەدىقە قىلىۋېتىشنىڭ ئورنى بولمىسا.

- سەدىقە قىلىۋېتىسىلىمۇ ئىختىيارلىرى.

- بولمىسا، مەھەللە باشلانغۇچ مەكتىۋىگە ئىئانە قىلىۋېتەيمۇ‌يە.

- ئىختىيارلىرى.

- توغرا، مەكتەپكە ئىئانە قىلىۋېتىمەن.

..............

مېھمان خۇشلۇشۇپ يولغا چىققاندىمۇ تەكرارلاپ دېدى:

- رازى بولسىلا ھە، مەن مەكتەپكە ئىئانە قىلىۋېتىمەن، سىلىنىڭ ناملىرىدا ئىئانە قىلىۋېتىمەن..

ئابدىمەت كۈلۈپ قويدىيۇ گەپ قىلمىدى.

ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئېشەك توغرىسىدا گەپمۇ بېسىقىپ قالدى. كېرەم بوۋايمۇ ئۇنى ئىزدېمىدى. لېكىن ئۇ ئېشەكنى قارا سۇدا ناتونۇش ئادەملەرنىڭ مىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆپ قېتىم كۆردى، ئۇ، ئېشەكنى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە، ھېلىقى «خىزىر» بىلەن چۈشىدىكى مەيباغلاپ كەتكەن مېۋىلەر ئېسىگە كېلەتتى‌دە «ئۇ مېۋىنىڭ نامى نېمىدۇ، تەمى قانداق بولغىيتتى، ئاھ، پەرۋەردىگار، ئاشۇ مېۋىنىڭ شېرىن شەربىتىنى تېتىيدىغان كۆڭلەرنى ئاتا قىلغايسەن، ئاھ، خىزىر ئاتا، ئاھ، شېرىن مېۋىلەر... دەپ شىۋىرلايتتى.

قارامای. 1993 . 5

سىراجىدىن سېيىتنىياز




ئاۋۋت باي ئەسلىدە ساۋۋت چورۇقنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ كۆرگەن يەتتە پەرزەنتىنىڭ تۆرتىنچىسى بولۇپ، يوقسۇل ئائىلىدە يىگىلى بولغىدەك نەرسە بولسىلا يەپ، كەيگىلى بولغىدەك نەرسە بولسىلا كېيىپ چوڭ بولغان، ئۇ سەل-پەل بىرەر نەرسىنى پەم قىلغىدەك ئەقلىگە كىرگەندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ يىل بويى دۇينىڭ يېرىگە ئىشلەپ، دۇيگە بولغان قەرزى يىل سايىن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئىدى، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالدى. ئەسلىدە ساۋۇتاخۇن چوڭ ئۇچ بالىسىنى تۈزۈكرەك ئوقۇتالمىغاچقا ئاۋۇتنى چوڭراق ئوقۇتۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق دېگەندەك، كۆتۈرە ئالغان يەرلىرىنى تېرىشتا، ئەمگەك كۈچىدىن قىينىلىپ تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈشكە ئۇنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ، قولىغا كەتمەندىن بىرنى تۇتقازدى، ئاۋۇت دادىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ كەتمەننى نەچچە قېتىم ئۇپۇرتۇپ، نەچچە قېتىم تۆمۈرچى ئۇستىغا ئېلىپ بېرىپ ئايلاتقاندىن كېيىن ئۆزىمۇ چوڭ بولۇپ بىر قىران يىگىتكە ئايلاندى، ئۇنىڭ تەگتۇشلىرى توي قىلىپ ئالدى بىر ئىككى بالىلىقمۇ بولدى، لېكىن يوقسۇزلۇق. . .

بۈگۈن ساۋۇت چورۇق تاڭ سەھەردىن باشلاپ قوناق چاغلاپ كۈن قىزدۇرغىچە ئىشلەپ هارغاندىن كېيىن ئاۋۇتنى ئەگەشتۇرۇپ، ئېتىزلىرىغا سۇ كېلىدىغان ئېرىق بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىغا كەلدىدە ئېچىقنىڭ ئاستىدىكى ئويماندا توختاپ قالغان سۇدا قوللىرىنى يۇيۇپ يوتىسىنىڭ ئۈچىغا قولىنى سۈرتتى، كومزەكتىكى قېتىقنى ئىككى چىنىغا بۆلۈپ، بىر چىنىنى ئوغلىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، ئۇ داستىخاندىكى زاغىرىنى سۇندۇرۇپ ئۇشىشاق ئۇۋۇتۇپ قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى، قورسىقى تويۇپ، ساقال-بۇرۇتىغا چاپلاشقان قېتىق يۇقىلىرىنى ئېرتىپ، «ئاللانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە» رەھمەت ئېيتىپ ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئوغلىغا:

- بۇ يىل زىرائىتىمىز ئوبدان بولدى. خۇدا بۇيرىسا ئەھۋالىمىز خېلىلا ئوڭشۇلۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا كۈزدە سېنىمۇ بىر ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ قويسام دەپ ئويلاۋاتىمەن، -دېدى.

- يەر. بېجى، سۇ پۇلى، نىسىگە ئالغان ئوغۇت پۇللىرىنى تاپشۇرساق، «ئۇ ياردەم» «بۇ ياردەم» دەيدىغان ئالۋاڭلارمۇ بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتسە قالغىنىنى كېلەر يىل يېڭى ئاش چىققىچە يەيدىغان گەپ، مېنىڭچە بولغاندا توي قىلىشقا ئالدىرىماي تۇرساق بولارمىكىن، بىر نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بىر خىيال كاللامغا كىرىۋالدى.

- نېمە خىيال ئۇ، - ساۋۇت چورۇق چۆچىگەندەك ئىتتىك ئوغلىغا قارىدى.

- شۇنچە جان ئادەم مۇشۇ بىر نەچچە مو يەرگە قاراپ ئولتۇرىۋەرمەيلى.

- ئولتۇرماي قانداق قىلىمىز، ئاتا-بوۋىمىزنىمۇ مۇشۇ يەر باققان، خۇدا بىزنىڭ رىسقىمىزنى مۇشۇ يەرگە چاچقان، -دېدى ساۋۇت چورۇق.

- - خۇدا «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دەپتىكەنمىشقۇ، شۇ رىسقنى باشقا يۇرتلاردىن ئىزدەپ كۆرەيمىكىن دەيمىنا؟ !

- ئۆيدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولماقنى ئاسان دەمسەن؟- ساۋۇت ئۇچۇن ئۆيدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتلارغا چىقىش يۆتكىگىلى بولمايدىغان ئېغىر تاغدەك بىلىنەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە ناھىيە تەۋەسىدىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغان بولغاچقا باشقا يۇرتلار ئۇنىڭغا بارسا كەلمەسنىڭ داۋىنىدەك قورقۇنۇچلۇق ئىدى، شۇڭا ئۇ يەنە. بولدى، پۇل دېگەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، قۇرۇق خىياللارنى قىلما، پۇل دېگەن شەيتان، ئۇ قىزىل كۆينەكلىك چوكاندەك ئېزىقتۇرۇپ ئاخىرى داغدا قويىدىغان نەرسە، -دېدى ئۇ ئوغلىغا جىددىي قاراپ.

- دادا، سەن ئۇنداق دېمە، ھاشىم قاسماقنىڭ ئوغلى قاسىم قاسماق چېغىدا شەرمۇ-شەر يۈرۈپ، ئوقەت بىلەن باي بولۇپ، مەھەللىمىزدە بىرىنچى بولۇپ تىراكتور سېتىۋالدى. چىرايلىق پىشايۋانلىق ئۆيلەرنى سېلىۋالدى. مەن شۇ قاسىم قاسماقچىلىق بولالمەيمەنما؟ ! مەنمۇ ئوقەت قىلىمەن، مېنى توسما، -دېدى ئاۋۇت قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ.

- بالام! ئىككى ئاكاڭ بىلەن ئاچاڭ ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، مەن قېرىپ قالدىم، يەرلەرنىڭ ھۆددىسىدىن يالغۇز چىقالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقەت قىلىمەن دېيىش ئاسان، قىلماق قىيىن، بۇنىڭغا دەسمايە كېتىدۇ، بۇ سەندە بارمۇ؟ -دېدى ساۋۇت ‹رۇق.

- ئۇمۇ بىر گەپ بۇلار، بۇنىڭدىن غەم قىلما، يەرلەرنى بىر ئامال قىلىپ تۇرارسەن، گەل-ئاغىنىلەرمۇ قاراپ تۇرماس، ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىڭنى قىلىشىپ بېرەر، -دېدى ئاۋۇت قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك بەلۋېقىنى چىگىتىپ تۇرۇپ.

مۇشۇ گەپلەر بولۇپ، ئىككى ئايدىن

كېيىن، ئاۋۇت ئۆز بېغىدىن چىققان ئىككى تاغار ئۈرۈك قېقى بىلەن ئەل ئاغىنە-ئۇرۇق تۇغقانلىرىدىن چىققان سەككىز تاغار قاقنى قاسىم قاسماقنىڭ تراكتورىغا بېسىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

ئاۋۇت شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن شەھەرنىڭ يەل-يېمىش ساتىدىغان سودىگەرلىرى باھانى تۆۋەن قويۇپ، ھەتتاكى يېزىدىكى باھاغىمۇ چىقمىدى، بۇ چاغدا قاسىم قاسماق:

— سەن بۇ يەردە بۇنى ساتساڭ پايدا ئالالمايسەن، ئالساڭمۇ سۈپۈرىدىكى قۇرۇق ئۈنچىلىكمۇ بىر نەرسە بولمايدۇ. مەن بىر ماشىنا يۈك بېسىپ قويدۇم. ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ سېتىپ كېلىمەن، سەنمۇ شۇ ماشىنىغا قېقىڭنى باس، ئۈرۈمچىدە ئوبدان باھادا سېتىپ بېرىمەن. ھېچبولمىسا يۇرت كۆرۈپ، مېلىڭنىڭ ئۆز باھاسىنى چىقىرىۋالساڭمۇ كۆزۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ، قورقما، ماشىنىنىڭ كىراسىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن،-دەپ ئاۋۇتنى قىزىقتۇردى.

ئاۋۇت ئاخىرى قاسىمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتى، ئاۋۇتنى بىرگە ئېلىۋېلىشتا قاسىمنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق مۇددىئاسى بار ئىدى، بىر نەچچە كۈنلۈك بۇ يولدا ماللىرىنى ئوغرىغا بەرمەسلىك ئۈچۈن يول بويى كېچە-كۈندۈز كۆزەت قىلىپ بارىدىغانغا ئاۋۇتتەك ئىشەنچلىك بىر ئادەم بولمىسا بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ يۈكلەرنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈش، ئۇنى ئۆي ئىچىگە جايلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا بىر تاغارنى ئون-يىگىرمە قېتىم يۈدىمەي تۇرۇپ مالنى قولدىن چىقارغىلى بولمايتتى.

ئۇلار ئۈچ قونۇپ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. يۈكلىرىنى پويىز ئىستانسىغا يېقىن يەردىكى بىر شەخسى قورۇ جايغا چۈشەردى، ئاۋۇتنىڭ ئون تاغار قېقى يۈكنىڭ ئۈستىدە بولغاچقا ئاۋۋال چۈشۈرۈلۈپ، يۈكلەرنىڭ ئاستىغا بېسىلدى، ئاۋۇت تەجرىبىسىز بولغاچقا ھەتتا بۇنىڭدىن قاقلىرىم يۇتۇپ كەتمەي بىخەتەر تۇرىدىغان بولدى دەپ خۇش بولدى. ئۇ كۈندە ئۆينى ساقلاپ ھېچيەرگە بارمىدى، قاسىم كۈندە بازار ئارىلاپ خەۋەردار ئىزدەپ بەزىدە بىر نەچچە خېرىدارنى باشلاپ كېلەتتىدە تاغارلارنى يۆتكەپ ھەر بىرسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قاقلارنى كۆرۈشۈپ، باھا تالىشىپ، بىر باھاغا كېلىشەلمەي قايتىپ كېتىشەتتى، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئاۋۇت تاغارلارنى كۆتۈرۈپ قايتىدىن رەتلەپ قويۇپ، قاسىم بازاردىن ئالغاچ كەلگەن ناننى، ياكى ئارىلاپ ئالغاچ كېلىدىغان سامسىنى يەپ، قورسىقىنى تويغۇزاتتى. ئۇنىڭمۇ بىرىنچى قېتىم كەلگەن بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى ئارىلاپ كۆرۈپ باققۇسى كېلەتتى، لېكىن قاسىم ئۇنى ئۆيدىن يىراققا كېتىپ قالما، ئۈرۈمچىنىڭ ئوغرىسى يامان دەپ قورقۇتۇپ قويغاچقا ئەتكەنچە كىرگەن سوپىدەك، ئۆيدىن چىقماي ئولتۇراتتى.

قاسىم ئاخىرى ئۆزىنىڭ قاقلىرىنى سېتىپ بولدى، ئاۋۇتنىڭ قاقلىرى قالغاندا بىر ئىشنى بانا قىلىپ چىقىپ كېتىپ ئىككى كۈنگىچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئەكىلىپ قويغان نانلىرىمۇ تۈگىدى، قاسىمنى ساقلاپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قورسىقى ئاچقان ئاۋۇت ئۆزى خېرىدار ئىزدەپ باقماقچى بولۇپ ماڭغان يوللىرىغا سەپ-سېلىۋېلىپ، بازار تەرەپكە كەلدى، بازاردا سېتىلىۋاتقان كاۋاپ، سامسىلار، ئاشخانىلاردىن چىقىۋاتقان مېزىلىك پۇراقلار ئۇنىڭ نەپسىنى غىدىقلاپ، ئاچقان قورسىقىنى تېخىمۇ ئاچۇردى. ئاشخانىغا كىرىپ بىر قاچا تاماق ئېلىپ يەي دېسە، مېلى سېتىلمىغاچقا يېنىدا پۇلى يوق ئىدى. ئۇ يەل-يېمىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ يېنىغا بارماق بولۇپ كېتىۋېتىپ بىرسىنىڭ:

— ئاۋۇت! ھەي ئاۋۇت. . . ئاۋۇت چو-رۇق،-دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئاۋۇت

دېگەننى ئاڭلىغان بولسىمۇ مېنىڭدىن باشقىمۇ ئاۋۇت باردۇر دەپ كۆڭۈلشىمىگەن ئىدى. لەقىمىنى قوشۇپ چاقىرغاندىن كېيىن ئەتراپقا قاراپ، بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ:

- ئەمەت پوستەك، - دېدىدە ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ، ئۇزۇندىن بۇيان كۆرمىگەن قېرىنداشنى كۆرگەندەك، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.

بىزنىڭ مىللىتىمىزدە ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا مىراس قالدىغان ئۆزگەرمەس قائىدە بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان لەقەملىرى بولىدۇ، بىزدە تەكرار كېلىدىغان ئوخشاش ئىسىملار كۆپ بولغاچقا ئەجداتلىرىنى پەرق ئېتىش بەزىدە تەسكە توختايدۇ، شۇڭا «سەن كىمنىڭ ئەۋلادى» دېگەن سوئالغا «ئامۇرلاردىن بولىمەن» «چىلانلاردىن بولىمەن» «تايغانلاردىن بولىمەن» «توشقانلاردىن بولىمەن» . . . . دېگەندەك ئەجداتلىرىنىڭ ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان لەقەملىرىنى ئېيتسىلا ئاسان تونۇشۇۋالغىلى بولىدۇ.

ئاۋۇتنى چاقىرغان ئەمەتمۇ ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا تۇگمەندە پوستەكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان مەمەت پوستەكنىڭ ئوغلى بولغاچقا ئەل-ئاغىنىلىرى ئۇنى ئەمەت پوستەك دەپ ئاتايتتى.

ئاۋۇت ئەمەتنى كۆرۈپ، ئۇزۇندىن بۇيان كۆرمىگەن قېرىنداشنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك خۇش بولۇپ، كۆزلىرىدە ياشلىرى غىلدىرلىدى، ئۇ يۇرتىدا بەك يېتىن ئۆتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ تۇغقۇنىنىمۇ ئانچە تونۇماي ھەممىلا ئادەم ئۆز غېمى بىلەنلا يۈرۈيدىغان بۇنداق چوڭ شەھەردە ئۆز مەھەللىكى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش بولۇپمۇ بوگۇنكىدەك قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى قايتىدىن يورۇتتۇتتى.

- يۇرتتىن قاچان كەلدىڭ، يۇرت ئىچى، تونۇش-بىلىش ئەل-ئاغىنە ئۇرۇق-تۇغقانلار تېچلىقمۇ؟ - ئەمەتنىڭ كەينى-كەينىدىن ئۈزمەي سورىغان سوئاللىرىغا ئاۋۇت «تېچلىق . . . تېچلىق» دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى.

- جۇر! ماۋۇ ئاشپۇزۇلغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ئوبدانراق پاراڭ سېلىشايلى، - ئەمەت ئاۋۇتنى ئۇدۇلدىكى ئاشخانىغا باشلىدى، ئۇلار كىرىپ بىكار تۇرغان تاماق جوزىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن كۇتكۇچى كېلىپ دەسمال بىلەن جوزىنى سۈرتۈپ، ئىككى پىيالە چاي قۇيۇپ بېرىپ:

- مېھمانلارنىڭ كۆڭلى قايسى تاماقنى تارتىدىكىن؟ - دەپ سورىدى.

- نېمە تاماق يەيسەن ئاۋۇت؟ - سورىدى ئەمەت ئۇنىڭدىن.

- سەن نېمە يېسەڭ ماڭىمۇ شۇ، نېمىلا بولسا بولىۋېرىدۇ، - دېدى ئاۋۇت ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا تاماق تاللىغۇدەك ماجالى قالمىغانتى، پەقەت چاپسانراق بولسىكەن دەپ ئۈمىت قىلاتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى سەزدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ كەتتىمۇ، ئەمەت:

- ئاش-مانتىدىن ئىككى تەخسە، كەينىدىن سەل تەخىر قىلىپ، ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ ئىككى چىنە سۇيقاش كەلتۈرۈڭ، - دەپ بۇيرىدى ئەمەت كۇتكۇچىگە.

- مانا ھازىر، - كۇتكۇچى دەرھال ئۇستىگە تۆتتىن مانتا بېسىلغان ئىككى تەخسە پولونى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئۇلار پولونى يەپ بولۇپ، بىر چىنىدىن ئاچچىق دەملەنگەن چاينى ئىچىشكەندىن كېيىن ئەمەت:

- قېنى ئاۋۇت بۇ شەھەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ، پاراڭ سېلىپ بەرمەمسەن، - دېدى.

- گەپ قىلسام گەپ ئۇزۇن، - دېدى ئاۋۇت ئېغىر خورسىنىپ، - بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمەي كىمگە دەيمەن. . . .

- مۇنداق دېگىن، - دېدى ئەمەت، ئاۋۇتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ تاماكا چىقىرىپ ئاۋۇتقا تۇتتى، ئاۋۇت چەكمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۆزى بىر تال تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن:

- بۇ جاھاندا پۇل تاپماق سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بىر پۇلنى ئىككى قىلغىچە مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىدىغان گەپ، مەنمۇ مۇشۇ ھالغا كەلگىچە تارتمىغان جاپايىم، كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ بىر ئاز ئەلمى-تەلمىنى ئېلىپ قالدىم، بۇ جاھاننىڭ ئادەملىرى خىلمۇ-خىل، ئوغرىسىمۇ، توغرىسىمۇ بار، ئىنساپلىقىمۇ، ئالدامچىسىمۇ بار ئىكەن، دادامغا ئوخشاش بىر ئۆمۈر ئۇنغا مىلىنىپ بىر چاپاننى ئىككى قىلالماي، غورىبەتچىلىكتە ئۆتۈشنى خالىماي يۇرتتىن چىقىپ بۇ يولغا كىرگەن 9-8 يىلدىن بۇيان چوڭ بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندەك بولدۇم. سودا ئىشىمۇ ئۆز ئالدىغا چوڭ بىر بىلىم ئىكەن، سەنمۇ بۇ يولغا كىرىپسەن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، ساڭىمۇ خۇدانىڭ ئاتىغان رىسقى باردۇر، ئەكەلگەن ماللىرىڭنى مېنىڭ مېلىمغا قوش، ئىچكىرىگە بارىمىز، مېنىڭ ماللىرىم قانچە پۇلغا يارىسا شۇ باھادا پۇلۇڭنى بېرىمەن، ئۆزۈڭگە كۈنىڭنى ھېسابلاپ ھەق بېرىمەن، بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ياردىمىم بولۇپ قالسۇن، - دېدى ئەمەت ئاۋۇتقا.

ئاۋۇت، قاسىم قاسماقنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ كۆرگەن كۈنلىرىنى ئويلاپ: «ئۆز تىلىمىزدا سۆزلەيدىغان ئادەملىرى بار بۇ شەھەردە بۇ كۈنلەرنى كۆردۈم، بىر ئېغىز تىلىنى ئۇقمايدىغان يات مىللەتنىڭ شەھىرىگە بېرىپ، ئەمەتمۇ قاسىمدەك تاشلىۋەتسە قانداق قىلارمەن» دەپ بىر ئاز ئارىسالدى بولغاچقا دەرھال ئىپادە بىلدۈرمىدى.

- ئەنسىرەۋاتامسەن، قورقما! مەن ھارام قاسماق ئەمەس، ھالال پوستەكمەن، گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن، مەجبۇرلىمايمەن، ئىختىيار ئۆزۈڭدە.

- بولىدۇ، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، تەلىيىمنى بىر سىناپ كۆرەي- دېدى ئاۋۇت ئاخىر قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ،.

ئەتىسى ئۇلار ئاۋۇتنىڭ مېلىنى يۆتكەپ ئەمەتنىڭ جەنۇبىي جۇڭگو تەرەپكە يۆتكەش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ماللىرىغا قوشتى، قاسىم قاسماق مال قويغان ئۆينىڭ ئىجارىسىنىمۇ تۆلىمەي قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئىجارىسىنىمۇ ئەمەت تۆلىۋەتتى.

ئاۋۇت ئەمەتكە ئەگىشىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى بىر ئايدىن ئوشۇق ئايلىنىپ سودىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ سودىسى ئوبدان بولغاچقا تەڭگە-تەڭ پايدىغا ئېرىشتى، ئەمەتمۇ ۋەدىسى بويىچە ئاۋۇتقا تېگىشلىك پۇلنى ھېسابلىغاندا ھەيرانلىقتىن ئاۋۇتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، تىلى گەپكىمۇ كەلمەي قالدى، ئۆمرىدە يېزىدا ئىشلەپ بۇنچىلىك پۇلنى كۆرۈپ باقمىغان ئاۋۇت مۇشۇ پۇللار راس مېنىڭمىدۇ دەپ كۆز-قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئەمەت:

- سودا دېگەن مۇشۇنداق بىر ئىش. ئەپلىشىپ قالسا بىر مۇنچە پايدا قىلىدۇ، ئەپلەشمىسە زىيانمۇ قىلىدۇ، پايدىنى كۆرۈپ كۆرەڭلىمەي، زىيان تارتقاندا دۇمچۇيىۋالمىسىلا تارتقان جاپاغا چۇشلۇق بىر ئىش بولىدۇ، ئەمدى بىز پۇلنى پۇل پېتى ئېلىپ ماڭماي، بازىرى ئىتتىك ماللاردىن شىنجاڭغا ئېلىپ كېتەيلى، بۇ يولنى قۇرۇق ماڭمايلى-دېدى ئەمەت.

شۇ مەسلىھەت بويىچە ئۇلار شىنجاڭغا كېرەكلىك ھەر خىل ماللاردىن ئېلىپ بىر-مۇنچە-يۈك-تاق بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنتى.

ئۇلار ئەكەلگەن ماللىرىنى ئۈرۈمچى ۋە ھەر قايسى شەھەرلەردىن مال ئېلىشقا كەلگەن سودىگەرلەرگە توپ سېتىپ بىر ھەپتىدىلا پۇل

قىلىپ بولدى. بىقىنى پۇل بىلەن تومپايغان ئاۋۇتنىڭ ئۆز يۇرتىغا قانات چىقىرىپ ئۇچقىسى كەلدى، دادىسى بىلەن ئانىسىغا تاپقان پۇللىرىنى كۆرسىتىپ خۇشاللىقىغا ئۇلارنىمۇ تەڭ شېرىك قىلغۇسى، يېنىدىن چىقماي ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ كەتمەننىڭ مىراسخورى بولۇپ يۈرگەن ئەل-ئاغىنىلىرىگە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ ئۇلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى سەزگەن ئەمەت:

- ئاۋۇت! يۇرتقا قايتايلى، سەن ئاتا-ئاناڭنى خاتىرجەم قىلىپ، كېلەر نۆۋەتلىك سودىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ تۇر، مەن دادامنى ھەج تاۋاپ قىلدۇرۇپ كېلەي، بىچارە دادام يېزىدىن چىقماي بىر تۆگمەننى ماكان قىلىپ مۇشۇ كۈنگە كەلدى، جاھاننىڭ چوڭلىقىنى بىر كۆرسۇن، مەنمۇ ئۇنىڭ دۇئاسىنى بىر ئالاي، - دېدى.

شۇ مەسلىھەتتىن كېيىن ئۇلار سوۋغا-سالاملىرىنى ئېلىپ، پۇللىرىنى بېلىگە تېڭىپ ئۆز يۇرتىغا راۋان بولدى.

- پاھ! ئاغىنىلەر بۇ جاھاننىڭ كەڭلىكىنى ئۆز-كۆزۈڭلەر بىلەن كۆرمىسەڭلەر بىلمەيسىلەر، پويىز بىلەن بىر قانچە كېچە-كۈندۈز مېڭىپمۇ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە چىقالمىدىم. . .

- شۇنداق چوڭ بولمىسا جۇڭگودىكى شۇنچىۋالا ئادەم نەگە سىغىدۇ، - دېدى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ يېزا مەكتىپىدە مۇئەللىم بولغان مەتتوختى، ئاۋۇتنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

- نەگە سىغىدۇ دەمسەن؟! يىگىرمە-ئوتتۇز قەۋەتلەپ ئۆي سېلىپ ئاسمانغا سىغدۇرۇۋېتىپتۇ. كوچىلىرىغا ئادەم سىغمايدىكەن، بەزى كوچىلاردا ئادەمنىڭ پۇتىنى يەرگە تەككۈزمەي خېلى يەرگىچە كۆتۈرۈپ كېتىدىكەن، ئويۇن-تاماشا دېگەن شۇ يەردىكەن. . .

- راسا ئوينىۋاپسەندە، - دېدى يېنىدا بىر

تېمىن پۇلى بولمىسىمۇ بازار ئويناشتىن قالمايدىغان تۇرەك بازارچى.

- سەنمۇ بىر ئويناپ كەلمەمسەن تۇرەك، - دېدى ياندا ئولتۇرغانلاردىن تۆگە لەقەملىك بىرسى لوقما سېلىپ.

- سېنى مىنىپ بېرىپ ئوتۇن ئارتىپ كېلىدىغان توغراق ساي دەمسەن ئۇ يەرنى، ئۇ دېگەن يانچۇقىدا مونەك - مونەك پۇلى بار ئاۋۇت بايدەك ئادەملەر بارىدىغان جاي، ھى. . . ھى. . .

تۇرەك بازارچىنىڭ «مونەك-مونەك پۇلى بار ئاۋۇت باي. . .» دېگەن گېپى ئاۋۇتنىڭ قۇلىقىغا ياغدەك يېقىپ مەرتلىكى تۇتۇپ كەتتى، ئۇ يانچۇقىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ:

- قېنى ئاغىنىلەر، بىرەر تالدىن چېكىڭلار، ئامېرىكىنىڭ تاماكىسى، - دەپ ھەممىسىگە تاماكا تۇتتى، ئامېرىكىنىڭ تاماكىسى دېگەننى ئاڭلاپ چەكمەيدىغانلارمۇ بىرەر تالدىن ئېلىشتى، ئاۋۇت ئۆزىمۇ ئاغزىغا بىر تال قىستۇرغاندىن كېيىن گاز چاقمىقىنى چىقىرىپ تارىسىدە ياندۇرۇپ باشقىلارنىڭ تاماكىسىنىمۇ تۇتاشتۇرۇپ بەردى.

- پاھ ئامېرىكىنىڭ تاماكىسى دېگىن پۇلىمۇ خېلى باردۇر بۇ نېمىڭنىڭ، - دېدى تۇرەك بازارچى خۇشامەت بىلەن ھېجىيىپ.

- پۇل دەپقاپسەنغۇ، بۇ قانچىلىك نېمىتى، ئەمما بۇنىڭ پۇلىغا سېنىڭدەك ئون ئادەم ماڭا بىر كۈن ئىشلەيدۇ، - دېدى ئاۋۇت كۆرەڭلەپ.

- چېكىشىڭ شۇنداق قىممەت تاماكا بولسا پۇلىمۇ راسا تاپقان ئوخشايسەن، بۇ پۇللارنى قانداقمۇ خەجلەپ بولارسەن، - دېدى روزى تومپاي.

- بۇ قانچىلىك پۇلتى، يەنىمۇ تاپىمەن تېخى، پۇلنى راسا تېپىپ ئاتا-ئانامنى ئېلىپ ھەج تاۋاپ قىلغىلى بارىمەن، ماۋۇ قىيسىق ئۆيلەرنى چېقىۋېتىپ شەھەرنىڭ ئۆيلىرىدىن قېلىشمىغىدەك قىلىپ نەچچە قەۋەت ئۆي سالىمەن، مەھەللىمىزنىڭ مەسچىتىنى يېڭىلاپ

باشقىدىن سالىمەن، مائارىپقىمۇ ياردەم قىلىمەن، پۇل دېگەننى تاپسالىڭ خەجلەيدىغان نى-نى ئىشلار بار، — دېدى ئاۋۇت ماختىنىپ، ئاۋۇت ئاتا-ئانىسىغىمۇ «سىلەرنى ھەج قىلدۇرۇپ كېلىمەن» دەپ ۋەدە قىلىپ، بەكمۇ خۇش قىلىۋەتكەن ئىدى. بىچارىلەر ئوخلىسا چۈشىدىمۇ ھەج سەپىرىنى كۆرۈپ، ئويغانغان ھامان بىر-بىرىگە چۈش ئۆرۈپ، شېرىن خىياللارغا پاتاتتى...

ئاۋۇت ئەل-ئاغىنىلىرىنىڭ دىلىغا بىر پارچە ئوتنى يېقىۋەتتى، ئۇلار ئاۋۇتنىڭ سودا قىلىپ پۇل تاپقىنىنى كۆرۈپ بەزىلەر ھەسەت قىلسا، بەزىلەر ھەۋەس قىلاتتى، بەزىلەر ئۇنىڭغا خۇدا بېرىپتۇ دەپ ئۆزىگە بەرمىگەن خۇدادىن نارازى بولىشاتتى، ئاۋۇتمۇ ئۇلارغا كۆرگەن راھەتنى، تاپقان پۇلىنى سۆزلىگەن بىلەن تارتقان جاپاسىنى، ئۈرۈمچىدە ئاچ قالغانلىرىنى، ماللىرىنى پۇل قىلىپ بولغىچە قاپ يۈدۈپ بەللىرىنىڭ دوك بولۇپ كەتكەنلىرىنى، ئاددىي چوڭ شەھەردە ھاجەتخانا تاپالماي ئىشتانغا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرى چۈشكەن مېھمانخانىغا ئاران كېلىۋېلىپ، ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ تازىلانغانلىرىنى ئەل-ئاغىنىلىرىگە ئېيتىپ بەرمىدى. تاپقان پۇلىنىڭ تېخى ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۆزىلا بىلەتتى، ئەمەت ئىنساپ قىلىپ ئۇنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بەرگەن پۇلى بىلەن قاق سېتىپ ئالغان پۇلى تايىنلىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ يېزا دېھقانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ پۇل ئاز ئەمەستى.

ئەمەت ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگىچە ئاۋۇت ئۇ يان-بۇيان چېپىپ يۈرۈپ بىر نەچچە تونىنا ئۈرۈك قېقى، ئۈزۈم قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تەييارلاپ بېسىپ قويدى، ئۆتكەن نۆۋەت قاق-جىگدىلىرىنى نېسىگە بەرگەنلەر ئاۋۇتتىن پۇللىرىنى پاتلا تاپشۇرۇپ ئالغاچقا قالغان ماللىرىنىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك تاپشۇرۇپ بېرىشتى. يېتەرلىك مال توپلىۋالغان ئاۋۇت، ئەمەت قايتىپ كېلىپ ھاردۇقىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەمەتنىڭ ئىنىلىرى ئەمەت قايتىپ كەلگىچە يىغىپ قويغان ماللىرىغا قوشۇپ ئىككى ماشىنىنى كىرا قىلىپ سەپەرگە ئاتلاندى.

ئەمەت سودىدىكى ھالاللىقى بىلەن ئىچكىرىدىكى بىر قانچە شەھەرلەردە سودا ئورۇنلىرى، شەخسى سودىگەر بىلەن دوستلۇق ئورنىتىۋالغان ئىدى. شۇڭا قايسىلا شەھەرگە بارسا تەمتىرەپ قالمايتتى.

ئۇلار بۇ قېتىم ماللىرىنى گۇاڭجۇغا ئېلىپ باردى. ماللىرىنى بىر سودا ئىدارىسىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە بىراقلا توپ ئۆتكۈزىۋەتتى، شىركەت مالنىڭ پۇلىنى 15 كۈندىن كېيىن بەرمەكچى بولغاچقا، بۇلار شەھەردە پۇلنى ساقلاپ تۇرۇپ قالدى، ئەمەتنىڭ باشقا شەھەردە بىر ئىشى بولغاچقا ئاۋۇتنى بۇ يەردە قويۇپ سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭغا:

— ئاۋۇت مەن سېنىڭدىن يەتتە-سەككىز ياش چوڭ، بۇ يولنى مەن كۆپ مېڭىپ، ئىسسىق-سوغۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ، بىر ئاز تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم، شۇڭا مەن كەلگىچە ئۆزەڭ يالغۇز ئۇيان-بۇيان كۆپ ماڭما، بۇ شەھەردە ھەر خىل ئادەملەر كۆپ، ئېھتىيات قىلمىساڭ داغدا قالىسەن، تېچ-ئامان يۇرتىمىزغا قايتىۋالايلى، — دەپ نەسىھەت قىلىپ، خاتىرجەم بولالمىغان ھالدا يولغا چىقىپ كەتتى.

ئاۋۇت ئەمەتنىڭ گەپلىرىگە ئاغزىدا ھە دەپ قويغان بولسىمۇ، ئانچە ئېرەڭشىپ كەتمىدى، ئۇ بىر ئىككى كۈنگىچە يىراق-يېقىنغا بارمىغان بولسىمۇ، ئۈچىنچى كۈنى زېرىكتى، شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ قورسىقى ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ بىر ئارقا كوچىدىكى مۇسۇلمان ئاشخانىسىنى تېپىپ، ئىشىكتىن كىرىپلا بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئۇيغۇرلارغا كۆزى چۈشۈپ ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا سۆزلىشىۋاتقان بۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا گۈل كۆرۈنۈپ كەتتى، خەنزۇ تىلىنى بىلمىگەچكە

ئەمەتتىن باشقا ئادەم بىلەن گەپ سۆز قىلىشماي ئايلاپ ۋاقتىنى ئىچ-پۇشۇقى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاۋۇت بۇلارغا سالام بېرىپ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى، ئۇلار ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. ئۇ ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا سەپسېلىپ بىر-بىرىدىن ياش پەرقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى، ئالدىنىڭ 50-60 ياش، كەينىنىڭ 14-15 ياشلىق ئۆسمۈرلەر ئىكەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار بىر نەچچە بوتۇلكا ھاراق بىلەن بىر قانچە خىل قورۇمىنى ئالدىغا تىزنۇېلىپ ,ھاراق ئىچىشىۋاتقان ئىكەن، ئۆزىنىڭ ھاراقكەشلەر ئارىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزگەن ئاۋۇت بىر ئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدى، ئۆمرىدە ھاراقنى ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغان ئاۋۇت 14-15 ياشلىق باللارنىڭمۇ ئۆز نۆۋىتىنى ئۆتكۈزمەي غورتۇلدۇتۇپ ئىچىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سەسكىنىپ كەتتى، قاتىرىسىغا ئىچىپ ئۇنىڭغىمۇ نۆۋەت كېلىپ قالدى.

- ئىسمىڭ نىمتى سېنىڭ؟ باياتىن سېنىڭ ئىسمىڭنىمۇ سورىماپتۇق، ئالە ماۋۇ رومكىنى، بۇگۈن رىسقى سۆرەپ كېلىپتۇ سېنى، - دېدى ياشتا ئەڭ چوڭ ساقاللىق ئادەم.

«ساقىلىنى بىر باغ بىدىدەك قىلىپ، ياش باللارنىڭ ئارىسىدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغىنىنى» دەپ ھەيران قېلىپ، ئىچىدە توۋا قىلىپ ئولتۇرغان ئاۋۇت ئۇنىڭ ھاراق سۇنغىنىدىن ئەندىكىپ كەتتى.

- ئىسمىم ئاۋۇت، مەن ئەزەلدىن بۇ نەرسىنى ئىچىپ كۆرمىگەن، خاپا بولمىسىلا تاغا، مەن ئىچمەي،- دېدى ئاۋۇت قوشخانىغا سۆرىگەن قويدەك كەينىگە تىرەجەپ.

- ئىچىپ كۆرمىگەن بولساڭ ئەمدى ئىچىپ كۆرمەمسەن، بۇنى ئىچمىگەن بولساڭ تېخى ئادەم بولماپسەن، پۈتۈن جاھاننىڭ خوۋلىقى مۇشۇنىڭدا، خوتۇن كىشى جېنىدا ئىچىدۇ بۇنى، سەن شۇ خوتۇنلارچە بولالامسەن؟ ئاناڭ ساڭا ياغاچ شۇمەك سالمىغانمۇ؟

ساقاللىقنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى. « ئۇنى ئىچمىگەن بولساڭ ئادەم بولماپسەن» دېگىنى نېمىسى، ئۇنداقتا ئانام بىلەن دادام بۇنى ئىچمەي مۇشۇ ياشقا كەلدى، ئۇلار ئادەم بولمىدىما دەپ ئويلىغان ئاۋۇت « خوتۇن كىشىچە بولالامسەن» دېگەن سۆز يىگىتلىك غورۇرىغا تېگىپ رومكىغا قانداق قول سۇنغانلىقىنىمۇ تويماي قالدى. ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپلا كۆزىنى يۇمۇپ بىراقلا يۇتىۋەتتى. ھاراقنىڭ ئاچچىق بۇسى ئۇنى يۆتەلدۈرۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىۋەتتى، ئەتراپتا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

- راسا سەھرالىق تومپايكەندە، بىر رومكا ئىچكەنگە بوپكەتكەن ھالىنى، - دېدى زاڭلىق قىلىپ 14-15 ياشلاردىكى بالا.

- ساڭا ئوخشاش بۆشۈكىدە يېتىپلا دادىسى بىلەن ئۇلپەت بولمىغاندە ئۇ، - دېدى چاچلىرى مورىسىگە چۈشۈپ تۇرغان يىگىرمە بەش ياشلاردىكى قىڭغىراق بۇرۇن بىرسى.

ئاۋۇتنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى كىرىپ تۇرسىمۇ، ئاچ قورساققا ئىچكەن ھاراق پۈتۈن بەدىنىنى قىزدۇرۇپ، ئىچىدە بىر پارچە ئوت كۆيىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

- پۇل تاپقان بىلەنلا ھېساب ئەمەس، تاپقان پۇلنىڭ مېغىزىنى چېقىشنى بىلىش كېرەك. بۈگۈن تونۇشۇپ قالدۇق، تاماشا دېگەن ئالدىمىزدا، بىز بىلەن بىللە بولساڭ تېخى چۈشۈڭگىمۇ كىرمىگەن، خان-شاھزادىلەرمۇ ئارزۇ قىلىدىغان ھوزۇر ھالاۋەتلەرنى كۆرسەن، - دېدى ساقاللىق.

ئاۋۇت بىر نەچچە رومكا ئىچكەندىن كېيىن ئۆينىڭ تۆرت تېمى چۆرگىلەپ ئۆزى خۇددى پەيدەك، ئاسماندا ئۇچىۋاتقاندەك بىلىندى، ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايلىرىمۇ غەلىتە كۆرۈنۈپ، قىلىنىۋاتقان گەپ-سۆزلەرمۇ يىراق بىر يەردىن كېلىۋاتقان ئاۋازدەك غۇۋا

ئاڭلىنىشقا باشلىدى. . .

ئاۋۇت ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ كېيىمى بىلەنلا كارۋىتىدا ياتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى كۈنى هاراق ئىچكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، ياتاققا قانداق قايتىپ كەلگەنلىكىنى پەقەتلا يادىغا ئالالمىدى، كۆڭلى ئېلىشىپ، باشلىرى چىڭقىلىپ ئاغرىپ تۇراتتى. سائەتكە قاراپ ۋاقىتنىڭ چۈشتىن كېيىنكى تۆرت بولغانلىقىنى كۆردى. قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى كوركىراپ تۇرسىمۇ كۆڭلى ئېلىشىپ تۇرغاچقا بىر نەرسە يېگۈدەك رەۋىتىمۇ يوق ئىدى، شۇ ئەسنادا ئىشىك چېكىلدى، ئاۋۇت تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، غالداڭشىپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ، ئالدىنقى كۈنى ئاشخانىدا تونۇشقان ئۇزۇن چاچ، قىڭغىراق بۇرۇننىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— تېخىچە ئۆيدىن چىقماي ياتقان ئادەممۇ سەن، بىز بۇ چاقتا نۇرغۇن ئوقەت قىلىۋەتتۇق، — دېدى ئۇزۇن چاچ ئالدىغا چۈشۈۋالغان چېچىنى سىلكىپ كەينىگە قارىۋېتىپ.

— مېنى ئاخشام كىم ئەكىلىپ قويدى؟ — سورىدى ئاۋۇت .

— كىم بولاتتى؟! ئاكاڭ قارىغاي بولمامدۇ، ئۈچ-تۆت رومكا ئىچىپ قويغانغا بولۇپ كەتكەن هالىڭنى قارا سېنىڭ، خوتۇن كىشى جېنىدا بىر-ئەر بوتۇلكىنى ئۇسۇلۇق ئىچكەندەك ئىچىۋېتىپ، هېچنەرسە بولمايدۇ، تۆگىدەك بويۇڭ بولغان بىلەن، خوتۇن كىشىچە هالىڭ يوق نەرسىكەنسەن، جۇرمەن بىلەن، بۈگۈن ئويۇنىڭ چوڭى بار تېخى، — دېدى ئۇزۇن چاچ.

— نەگە؟

— بارغاندا بىلىسەن.

— بۈگۈن بارغۇدەك هالىم يوق.

— هالىڭنى بىردەمدە ئوڭشايمىز، سېنى ئادەم ئېتىپ چاقىرىپ كەلدىم، باشقىلار ساقلاپ قالدى.

ئۇزۇن چاچ ئاۋۇتنى ئىختىيارىغا قويماي سۆرەپ ماڭدى، ئۇلار كوچىلارنى ئايلىنىپ، خىلۋەت بىر ئارقا كوچىغا كېلىپ، بىر هويلىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. هويلىنىڭ قارا سىرلانغان قوش قوۋۇق ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى تاش شىر زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار ئىشىكنى ئۇرغاندا قارارەختتىن ئىشتان-چاپان، پۇشقىقىنى بوغۇپ پۇتىغىمۇ قارا خەي كەيگەن بىر موماي ئىشىكنى ئاچتى، بۇ هويلا تاشقىرىقى ئىشىكتىن كىرگەندە ئۈچ ئېغىزلا ئۆيى بار كىچىككىنە هويلا ئىدى، چەتتىكى ئۆيگە كىرىپ تامغا يۆلەنگەن كىيىم ئىشكاۋىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى مەخپىي ئىشىكتىن ئۆتكەندە تارغىنە كارىدور بىلەن ئۆتۈپ چاققانغىنە بىر زالغا كىرگىلى بولاتتى. زالنىڭ ئىچى هەشەمەتلىك ياسالغان بولۇپ، دېرىزىلىرى قېلىن پەردىلەر بىلەن هىم چۈمكەلگەنتى، يېرىم يالىڭاچ كۆتكۆچىلەر ئويان-بۇيان مېڭىشىپ ئىچىملىك كەلتۈرۈپ، رومكىلارغا هاراق قۇيۇپ يۈرۈشەتتى. ، توردىكى سافادا ساقاللىق بوۋاي يېرىم يالىڭاچ بىر قىزنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان بولۇپ ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاپ، قىچىغداپ ئوينىشاتتى، قىزمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ غىلجىڭداپ، بويىنىغا گىرە سېلىپ ساقاللىرىنى ئويناپ ئولتۇراتتى.

ساقاللىق ئاۋۇتنى قولى بىلەن شەرەتلەپ يېنىغا چاقىردى. بۇنداق مەيدانلارنى كۆرۈپ باقمىغان ئاۋۇت يۈزلىرى شالپەردەك قىزىرىپ، يانغا قارىغىنىچە بوۋاي تەرەپكە سۈرۈلدى.

— قېنى يىگىت يېنىمدا ئولتار، بۇ دېگەن تاپقان پۇلنىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان يەر، بۇ قانجۇقلار بىزنىڭ پۇلىمىزنى كۆزلەيدۇ شۇڭا بىز بۇ يەردە نېمە قىلغىمىز كەلسە شۇنى قىلىمىز، سەنمۇ ئەركىن ئازادە ئوينا، مۇشۇنداق ئويناپ كۈلۈپ جاننى خوش قىلىشنى دېمىسەك يۈرتىمىزنى تاشلاپ كەلگىدەك نېمە بار دەيسەن بۇ يەردە، ئالە رومكىنى قولۇڭغا، قانغىچە ئىچ، — دېدى ساقاللىق.

— ئاخشام ئىچكەن هاراق بىلەن تېخىچە

كۆڭلۈم ئاينىپ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، بۈگۈن ئىچمەي،- دېدى ئاۋۇت.

- هاراق چىشلىشىۋالغان گەپ، بۇنى هاراق يېشىدۇ، ئىچسەڭ ساقىيىسەن.

ئاۋۇتنىڭ كۆڭلى ئاينىپ سەسكىنىپ تۇرسىمۇ ساقاللىقنىڭ زورلىشى بىلەن بىر رومكا ئىچتى، ئاچ قورساققا ئىچكەن هاراق بىر دەمدىلا ئۇنى قىزىتىپ كۆڭلى ئاينىغىنى سەل بېسىلغاندەك بولدى. پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان توخۇ - بېلىق گۆشلىرى ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ، هاراقتىنمۇ بىر نەچچە رومكا ئىچىۋەتتى، ئۇنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، ئاياللارغا قاراپ ھېجايغىلى تۇردى.

- ماڭا قارا يىگىت،- دېدى ساقاللىق ئاۋۇتقا،- بۈگۈنكى بۇ بەزمىنىڭ چىقىمى سېنىڭ ئۈستۈڭدە، نېمە چەكچىيىسەنغۇ؟! سېنى كۈندە مېھمان قىلىۋېرىدىغان ئاتاڭنىڭ ئېرى ئەمەس بىز، چىقار مىڭ سومنى،- ساقاللىقنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇزۇن چاچ بىلەن يەنە بىر تەمبەل كەلگەن، يوغان باشلىرى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدىغان بىرەيلەن ئاۋۇتنىڭ يېنىدا تەييار بولۇپ، ساقاللىق هايت دېسىلا ئاۋۇتقا ئېتىلىدىغان ئىتلاردەك ھومۇيۇپ تۇرۇشتى، بۇلار بىلەن قارشىلاشسا زىيان تارتىدىغانلىقىنى سەزگەن ئاۋۇت ھەممە يانچۇقىنى ئۆرۈپ ئاز كەم مىڭ يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ساقاللىققا بەردى.

- ئەمدى بولدى، بۇ يۇرتتا ھىمايىچىڭ بولمىسا كۈن ئالالمايسەن، بۈگۈندىن باشلاپ سەن بىزنىڭ ھامىلىغىمىزغا ئۆتتۈڭ، ھېچكىم سېنى بوزەك قىلالمايدۇ. لېكىن سەن بۇنىڭ ھەققىگە ۋاقتى- ۋاقتىدا بەدەل تۆلەپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. بىزنى كىم دەۋاتامسەن، قوشۇن دەپ ئاتىلىدىغان بولغىيتتىڭ، قوشۇن دېگەن مانا بىز شۇ، ئەمدى خالىغىنىڭچە كۆكۈل ئاچ، تانسا ئوينا، هاراق ئىچ، ماۋۇ قىزلار بىلەن خالىغىنىڭنى تاللاپ، خالىغان ئىشىڭنى قىلساڭ بولىۋېرىدۇ، بۇلار بۈگۈن بىزنىڭ پۇلىمىزنىڭ قۇللىرى. . .

ساقاللىق گېپىنى تۈگىتىپ ئېتىكىدىكى قىزنى باشلاپ يانىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئاۋۇت ئەسلىدىمۇ بىر ئاز قىزىپ قالغانىدى، بىر مۇنچە پۇلىمۇ ساقاللىقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پۇلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا تېخىمۇ قىزىپ كەتتى، دېھقان بالىسى ئۈچۈن مىڭ يۈەن ئاز پۇلمۇ؟

ئۇ شۇنچىلىك پۇلنى سېلىپ بەرگەندىن كېيىن مەنمۇ راسا بىر ئوينىۋالاي، بۇلاردىن مېنىڭ نەرىم كەم دەپ ئويلىدىدە بۇلار نېمە قىلسا ئۇمۇ دوراپ قىلىشقا باشلىدى، ئۆمرىدە تانسا تۈگۈل قىزلارنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان ئاۋۇت بىر قىزنى بېلىدىن قۇچاقلاپ كەلسە- كەلمەس ئايلاندۇرغىلى تۇردى. . .

ئاۋۇت ئەتىسى ئويغانغاندا ئۆزىنىڭ بىر قىزنىڭ قوينىدا قىپ- يالىڭاچ ياتقانلىقىنى، ئۇ قىزنىڭ قوللىرىنىڭ ئۆز بويىنىغا گىرە سېلىنغىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قىزنىڭ قوللىرىنى بويىنىدىن ئاجرىتىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ قىز يانغا ئۆرۈلۈپلا ئۇخلاپ قالدى، ئاۋۇت يەردە چېچىلىپ تۇرغان كىيىملىرىنى تېرىشتۇرۇپ كەيدىدە ئۆيدىن چىقىپ كىرگەن يولى بىلەن ئالدىنقى هويلىغا ئۆتكەندە ھېلىقى ئىشىك ئېچىپ بەرگەن موماي هويلىدا بىر نەرسىلەر قىلىپ يۈرەتتى، ئۇ ئاۋۇتقا بىر نەرسىلەر دېگەن بولسىمۇ ئاۋۇت ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقمىغان بولغاچقا پەرۋا قىلماي كوچىغا چىقىپ كەتتى، بەلكىم ئۇ موماي ئۇنى پات- پات كېلىپ تۇر دېگەن بولسا كېرەك.

ئاۋۇت كوچىغا چىققاندىن كېيىن بىر نەچچە تار كوچىدىن ئايلىنىپ ئالدى كوچىغا چىقتى، يانچۇقلىرىنى ئاقتۇرۇپ يېنىدا كوچا ئاپتوبۇسىغا بىلەت ئالغىدەكمۇ پۇلىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ يولنىڭ چېتى بىلەن پىيادە مېڭىپ كەتتى. ئۇ ياتىقىغا يېتىپ كەلگەندە چۈش قايرىلغان ئىدى، ئىشكتىن

كىرىپلا تەقەززارلىق بىلەن ساقلاپ ئولتۇرغان ئەمەتنى كۆردى.

ـ نەگە باردىڭ؟ ئاخشام قايتىپ كەلسەم ياتاقتىمۇ كەلمىدىڭ، ئەندىشە قىلىپ قىلمىغان خىياللىرىم قالمىدى، ـ دېدى ئەمەت.

ـ بىر يەرگە بارغانتىم، شۇلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم، ـ دېدى ئاۋۇت روھسىز هالدا.

ـ كىملەر ئۇ، سەن بۇ شەهەردە هېچكىمنى تونۇمايتتىڭغۇ؟

ـ كېيىن دەپبېرەي، هازىر قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، ئاۋۋال تاماق يەيلى، ـ دېدى ئاۋۇت.

ـ بوپتۇ جۇر، تاماق يەيلى، مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچتى، ـ دېدى ئەمەت، ئۇلار بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇپ قورساقلىرىنى توقلىغاندىن كېيىن ئەمەت:

ـ بىر يەردە هاراق ئىچكەن ئوخشايمەن، سېنىڭدىن گۇپۇلدەپ هاراق پۇراپ تۇرىدۇ، ـ دېدى ئاۋۇتنىڭ كۆزلىرىگە ئىچىنىش نەزەرىدە تىكىلىپ.

ئاۋۇت ئاشخانىدا بىر نەچچە ئۇيغۇرنى كۆرۈپ قانداق خوش بولغانلىقىنى، زۇۋاندا شلار بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنى هاراققا زورلاپ ئىچىرگەنلىكىنى، ئەتىسى ياتاققا ئىزدەپ كەلگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردى ئەلۋەتتە پۇل بەرگەنلىكىنى، قىزنىڭ قوينىدا ياتقانلىرىنى ئەمەتكە ئېيتمىدى.

ـ هوي، سەن قوشۇننىڭ ئادەملىرىگە ئۇچراپ قالغاندەك تۇرىسەن، بۇ يامان بوپتۇ، بىز ياتاقنى يۆتكەيلى، ئۇلار ياتىقىڭنى كۆرىۋالغاندىن كېيىن هەرگىزمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ، بۇلار خەلقنىڭ يانچۇقى بىزنىڭ بانكىمىز دەپ يۈرۈيدىغان ئوغرى، بۇلاڭچى قۇلاق كەستىلەر. ئەسلى-ۋەسلىڭنى قۇرۇتىۋەتمىگىچە سېنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزسەك پۇلىمىزمۇ قولغا تېگىدۇ. بىز بۇ يەردىن پاتراق كەتمىسەك بولمايدۇ. قوشۇننىڭ ئادەملىرىنىڭ قانچىلىك ئەسكىلىكىنى سەن بىلمەيسەن، ـ دېدى.

يۇقىرقى ئىشلار بولۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇلار شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىدىغان ماللىرىنى پويىزغا بېسىپ يولغا چىقىپ كەتتى.

ئاۋۇت يۇرتىغا قايتىپ كەلگىلى بىر-ئاي بولۇپ قالدى، بۇ بىر ئاي جەريانىدا ئۇ زېرىكىشلىك هېس قىلىپ قالدى، ئۇ هېلىقى مەخپى ئۆينى، ئۇ ئۆيدىكى بەللىرىنى تولغاپ ناز قىلىپ يۈرگەن يالىڭاچ قىزلارنى پەقەتلا ئۇنتۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى، ئارىلىقتا تۇرەك بازارچى بىلەن بازارغا بېرىپ ئانچە-مۇنچە هاراقمۇ ئىچىپ باقتى، ئېرى هاشارغا كەتكەن بىر-ئىككى چوكاننىڭ ئۆيىدە قونۇپمۇ باقتى، لېكىن يەنىلا هېلىقى يالىڭاچ قىزلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

ئۇ ئەمەتنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا سەپەرگە چىقىش ئارزۇسىنى ئېيتتى.

ـ بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىزمۇ قۇرۇق يەل-يىمىش سودىسى، يەل-يىمىش هازىر ئاخىرلىشىپ قالدى، باهاسىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. ئەمدى يىغىپ ئېلىپ بارساق جىق پايدىغا ئېرىشالمايمىز. شۇڭا يېڭى مېۋە چىققىچە كۈتۈپ تۇرايلى، ـ دەپ جاۋاب بەردى ئەمەت.

ـ بۇ يەردە بىكار يېتىپ زېرىكتىم، چوڭ شەهەرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ سەهرادا تۇرۇش ماڭا دوزاقتا تۇرغاندەك تەس كېلىۋاتىدۇ. مال ئېلىپ بارمىساقمۇ پۇل ئېلىپ بېرىپ مال ئېلىپ چىقايلى، ـ دېدى ئاۋۇت.

ـ مال ئېلىپ كېلىپ دۆلەت سودا قىلىۋاتقانلار كۆپىيىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن پايدا ئالمىغىمىز تەس، سەن بىلەن بىز تاش سانىغىچە كىشلەر قوم سانايدۇ. بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە دېگەندەك، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ بىلگەن يولىمىزدا ماڭغىنىمىز تۈزۈك.

ئەمەتنىڭ قوشۇلمىغىنىنى كۆرگەن ئاۋۇت لاسىدە بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلسە دادىسى ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ

ئۆيگە كىرىشكىلا:

— بالام كەلدىڭمۇ، ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ بېشىڭنى ئوڭلاپ قويايلى دېگەن نىيەتكە كەلدۇق. بۇرۇن قولىمىز قىس ئىدى، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاز-پاز پۇللۇقمۇ بولۇپ قالدۇق، خەقنىڭ ئىشىكىگە تۇغۇشلۇق قىز سوراپ بارالايمىز، قانداق، بىزنىڭ گېپىمىزگە قوشۇلامسەن،— دېدى. ئاۋۇتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ئەتىسى-ئاخشاملىرى چوكانلارغا ئىش-پەش تارتىپ يۈرگەنلىرىنى ئانچە-مۇنچە سېزىپ قېلىشقان ئىدى، بىر چاتاق تېرىپ قويغىچە تۆت تامنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ قويايلى دېيىشىپ ئالدىراشماقتا ئىدى.

— توي قىلىشقا ئالدىرىمايمەن، توي قىلىمەن دەپ دەسمايىنى تۈگىتىپ قويسام قانداق ئوقەت قىلىمەن، قويۇڭلار بۇ گەپلەرنى، مەن يەنە سەپەرگە چىقىش نىيىتىگە كەلدىم، تاپقان پۇلنى دۈملىتىپ تۇرمىسا بەركىتى بولمايدۇ.

— ئەمەتمۇ بارامدىكەن،— سورىدى دادىسى

— ياق، ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن.

— جېنىم بالام، شۇنچە ئۇزۇن يولغا ئۆزۈڭ يالغۇز ماڭساڭ بىز ئەنسىرىمەي تۇرالايمىزمۇ،
— دېدى ئانىسى بېشىغا سالغان ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ.

— ئەنسىرىگىدەك نېمىسى بار؟ كۈندە ئۈرۈمچىدىن نەچچە پويىز ئادەم يولغا چىقىدۇ، ھەمرا دېگەن يولدا تېپىلىدۇ.

— يولدا قوشۇلغان ھەمرا ھەمرا ئەمەس، ھازىر جاھان تېنچ ئەمەس، يالغۇز ماڭمىساڭ بولارمىكىن،— دېدى دادىسى.

ئاۋۇت بۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ شېخىغا ئۆرۈۋەتتى، چۈنكى ئۇنى ھېلىقى يالىڭاچ قىزلار كۆز قىسىپ شەرەت قىلىپ چاقىرماقتا، ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۇنى تەقەززا قىلماقتا ئىدى، ئۇ خىيالىدا، ئەمەتنىڭ سايىسىمتىم، ئەمەت مېنى ھېچيەرگە بارالمايدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ، بارغىنىمنى بىر كۆرۈپ باقسۇن، دەپ ئويلىدىدە، ئەتىسىلا پۇللىرىنى بېلىگە تۈگۈپ سەپەرگە ئاتلاندى.

ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان تېز پويىز تاغلارنى كېسىپ، چۆللەرنى بېسىپ، قانچىلىغان دەريالاردىن ئۆتۈپ شەھەر — يېزىلارنى ئارقىغا تاشلاپ ئاۋۇتنى كۆزلىگەن مەنزىلىگە يەتكۈزدى، ئاۋۇت پويىزدىن چۈشۈپلا ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان مېھمانخانىغا چۈشۈپ يۈز-كۆزىنى چالا-پۇلا يۇيۇپلا كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ، تونۇشلار ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ئۆتكەن كەچكەنلەرگە سەپ سالاتتى. لېكىن كوچىدا مىغ-مىغ كېتىپ بارغان شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ئادەمنى تاپماق بەكمۇ تەس ئىدى، ئۇ قوشۇن ئادەملىرىنىڭ تۇراقلىق ماكانى يوق ئىكەنلىكىنى، شەھەرمۇ-شەھەر چېپىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىزدىگەن ئادەملىرىنى بۈگۈن تاپالىشىغا ئىشەنچ قىلالمىغان ئاۋۇت بىر ئاشخانىغا كىرىپ قورسىقىنى توقلاپ چۈشكەن ياتىقىغا قايتىپ كەتتى.

ئۇ ياتىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇزۇن چاچنىڭ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردىدە ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشمىگەن تۇققىنىنى تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى.

. .

ئاۋۇتنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇشى ئۇزۇنغا بارمىدى. «ئالتاي ئاتقان پاختام بىر چاپانغا يەتمەپتۇ» دېگەندەك، شەھەردىن-شەھەرگە قاپ يۇدۇپ يۈرۈپ، بوران-چاپقۇنلاردا ئاچ-توق قىلىپ مىڭ بىر جاپالاردا تاپقان پۇللىرى ئىككى ئايغا قالماي پاك-پاكىزە تۈگەپ كەتتى، ھاراق، قىمار، پاھىشە . . . لەر بارلىق ۋەسلىنى قۇرۇتتى، ئىچمىسە تۇرالمايدىغان ھالغا كەلگەندە پۇلسىز قالغان ئاۋۇت قوشۇننىڭ سادىق مالىيغا ئايلىنىپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بەزىدە ئۆزىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن يىرگىنىپ، ئەمەتنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىغانلىقىغا پۇشايمانمۇ قىلىپ قالاتتى. شۇنداق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر سودىگەرلەر گۇرۇھىنى بۇلىماق بولۇپ قوشۇننىڭ ئادەملىرىگە قوشۇلۇپ «جەڭ»گە ئاتلاندى، قارشى تەرەپنىڭمۇ ئالدىن-ئالا تەييارلىقى بولغاچقا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ كەسكىن ئېلىشىپ قالدى. تاياق-توقماق، چەيدۇ-پىچاقلار ئىشقا سېلىندى. كىملەرنىڭدۇ باش كۆزى يېرىلىپ قانلار ئاقتى، بەزىلەر يەردە

دۇمىلايتتى. قوشۇننىڭ ئادەملىرى ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ بەدەر قېچىشقا باشلىدى، ئاۋۇتمۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچماقنى نىيەت قىلىپ تۇرۇشىغا پاچىقى زىڭگىدە قىلدىدە يەرگە دۇمۇلاپ چۈشتى...

ئاۋۇت كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ بىر زەي ئۆيدە ياتقانلىقىنى كۆردى، پۇتى زىڭىلداپ چىدىغۇسىز ئاغرىماقتا ئىدى، پۇتى كىملەرنىڭدۇ قولى بىلەن ئىككى تال تاختاينى قېتىپ تېڭىپ قويۇلغانتى، شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ ساقاللىق بوۋاي ئۇزۇن چاچ قاتارلىق بىر نەچچە چاپارمەنلىرىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

— خەپ تۇتالمىدۇقتە بۇ ھارامىنى، — دېدى ئۇزۇن چاچ.

— بۇ ھارامىنى ئاخىرى بىر كۈنى دەريادىكى بېلىقلارغا يەم قىلىپ بەرمىسەم ئادەم بولماي كېتەي، — دېدى ساقاللىق.

ساقاللىقنىڭ ئەلپازىدىن قار-يامغۇر ياغاتتى، كۆزلىرى قانغا تولۇپ، ئاچچىقىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، ئاۋۇتقا كۆزى چۈشۈپ:

— ئۆلۈك ئىشتەك ياتماي تۇرمامسەن، — دەپ ۋارقىردى.

يۇلۇم بارىدا «ئاۋۇت باي» ئىدىم، ئەمدى ئۆلۈك ئىشت بولدۇم، ئۆز ۋاقتىدا ئەمەتنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىغان بولسام مۇشۇ كۈنگە قالارمىدىم دەپ ئويلىغان ئاۋۇت، ساقاللىقنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسا تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىنى بىلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇلار ئاچچىقىدا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكىلى باشلىدى.

ئەسلىدە بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 15.14 ياشلىق بالا بۇلار تالىماقچى بولغان سودىگەرلەرنىڭ ئۆز يۇرتلۇقى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ يۇرتداشلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، سودىگەرلەرگە مەخپىي ھالدا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغانتى. بۇ بالىنىڭ ئۆزلىرىگە «خائىنلىق» قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنى جازالىماق بولغاندا، بۇ بالىمۇ چاققان كېلىپ، غىپپىدە تىكىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا، ساقاللىقنىڭ ھازىرقى ئاچچىقىنى بىر نەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى.

ساقاللىق بۇ زەي ئۆيدە قاراڭغۇ چۈشكىچە پايلىنىپ تۇرۇپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئادەملىرىنى باشلاپ باشقا شەھەرگە تىكىۋەتتى، ئاۋۇتنى ئۆزلىرىگە يۈك قىلىۋېلىشنى خالىماي تاشلاپ كېتىشتى.

ئاۋۇت ئۆرۈمچىنىڭ كوچىسىدا ھاسا تاياققا تايىنىپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگىنىگە بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى، ئۇ ئىچكىرىسىدە سەرگەردان بولۇپ، كوچىمۇ-كوچا تىلەمچىلىك قىلىپ خارۇ-زارلىقتا يۈرگىنىنى كۆرگەن بىر ساخاۋەتلىك سودىگەر پويىزغا بىلەت ئېلىپ بېرىپ ئۆرۈمچىگە يولغا سېلىپ قويغانتى. ئۆرۈمچىگە كېلىپمۇ ئاۋۇت تىلەمچىلىكنى داۋاملاشتۇردى، پۇتى داۋالاشقا ئېرىشەلمىگەچكە سۇنغان جايىدىن تېرىسى تېشىلىپ، زەرداپ ئېقىپ تۇراتتى، كۈن بويى تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلىغا بىر پۇڭلۇق دورا ئېلىپ پۇتىغا چېپىشقا، قورسىقىغا نان ئېلىشقا چىدىماي قاۋاقخانىلاردا سۆرۈلۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تېنى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ، كۆزىنىڭ سېرىق ياپرىقىدەك تىترەپ تۇراتتى، بوگۈنمۇ ئۇپارچە-پۇرات پۇللىرىنى يىغىپ ئەرزان پۇللۇق ھاراقتىن بىر بوتۇلكا ئېلىپ، غورتۇلدۇتۇپ ئىچتىدە بىنا سېلىش ئۈچۈن چۈۋۈۋېتىلگەن كونا ئۆيلەرنىڭ خارابىسىغا يەنى ئۆزىنىڭ ماكانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ھاسا تايىقىنى تاكىلدىتىپ، ئەستە سىلجىتىپ كېتىۋېتىپ، پاسكىنا سۇلار توختاپ پاتقاق بولۇپ كەتكەن يەرگە كەلگەندە تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتىدە قوپالماي-يېتىپ قالدى. بۇرۇنلاردا بۇنىڭ ئەتراپىنى لالما ئىشتلار بولسىمۇ ئانچە-مۇنچە ئەگىپ قوياتتى، ئۇ ۋاقىتلاردا ھېچ بولمىغاندا ئۇلارغا قۇسۇپ بېرەتتى، ھازىر ئاچ قورساق ئاۋۇتتا ئۇمۇ يوق...

ھۆرمەتلىك جاپاكەش ئاتا-ئانىلار، ئەمدى بالام پۇل تېپىپ ھەرەمگە ئاپىرىپ ھەج قىلدۇرىدۇ، چىرايلىق ئىمارەتلەرنى سېلىپ بېرىدۇ، دېگەن گۈزەل ئارزۇلىرىڭلاردىن كېچىڭلار، ئۇ ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. لېكىن مەڭگۈ بۇ پاتقاقتا يېتىپمۇ قالمايدۇ، بەلكىم ئىنساپلىق ئىككى مۇسۇلمان ئۇنى ئاخىرەتكە ئۇزىتىپ قويار.

ئامىنە دۆلەت

# باغۋەنگە مەدھىيە

كۆچەتلەرنى - يۇمران مايسىنى،
باغۋەن ئەجرى ئۆستۈرەر ئەي قىپ.
ئالمى سورتلۇق ئالما، نەشپۈت . . . لار،
بارا - بارا پىشار يېتىلىپ.

«نېمە دېگەن ئېسىل باغلار بۇ»-
دەپ ماختىشار كىشىلەر بۇنى.
تەرىپلىشەر، تىلغا ئېلىشار.
تەرلەر تۆككەن ئىشچان باغۋەننى.

مانا دوستۇم، سەن ئويلاپ قارا،
باغۋەن ئەجرى كەتمەيدۇ زايا.
ئۇنىڭ تۆككەن سىماب تەرلىرى،
هەر بىر مېۋە، هەر شاخلاردا بار.

مۇئەللىممۇ شۇنداق بىر باغۋەن،
گۈل چېكىدۇ ئۆسمۈر قەلبىگە.
ئۇنىڭ چەككەن گۈل - نەقىشلىرى،
زىننەت بىرەر ئانا ۋەتەنگە.

جىمىكى ئەل، هەم گۈزەل ۋەتەن،
يالتىرايدۇ شۇ نەقىش بىلەن.
بۇ باغۋەنلەر شۇڭا هۆرمەتلىك،
ئەلگە تالىق، بۈيۈك ئىش بىلەن.

ئۇ ئۆگىتەر پەر قانات قېقىپ،
كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلىشنى.
ئۇ ئۆگىتەر دېڭىز تەكتىدىن،
جاۋاهىر هەم دۇرلەر سۈزۈشنى.

ئۇ ئۆگىتەر هالال تەر تۆكۈپ،
ئەل - ۋەتەنگە شەربەت بېرىشنى.
ئۇ ئۆگىتەر ۋىجدان يولىدا -
جان بېرىشنى، شەرەپ بىلىشنى.

مۇئەللىملەر ئاجىز مايسىغا،
كۆيۈنىدۇ، قانات قاقىدۇ.
تۆكۈپ ئاڭا يۈرەك قېنىنى،
ئۇنى چوقۇم سەپكە قاتىدۇ.

مۇئەللىملەر هايات بېغىدا،
ئۆستۈرىدۇ ئۈمىد دەرىخىن.
مۇشۇ يولدا دىللىرى ئاتەش،
هەر نە مۇشكۈل بىلىنمەس قىيىن.

هۆرمەتلەيمەن شۇڭا ئۇستازنى،
ئۇ دۇر باغۋەن، مەن ئاجىز مايسا.
چېچەكلىمەي تۇراي قانداقچە؟
قەلبىم قېتى نۇرغا لىق تولسا.

ئەلايوف

# مىشچان قىزغا

ئۇنى ياخشى كۆرۈپ بىر كۈن بۇنى سۆيۈپ بىر نەچچە ئاي،
شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرۈپ ئۆتسە تۇرمۇش ھالىڭغا ۋاي.
قويۇڭ قىزچاق بۇ ئىشنى سىز بەڭباشلىقتىن كۈتمەڭ ئارمان،
ئاخىر بىر كۈن ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ قىلىپ قالماڭ كۆپ پۇشايمان!

كۈلۈپ قويسا بىرسى سىزگە ئۈمىد كۈتمەڭ ئۇ كىشىدىن،
بەخت ئىزدەپ ئۇنىڭ شەكلى، چىرايىدىن، كۈلكىسىدىن،
ئالداپ نۇرغۇن يىگىتلەرنى قىلدىڭىزسىز ناھەق جاپا،
ئۆتنە ئالەم ھۇشيار بولۇڭ كۈلگەنلەردىن كۈتمەڭ ۋاپا.

ئىلىم - پەننىڭ، يۈكسىلىشىنىڭ، ئىسلاھاتنىڭ دەۋرانى بۇ،
ئەمگەكتىن بەخت تاپقان ھۆر - غىلمانىنىڭ رىزۋانى بۇ.
ناچار ئىللەت، چىرىكلىشىش زاۋاللىققا باشلار سىزنى،
نادامەتكە تولغان لەنەت دوزىقىغا تاشلار سىزنى،

گۈلدەك باھار چېغىڭىزنى قۇربان قىلماڭ چىرىكلىككە،
غازاڭ پەسلى مەزگىلسىز كېپ نابۇت بولماڭ زەئىپلىكتە.
ئۆتكەن تارىخ بولسۇن تامام ئۇندىن ئىبرەت، ساۋاق ئېلىڭ،
ئالتۇن ياشلىق دەۋرىڭىزنى ئەل ئىشىغا تەقدىم قىلىڭ.

قادىر سىدىق

# مەكتىپىم

I

جان ئانام تەۋەللۇت ئەيلىگەن مېنى،
زېمىنغا كۆز ئاچتىم، زېمىننى سۆيدۈم.
ئانامنىڭ ئاق سۈتى، ھالال ئەجرىدىن،
يېتىلدىم، كەڭ جاھان - ئالەمنى كۆردۈم.

دېگەنتى جان ئانام، مېھرىبان ئاتام:
بۇ ئالەم مۇرەككەپ، ئىنسانلار ئاندىن.
بولمىسا ھاياتلىق ئەنگۈشتىرى يار،
بىھۇدە تەرك ئېتەر ئىنساننى جاندىن.

تەۋەرۈك ئاشۇ سۆز ئاچتى كۆزۈمنى،
(ئەقلىمنى ئەيلىدى ئۆزگە مەپتۇن).
تەپەككۇر ھېسلىرىم ئۇچسا پەلەككە،

بەزىدە جىسمىمدا كۆتەردى دولقۇن.

مەكتىپىم جان ئانام (ئەجرى ئەلگە ئەزىز)،
ئانامدەك بىغۇبار هالال سۈت بەرگەن.
ئۆستۇرۇپ قەددىمنى سەرۋىدەك سەرخىل،
هەر دىمىم ـ ئىزىمگە پۈتمەس قۇت
بەرگەن..

ھەتتاكى ئانامدىن بىباھا ئۇلۇغ،
ئۆمۈرلۈك هاياتقا ئالتۇن هەل بەردى.
نۇر بولۇپ چاقنىدىم ئۈمىد كۆكىدە،
پەلەكنىڭ قەرىگە چىقسام يول بەردى.

ئايلاندىم ۋىجدانلىق ئەهلى ۋاپاغا،
ئەل بىلەن قەلبداش ئەلگە جان بىرەر.
كامالەت ئەۋجىگە چىقتىمكى، بىراق ـ
كۆڭلۈمدە غەشلىكلەر ئايلىنىپ يۈرەر.

ئانامنى يىغلاتتىم بىهۇدە نەچچە،
خۇيلىرىم خىيالى ئەگىدى مەهەل.
سوۋۇدۇم مەكتەپتىن سەۋەبسىز هەتتا،
بەرسىمۇ مەن ئۈچۈن تالاي كۈچ، بەدەل.

بەزىدە سوقۇشتۇم ئۇستازلار بىلەن،
(ئاڭلىق هەم ئاڭسىزمۇ بىلمەيمەن تېخى).
ئۆزۈمگە بىرىمەن ئۆزۈمچە تەسكىن،
ئېچىلماي تۇردى دەپ كۆزۈمنىڭ ئېقى.

(ناهاتتىكى بۇ ئېنىق خۇپسەنلىك راستىن)
كەپسىزلىك ـ نادانلىق قاقشاتتى ئۇنى.
ئانامدەك مېهرىبان ـ مېهرىبان شۇنچە،
مەنمۇ هەم تونىدىم تەكتىدىن بۇنى.

ئالدىدا خىجىلمەن (ۋىجدان ئازابى)،
دومسۇيۇش جاۋابمۇ يىگىتكە لايىق.
ئىلىم ـ پەن، شىجائەت كامالى قولدا،
ئىجادقا ئىمكان تەل، غەلىبىمۇ تالىق.

٧

مەكتىپىم كەچۈرەر تەنتەكلىكىمنى،
ئالىمەن جاي ـ ئورۇن قاينام ئەۋجىدىن.
دائىما گۈلدەستە تۇتىمەن ئاڭا،
قەترىلەر ئاققۇزۇپ نۇرلۇق چېكەمدىن.

مەكتىپىم مۇرادى قەلبىمدە مايسا،
بۇ هەم جان ئانامنىڭ كۈتكەن تىلەكلەر.
گۈل ئاچسا شۇ تىلەك ئەلنىڭ بېغىدا،
كۈلىدۇ هاياتتا قانداش تىلەكلەر.

× × ×

مەكتىپىم ئانىجان هۆرمەت ـ هىماتىم،
ئىپتىخار ئىلكىدە ئۆتىمەن هامان.
شەنىگە تۆكۈلەر كۈندە تىلىمدىن،
يىپ ـ يېڭى شۆهرەتلىك قىسسە يۇ ـ
داستان.

هەسەن تىلىۋالدى

# قەبرە ئالدىدا

(ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇغۇلغانلىقىنىڭ
90 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

كۈز پەسلى ئەتراپلار كەيگەن سېرىق تون،
قالمىغان گۈللەرنىڭ خۇشپۇراق هىدى.
ۋە لېكىن بۇ جايدا يالغۇز بىر قەبرە،
لالە ۋە رەيهانغا ئورالغان ئىدى.
بۇندىكى خىسلەتنى بىلەلمەي تازا،
هەيرانلىق ئىلكىدە تۇردۇم بىر هازا.

ئاشۇچاغ ئاڭلاندى جىم - جىت قەبرىدىن،
شۇ قەدەر يېقىملىق تونۇش بىر سادا:
بەك قىسقا ياشىدىم، كەتتىم ۋاقىتسىز،
خەلقىمنىڭ ئۈمىدى بولمىدى ئادا،
ھاياتىم گۈل ئەمەس بەئەينى يىكەن.
رازىمەن قەبرەمنى قاپلىسا تىكەن.

ئەسسالام! دېدىمەن ئېھتىرام بىلەن،
پەزىلەت بابىدا تونۇپ شائىرنى.
يوقلاشقا كەلدىم مەن سىزنى يىراقتىن،
ئىزدەپمەن تاغ - دالا چەكسىز ساھىلنى.
قانخورلار، زالىملار سىزنى خارلىدى.
شۇم پەلەك ۋاقىتسىز بىزنى ئايرىدى.

بەئەينى لاچىندەك كۆك قوچۇپ شائىر،
كەل دېدى، يېنىغا چاقىرىپ مېنى.
مەن بىلەن مۇڭدىشىپ سۆھبەتلىشىشكە،
سوۋغاتقا ئېپ كەلگەن ئىجادىڭ قېنى؟
شائىرنىڭ ئالدىدا تارتىپ بەك ئىزا،
خىجىللىق ئىلكىدە قىزاردىم راسا.

قەبرەمنى زەر بىلەن بىزەشتىن كۆرە،
دېدى، ئۇ ئىجادتىن ئويۇڭلار نەقىش.
مېنى تىنچ خاتىرجەم ياتسۇن دېسەڭلار
خەلقىمگە سائادەت ئېتىڭلار بەخش.
نەقەدەر چىن ئىنسان دېدىم زوقلىنىپ،
ۋە شۇئان ئاجايىپ كەتتىم روھلىنىپ.

بەزىلەر ھاياتى بولسىمۇ قىسقا،
ۋاقىتنى ئىنساندەك ئۆتكۈزەر قىممەت.
ئەل ئۈچۈن ئەجرىدىن يارىتىدۇ شان،
پاراسەت بابىدا كۆرسىتىپ ھىممەت.
ئا. ئۇيغۇر ھەقىقەت شولارىنىڭ بىرى،
خەلقىنىڭ ئىشقىدا نۇرلانغان دىلى.

قەبرىگە باقتىمەن ھۆرمەت ئىلكىدە،
ئولتاردىم يۈكۈنۈپ سۈكۈت ئىچىدە.
ۋۇجۇدۇم سىمابتەك تىترەپ ھالسىز،
يول ئالدىم خوشلىشىپ ئايدىڭ كېچىدە.
سايرىشىپ بۇلبۇللار قونار قەبرەڭگە،

ئىجادىلىق مېۋىسى قالدى نەۋرەڭگە.

ئاي ئۈينار قەبرەڭنى ئەمدى نۇرانە،
يۇلتۇزلار ئۈستۈڭدىن ئەگىيدۇ لەرزان.
تۆھپەڭنى مەڭگۈگە ئۇنتۇماس خەلقىم،
شاماللار ناخشاڭنى ئېيپ كېتەر ھەر يان.
شېھىتسەن قەبرەڭدە ياتقىن خاتىرجەم
روھىڭغا بېغىشلاپ ياڭرىغاي ئەجەم!

ياسىن ئىنايەت

# تۇرمۇش ئاچىلىدا تۇغۇلغان ھېسلار

## مەن ۋە سەن

ۋاپا ئىزدەپ كەزدىڭ جاھاننى،
ئايرىمىدىڭ ياخشى - ياماننى.
ئاھ، ۋاپاسىز سەنمۇ ياكى مەن،
بىلىپ يەتتىم سەندەك ناداننى.

## قارانىيەت

بىر ئوچۇم گۈل باركەن قولۇڭدا،
ئاتتىڭ ئۇنى سىقىملاپ ماڭا.
يۈگۈرگەنچە چۇشۇپسەن ھاڭغا،
بىر قارىسام قاقاقلاپ ساڭا.

## ئۆزۈڭ ئەزرائىل

ئەزرائىلنى ئىزدىمە تولا،
ئەزرائىلسەن ئۆزەڭگە ئۆزەڭ.
قىيامەتكە يول خېتى بېرەر،
ئويلىماستىن قىلغان ھەر سۆزۈڭ.

## بايۋەتچى

ئۆزۈڭ تېخى قالتىس بايۋەتچى
ئالەمنىمۇ سېتىۋالغىدەك،
بولمىساگەر سورىقى كېيىن،
ئادەمنىمۇ يۇتىۋالغىدەك.

## توۋادەي. . .

يۇرىۋىدىڭ تىرنىقىمدىن كىر ئىزدەپ،
كىر تۇرىدۇ ئەمدى قولۇڭ نېمە دەي.
قارىۋېدىم يۈزلۈرۈڭگە قىزاردىڭ،
بۇ جاھاننىڭ قىسمىتىگە توۋا دەي!

## قىزىق

ئۆلسەڭ ئىدىڭ مەنسىپىڭنى تۇتسام مەن-
دېگەن ئىدى دوستۇم مەست بوپ سۆز
ئېچىپ،
ئەتىگەندە ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى، ھەي-
ياقا تۇتۇپ قىزىق دېدىم كۆز ئېچىپ.

## قىسمەت

ئاھ كۈندۈزنى دېسەم مەن يورۇق،
يارىتىپتۇ كېچىنىمۇ تەڭ.
ئاھ، تۇرمۇشنى دېسەم رەھىمسىز،
يارىتىپتۇ ئالىمىنى كەڭ.

گۈل ئۈزۈلگەن، قولدا قان ئەكسى
يارىلىپتۇ غولىدا تىكەن.
بىر ياخشىغا بىر يامان، دوستلار،
دانالىرىم توغرا دەپتىكەن.

ئەركىن مەھەممەت كامالى

## قۇياش شۇنداق بىر قىز تۇغدۇ

بىر كۈنى قۇياش،
شۇنداق چىرايلىق بىر قىز تۇغدۇ
ئانىغا ئوخشىمايدىغان،
دادىسىغا ئوخشىمايدىغان.
يەر شارى،
ھاياجاندىن كېتىدۇ تەۋرەپ.
ئاستا - ئاستا
بالاغەتكە يېتىدۇ قىزچاق،
بارچە ئەلنىڭ شاھزادىلىرى
ئەۋەتىدۇ قۇياشقا ئەلچى.
تويلۇق ئۈچۈن
سېلىشىدۇ ئاينىمۇ ھەتتا
ئاسماق بولۇپ بوينىغا ئۇنىڭ
يۇلتۇزلارنى قىلىپ ھەم مارجان
قىزچاق،
رەت قىلىدۇ ھەممە - ھەممىنى.
سەھەر پەيتىدە،
كۆرۈپ قېلىپ دېرىزىسىدىن،
قورام تاشنىڭ ئۈستىدە تەنھا
نەي چېلىپ ئولتۇرغان چوپان يىگىتنى.
قىز بىلەن يىگىت،
قۇچاقلىشىدۇ شۇنچىلىك قىزغىن.
ئېرىپ كېتىدۇ تاغلار
مۇھەببەتلىك نەپەسلىرىدىن.
قىزچاق،
كىيىۋېلىپ يىگىتنىڭ
بادام دوپپىسىنى،
قېچىپ كېتىدۇ تەكلىماكانغا.
پادىلار توپى،
تارقىتىدۇ توي باغىقىنى.
توي . .
توي . . .
قىيامەتتىن - قىيامەتكىچە! . . . .

ئابدۇۋاھىت مەتنىياز

## ئەلۋىدا

ئەلۋىدا، كۈلسە ئاۋام كۈلەلمىگەن كۈن، ئەلۋىدا،
ھاياتتىن بېزىپ ئۆلدى دەپ ئۆلەلمىگەن كۈن، ئەلۋىدا.

ئېگىلىپ ھەركۈن، غېرىبكە خۇش دەپ قۇياشنى ئۈزىتىپ،
سۇبھى تاڭ كۈتكەن قۇياشنى كۆرەلمىگەن كۈن، ئەلۋىدا.

غۇسسىدىن ئېغىرلىشىپ، يەر بېغىرلاپ پەپىلەپ،

بەخت يولىغا كۆز سېلىپ، جۈنەلمىگەن كۈن، ئەلۋىدا.

يىغلىسام «قىر - قىر» قىلىپ، ئانام قۇچىقىنى سېغىنىپ،
تەلپۈنۈپ ئانام بۆشۈككە بۆلەلمىگەن كۈن، ئەلۋىدا.

سېغىنىپ مەرھۇم ئاتامنى ئاڭا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ،
بىر كېچە قونۇپ مازاردا تۈنەلمىگەن كۈن، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، زۇغۇي ئارا «يېتىم ئوغلاق» دەپ ئاتىلىپ.
«ئۇر - ئۇر» ھاقارەتكە قىلىپ، يۈرەلمىگەن كۈن، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، ئىزلەپ يوتۇم سۇ، كېزىپ چۆللەردە سەرسان بولۇپ،
چاڭقاپ، تامچە سۇ ئۈچۈن يەلڭ تۇرەلمىگەن كۈن، ئەلۋىدا!

ئابابەكرى ئەمەت

# ئىككى مەسەل

## ئېۋرىق

ئورنىدا تۇرالماس بوپقالدى ئېۋرىق،
تۆكۈلدى كۆلگەندەك سۇ «ۋىلىق-ۋىلىق».
تېپىلغاق ئەمەستۇر زېمىننىمۇ سىلىق،
تۇرسىلا يىقىلار بۇ نېمە قىلىق؟
ئەسلىدە، بۇ ئېۋرىق تۇراتتى مەزمۇت،
كۆرەڭلەپ چايقالدى بولمىسىمۇ پۇت.
سۇلىرى شالاقلاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.
لاي يوقسا نەپ يوقتى دەپ كۈلۈپ كەتتى.
يوندا، لاي يېپىشتى، قورۇپ چاپلاشتى،
ئۇ يەنە نەملەندى، «يوكى» مۇ ئاشتى.
ئاستىمۇ دومبايدى يېرىم پوكزەكتەك،
تۇرالماس ئەمدى ئۇ، ئامال يوق بولەك.

## بۆرىنىڭ يېشى

بۆرە قوغلاپ يەتتى جەرەنگە،
پارچىلىدى ئۇنى بىر دەمدە.
كۈچۈكلىرى يېدى مەززە قىپ،
ھوزۇرلىنىپ تېخى بەزمە قىپ.
چاينىسىمۇ بۆرە سۆڭەكنى،
ھۆللىدى ياش شۇ دەم ئېڭەكنى.
- نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن، ئاتا؟
راسا تويدۇق، يوقتۇ ھېچ خاتا.
- دېدى، كۈچۈك بولۇپ ھەيرانە،
بۆرە كۆڭلى بولدى ۋەيرانە:
- بوغاز ئىكەن بىز يېگەن جەرەن،
ئەۋلادىدىن ئەسەر يوق جەزمەن.
ئەگەر ئامان بولسىدى ئۆزى،
ئاۋۇپ - ئاۋۇپ بولاتتى يوزى.
مەنمۇ تويۇپ، سىلەرمۇ تويۇپ.
ئەۋلادلارغا قوياتتۇق قويۇپ.
نېمە كۈنلەر كۆرەر ئەۋلادىم،
ئەتە ئۈچۈن تۆكۈلدى ياشىم.

نۇرروزى

# ئۈمىد چىرىغى

(ھېكايە)

«ئاھ! بۇ دەھشەتنى! . . . نېمىدىگەن قورقۇنچلۇق؟! خۇدا بەندىلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! مۇشكۇللىنى ئاسان قىلىپ، بۇنداق دەھشەتلىك چۈشنى ئوڭىدا كۆرۈشنى نېسىپ قىلمىسۇن!»

بىچارە «قەھرىمان» ئاسمان - پەلەك ئېگىزلىكتىن يىقىلدى! ئۇ جازىدىن - بۇ جازىغا، بۇ جازىدىن - ئۇ جازىغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يەرگە «گۇممىدە» چۈشتى - دە، توپىلارنى توزىتىۋەتتى. ئېكرانغا قارىشىپ ئولتۇرۇشقانلار قورقۇپ، چۆچۈپ كېتىشتى. چوڭلار: «ۋاي!» دەپ سالدى. ئەمەت: «ھا! . . .» دەپلا كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئاغزىدىكى كەمپىتمۇ «تورۇككىدە» يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ كۆزىنى ئاچتى. قورقۇنچىدا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ ئېكرانغا يەنە تىكىلدى.

ئەنە! قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئەنسىز چىقىراپ كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى.

ئەنە! دوختۇرلارنىڭ شىپاھلىق قوللىرى ئۇنى جىددى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى.

شۇ تاپتا ئۆيدىكى تۆت ئادەمنىڭ ھەممىسى، خەتەرگە ئۇچرىغان ھېلىقى قەھرىمانغا ئىچىنى ئاغرىتىپ قايغۇرۇشماقتا.

پاھ! . . . ماۋۇ كارامەتنى! بىر دەمدىلا مۆجىزە يارىتىلدى. سېلىنىۋاتقان يەتتە قەۋەتلىك ئىمارەتتىن يىقىلغان «قەھرىمان» ھايات قالدى. ئەنسىزلىكتىن كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئېغىزلىرى كامارەك ئېچىلىپ قالغان كىشىلەر ھالىڭ - تاڭ قېلىشتى.

ئاللا كارامەت! ماۋۇ ئىشنى! ھەممەت قالتىسقۇ؟! ئاپىرىن! ياشاپ كەتسۇن دوختۇرلار!

ئەمەت ھەۋەس بىلەن ئېكرانغا قارايتتى. قارىغانسېرى ئۇنىڭ زۇمرەتتىن سۈزۈك كۆزلىرى تېخىمۇ سۈزۈك پارقىرايتتى. قاپ - قارا كۆز قارچۇقلىرى خۇددى بىر جۈپ قارا مەرۋايىت شارچىسىدەك لىغىرلاپ ئوينايتتى. كەمپىتنى تېخىمۇ تېز - تېز شۈمۈرۈپ ئاغزىنى «چاك - چاك» چاكىلدىتاتتى.

ئەنە! ئۇ «قەھرىمان» يەنە كۆرۈندى. ئۇ ئىككى قولتۇق ھاسىسىغا تايىنىپ گۈللۈكنى ئايلانماقتا، «كۆز تەگمىسۇن بىچارىغا».

«ۋاھ!» ئەنە ئۇ! چاڭ كەلتۈرۈپ چېلىنىغان چاۋاكلار ساداسى ئىچىدە بىرلا قولتۇق ھاسىسىغا تايىنىپلا، ئاپئاق گېپىسكە ئېلىنغان ئوڭ پۇتىنى سۆرەپ ئېكرانغا چىقتى، دەل شۇ چاغدا ئەمەتنىڭ كۆزى «قەھرىمان» نىڭ سۇنغان پۇتى بىلەن ئۇنىڭ قولتۇق ھاسىسىغا تىكىلىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى بىر نەچچە قېتىم چىم - چىم چىمىلدىتىپ يەنە تىكىلدى. تىكىلىپ قارىغانسېرى ئۇنىڭ كەمپىت شۈمۈرۈشى ئاستىلاپ، ئاغزىنى چاكىلدىتىشى توختاپ قالدى.

ئۇنىڭ كۆزى ھاسا بىلەن پۇتقا تىكىلمەكتە.

يۇمران ئاغزىمۇ ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ قالماقتا.

ئۇنىڭ كۆزى ھاسا بىلەن پۇتتا. . . .

مانا، «قەھرىمان» نىڭ مەيدىسىگە قىپ قىزىل سۇنئىي گۈل تاقالدى. ئەمما ئەمەت شۇ تاپتا ھېچنىمىنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ غۇبارسىز پاك بىر جۈپ كۆزى ھاسا بىلەن پۇتقا تىكىلىپ ئاۋارە ئىدى.

ئۇ پۇت بىلەن ھاسىغا تىكىلىپ قارىغانسېرى ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ

چەكچىيىپ، ئاغزىمۇ يوغانلا ئېچىلىپ قالدى. كەمپىت يەرگە چۈشۈپ كەتتى. «قەھرىمان» ھاسىغا تايىنىپ، سۇنۇق پۇتىنى سۆرەپ دىڭگوك - دىڭگوك. دىڭگوكلاپ مېڭىپ ئادەملەر قايىنىمىغا كىرىپ كەتتى.

فىلىم تۈگىدى. دادىسى كونۇپكىنى «چاسىدە» باستى. تېلېۋىزور «لاپىدە» ئۆچتى. چوڭلار خۇددى ئۇيقۇدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك ئېغىر - ئېغىر تىنىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لېكىن ئەمەت بۇنى تۇيمىدى. ئۇ ئاغزى ئېچىلغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپلا قالغان ئىدى. بوۋىسى ئۇنى كۆرۈپ كۈلدى.

ئەمەت جاۋاب بەرمىدى. بۇرۇلۇپ بوۋىسىنىڭ مېيىپ پۇتىغا تىكىلدى. ئۇ تۇيۇقسىز لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، بوۋىسىنىڭ تامغا يۆلەكلىك ھاسىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

- بوۋا، مەڭ، مېڭىپ بېقىڭا!

بوۋىسى سەل ھەيران بولدى - يۇ، شۇئان كۈلۈپ كەتتى:

- ھاھ-ھاھ ھاھا! ۋاي تاتلىق بالام، ئوماق بالام، مېڭىپ بېرەي، مېڭىپ بېرەي، ھېلىقى قەھرىماننى دوراتماقچىسەنغۇ تايىنلىق، بوپتۇ، كۆزۈمنىڭ قارىقىغا دەسسەڭمۇ مەن رازى بالام.

ئەمەت بوۋىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ كارىدورغا ئېلىپ چىقتى:

- بوۋا، كارىدورنىڭ ئاۋۇ بېشىغا بېرىپ بېقىڭا!

بوۋاي ھاسىسىنى تايىنىپ دىڭگوكلاپ مېڭىپ ئۇ باشقا چىقىپ توختىدى.

- يېنىپ كېلىڭ، ھە، بولدى، بولدى. يەنە بىر قېتىم بېرىپ كېلىڭا، دادىسىنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

- بولدى، بولدى! دادامنى تولاقىيما! كىچىككىدىن تارتىپ سېنى يېتىلەپ يۈرۈپ باققاندا بوۋاڭنىڭ قانداق ماڭغانلىقىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟ !

دادىسىنىڭ گېپىگە ئانىسىمۇ ھامى بولۇپ قوشۇق سالدى:

- بىغەرەز، قېرى ئادەمنى قىيناپ! ئۇخلا! ئادەم بولمايدىغان ئاخماق!

- ھە، بولدى. بولدى، بالىنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن، مېڭىپ بېرەي، كۆڭلى ئېچىلسىلا بولدى.

× × ×

كېچىسى ئەمەتنىڭ كۆز - ئالدىغا پۇت بىلەن ھاسا كېلىۋېلىپ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى مەكتەپتىن كېلىپلا دوختۇرخانىغا باردى. «تاشقى بۆلۈم» بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈكتە قولتۇق ھاسىسى بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەن كېسەللەرنىڭ پۇتلىرىغا، ھاسىلىرىغا تازا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ھەتتا كېسەللەرنى ئەجەپلەندۈرۈپ «ماۋۇ پۇتىڭىز ئاغرامدۇ. ئاۋۇمۇ؟» دەپ سوراپمۇ باقتى. ئاخشىمى ئۇ، ئەكىلىگەندەك بوۋىسىغا سۈركىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

- بوۋا، ئولۇڭ پۇتى سۇنغان ئادەم، سول قولتىقىغا ھاسا تايانسا ماڭالامدۇ. ماڭالامدۇ؟

بوۋىسىنىڭ نەپىسى سىقىلدى بولغاي، ھاسىراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

- ياق، بالام. ماڭالمايدۇ، ماڭالمايدۇ.

- بىر كۆرسىتىپ بەرمەمسىز؟

دادىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرىدى:

- بالام! ھەددىڭدىن ئاشما!

ئانىسى يەنە قوشۇق سالدى:

- بالام - بالام دەپ كۆزىگە قارىغانسېرى تاپتىن چىققىلى تۇردى! ئادەم بولمايدىغان!

- دادا، ئانا، ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. توغرا بىلەن خاتانى پەرق قىلمىسا ئادەمنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ساز قالايمىقان چېلىنسا، ئۇسسۇلمۇ قالايمىقانلىشىدۇ.

- ھە، ھە؟ نېمە دەيدۇ ماۋۇ بالا؟

- ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغان گەپلەر.

- ياق- ياق، - دېدى بوۋاي ھەممىسىگە

تەكشى قارىۋېتىپ، - مىڭىپ بېرەي دېدىمغۇ، بالىنىڭ كۆڭلىدە بىرگەپ بار دەپ. يېشىلسۇن، - ئۇ قولتۇق ھاسىسىنى سول قولتۇقىغا تاقىدى. ماڭماقچى بولۇپ زەخمىلەنگەن ئوڭ پۇتىنى يۆتكىدى. لېكىن سول پۇتىنى يۆتكەيدىغان چاغدا ئوڭ پۇتى دەسسەپ تۇرالماي دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. ناۋادا ئەمەت يۆلىۋالمىغان بولسا، يىقىلىپ چۈشەتتى. شۇنداق بولسىمۇ بوۋاي خاپا بولمىدى. كۈلۈپ تۇرۇپ نەۋرىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى:

- قانداق، ئەمدىغۇ تۈگۈنچەك يېشىلگەندۇ؟

- مەندىكى تۈگەنچەكنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام سىز كارىدۇردا مىڭىۋاتقان چېغىڭىزدىلا يېشىلىپ بولغان. شۇنداق بولسىمۇ يەنە خاتالىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ دوختۇرخانىغا باردىم. ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش ئوڭ پۇتى ئاغرىيدىغان بولسا، ھاسىنىمۇ ئوڭ قولتۇقىغا تاقايدىكەن، ھېلىقى فىلىمدىكى قەھرىماندەك ئوڭ پۇتى ئاغرىسا، ھاسىنى سول قولتۇقىغا تاقىمايدىكەن. مەن سىزنىڭ ئوڭ پۇتىڭىزنىڭ ئاغرىيدىغانلىقىنى، ھاسىنىمۇ ئوڭ قولتۇقىڭىزغا تاقايدىغانلىقىڭىزنى كېچىدىكى چېغىمدىمۇ بىلەتتىم. ئۇ قەھرىمانغا بەك ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. بوۋامنىڭ پۇتىغا ئوخشاش ئوڭ پۇتى سۇنۇپتۇ دەپ قارىسام ھاسىسىنى سول قولتۇقىغا تاقىۋاپتىكەن، كۆڭلۈمگە گۇپپىدە گۇمان چۈشتى.

ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈپ شۇنچە ئۇزۇن سۆزلىشى ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار ئاغزىلىرىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قېلىشتى ،. گەپ ماۋۇ ئانام بىلەن دادامنىڭ ،. ئۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ،. ئاشۇنداق خېلى چوڭ سەۋەنلىككىمۇ دىققەت قىلمىغىنىغا ھەيرانمەن. شۇڭا مۇشۇلار بىر كۆرسۇن، سەگەكرەك بولسۇن. راست - يالغاننى پەرق ئېتىشنى ئۆگەنسۇن دەپ سىزنى جاپاغا سالدىم. خاپا بولماڭ!

- ۋاي - ۋۇي! گېپىڭنى قارا موللابالام، مەنغۇ خاپا بولمايمەن. سەنمۇ ھېلىقى فىلىمدىن خاپا بولۇپ يۈرمىگىن يەنە. كىمدىن سەۋەنلىك ئۆتمىگەن؟ ھەر - ھەر ئۇلۇغلارمۇ سەۋەنلىكتىن خالى بولالمىغان. تۈزەتسىلا بولدى. يولنى ئەجدادلار سالىدۇ، ئەۋلادلار تۈزلەيدۇ. بەزىدە بېشى قىچىشسا، دۈمبىسىنى قاشلايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

- ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن بىز دېمىسەك ئۇلار قانداق تۈزىتىدۇ؟ كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالساق، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالساق، ئاشۇنداق كىچىككىنە سەۋەنلىكلەرمۇ بىزنىڭ راست ئىشلىرىمىزنى يالغاندەك كۆرسىتىپ قويىدىغان يامان تەسىراتقا كەلتۈرۈپ قويۇۋاتسا، مەيلى دەپ ئۆتكۈزىۋەتسەك قارا يۈز بولۇپ قالىمىز.

چوڭلارنىڭ ئۇنىڭغا مەسلىكى كېلىپ، خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئۇنى ماختاپ كېتىشتى:

- ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، بالام!

- ۋاي، ئەقىللىق بالام، تاتلىق بالام.

- ئادەم بولۇپسەن بالام، چوڭ بولۇپسەن بالام.

بوۋاي يىغلاپ سالدى، ئۇنى مەيدىسىگە چىڭ باستى.

- ۋاي مېنىڭ چىرىغىم بالام. سەندەك چىراغ ئېخىمۇ كۆپرەك بولسا، زامانىمىزنىڭ چىرىغى مەڭگۈ ئۆچمەيتتى بالام! مەن سەندىن رازى بالام!

ئەمەت تاتلىنىقىنا كۈلدى، چوڭلارمۇ كۈلدى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ياشقا تولغان ئىدى.

غالىپ توختى



# تەۋەللۇت ئازابىدىكى شاتلىق

ھېكايە



ئىشچى - خىزمەتچىلەر باش دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدە جىددىيچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ئۇ ياقتىن- بۇ ياققا چېپىشىپ يۈرۈشلىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقاندەك، تەۋەللۇت ئازابىدا ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئاھۇ - زارى پۈتۈن كارىدورنى قاپلىغان ئىدى. كارىدورنىڭ چېتىدىكى كۈتۈش ئۆيىدە ئولتۇرغان ئازابلانغۇچىنىڭ ئاپىسى باشلىق بىر قانچە قېرىنداشلىرىمۇ ئوخشاشلا ئازاب ئىچىدە تولغىناتتى.

- خۇدايىم ئۆزى ئاسانلىق بېرەر، بىچارە قىزىم ئەجەبمۇ قىيىنالدى، - دېدى ئانا ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ.

- ئەنسىرىمىسىلە قۇدام، خۇدايىم ئاسانلاشتۇرا، تەلىيىمىزگە چوڭ دوختۇرلار ئۈستىدە تۇرغىنىنى دېمەملا،- گەرچە قۇدا بولغۇچى شۇنداق دەپ كېلىنىنىڭ ئاپىسىغا تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، ئاۋازىنىڭ تىترەپ چىقىشلىرىدىن، چىرايىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئۆزىنىڭمۇ خېلىلا ئەنسىرەۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

- ھېلىمۇ 14 سائەتتىن بۇيان تولغاق ئازاۋى يەۋاتىدۇ، بىچارە غۇنچەمنىڭ ئۇن جېنىنىڭ بىرى قالمىدى دېسىلە.

- ساق - سالامەت بوشانسىلا بۇ ئازاپلارنى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، قۇدام.

ئاياللارنىڭ ئەنسىرەشلىرى، بىر بىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساشلىرى ئۈستىگە يېتىپ كەلگەن دوختۇرنىڭ:

- بالىنىڭ دادىسى قېنى؟ ھامىلە تەتۈر، تۇغۇشى قىيىن، ئوپېراتسىيە قىلماقچى، شۇڭا بۇ قەغەزگە دادىسى قول قويسۇن، - دېيىشى ئولتارغانلارنى تېخىمۇ ساراسىمگە سېلىۋەتتى. «دادىسى قېنى» سۆزىنى ئاڭلاپلا ھېلىراقتا قۇدىسىغا ئەنسىرىمەسلىك توغرىسىدا گەپ قىلغان يېشى ئاتمىشلاردا بار، چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان ۋىجىككىنە كەلگەن ئايال ئىسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

- كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىنا، ئاپا، - دېدى ئولتۇرغان ياش چوكانلارنىڭ بىرى يىغلاۋاتقان ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ياغلىقلىرىنى ئوڭشىغاچ ۋە دوختۇرغا قاراپ: - بالىنىڭ دادىسى ئالتە ئاي بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئانىنىڭ ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقساق بولارمۇ؟ - دېدى ئۆتۈنۈش ئاھاڭدا.

- ئۇنداقتا، مەيلى ئەمىسە، - دوختۇر سۆزى ئاياقلاشمايلا ئولتۇرغانلارنىڭ تۇغۇتخانا ئىچىگە يۈگۈرۈلۈپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ ئۇلارنى توسۇۋالدى، - ۋاي، ۋۇي، ھەممىڭلار كىرمەڭلار، بولمايدۇ، بىرەيلەن كىرسۇن. ھە، بوپتۇ، ماۋۇ ئىككى موماي، ھەسىز ئۈچىڭلار كىرىڭلار، قالغىنىڭلار مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، - دېگىنىچە ئۈچ ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ، ئانا بولغۇچى ئازابلىق ئىڭراۋاتقان تۇغۇت بۆلمىگە قاراپ مېڭىشتى.

- ۋاي، بىچارە قىزىم، - ئانا قىزىنىڭ پىشانىسىدىكى مۈنچاق- مۈنچاق تەرنى، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئاغرىق ئازابىدا كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالمايلا يىغا سالدى.

قېيىن ئانا بولغۇچى ئايال قانداقتۇر بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئاستا كېلىپ، غۇنچەمنىڭ پىشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. غۇنچەم كۆزىنى ئاچتى. ئالدىدا تۇرغان ئاپىسى، قېيىن ئاپىسى ۋە ئاچىسىنى كۆرۈپ، تارتىۋاتقان ئازابىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ كۈلمەكچى بولغان بولسىمۇ كۈلەلمىدى.

- جېنىم بالام، ئۇن جېنىڭنىڭ بىرسى قالمايتۇ، - دېدى ئانا قىزىنىڭ ھالىغا ئېچىنغان ھالدا، - نېمە تارتقۇلۇق بۇ ئەمدى؟! مۇشۇنداق قىيىلىنىۋەرسەڭ. . . . ، - ئانا ئەسەدەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

- بالام، ھامىلە تەتۈر كېلىپ قاپتۇ، بالىنى چۈشۈرۈۋەتمىسە ھاياتىڭىزغا تەسىر يېتىدىكەن. مەن رازى بالام، سىز بولسىڭىزمۇ كۈننىڭ سېرىغىنى كۆرۈڭ. بالىنى ئېلىۋەتسۇن، دادىسىنىڭ ئورنىدا سىز قول قويۇپ بېرىڭ! - قېيىن ئانا بولغۇچى ئايال شۇنداق دېدى- دە، ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ھېچنىمىدىن خەۋىرى يوق، پەقەت ئۇلارنىڭ كىرىشىنى ئۆزىگە تەسەللى دەپ ھېس قىلغان غۇنچەم، ئۆز ئىرادىسىغا زىت ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمىنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك بولدى- دە، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

- ياق ئاپا، مەن نېمە بولسام مەيلى، بۇ بەختىياردىن قالغان مەن ئۈچۈن، سىلەر ئۈچۈنمۇ بىردىن بىر تەۋەرۈك يالداما، ئۆز ۋاقتىدا مەن بەختىيارنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ بارلىقىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ئىكەنمەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ بالىسى ئۈچۈنمۇ ئۆزەمنى قۇربان قىلالايمەن. چۈنكى مەنمۇ ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋمەن، سىلەرمۇ مەن ئۈچۈن، مەندەك بالاڭلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ھەسرەتلىنىپ ياش تۆكۈۋاتىسىلەرغۇ؟!

غۇنچەم سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىناتتى. ئاچچىق تولغاق ئازابىمۇ ياكى تۇرمۇشتىكى ئۆز

بېشىغا كەلگەن دەرت - ئەلەم ئازابىمۇ، پېشانىدىن ئاققان مۇنچاق - مۇنچاق تەر بىلەن كۆزىدىن ئاققان ياشلار قوشۇلۇپ، سارغايغان مەڭزىلىرىنى سۆيگىنىچە دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى.

- قانداق بولدى، پىكىرلىشىپ بولدۇڭلارمۇ؟- دوختۇرنىڭ كىرىشى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ھەممەيلەننى قايتىدىن ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

- ئوبدان بالام، تەرسالىق قىلما، بۇ دېگەن جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش. قىناپاڭمۇ رازى بولدىڭمۇ؟! خۇدا ئۆزى ئاسانلىق بېرەر، دوختۇرلار ئىشەنچە قىلالمايۋاتقان يەردە ئالىممادىس بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا تۈگمەس ھەسرەتتە قالامدۇق؟ ئون گۈلۈڭنىڭ بىرسى ئېچىلمىغان تۇرسا، بالىنى ئالدۇرۇۋەت، جېنىڭ ئامان بولسا يەنە تۇغىۋالىسەن قىزىم،- ئانا ئىلتىجا بىلەن غۇنچەمگە يېلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

- جېنىم ئاپا، مېنى تەڭلىكتە قويماڭ، كۆڭلۈڭلارنى چۈشىنىۋاتىمەن. لېكىن بەختىيارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىشقا مېنى زورلىماڭلار، ئاپا، مەن ئۈچۈن، مېنىڭ نامىدىن سەن قول قويۇۋەتكىن، ھاياتىم بەدىلىگە بولسىمۇ بەختىيارنىڭ بالىسىنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزىمەن، - غۇنچەمنىڭ چېھرىدىن ئازاب بۇلۇتلىرى تارقاپ، بىر خىل شاتلىقنىڭ يارقىن تەبەسسۇمى جىلۋە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، تەۋەللۇت ئازابى ئىچىدە تۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ بەختىيار بىلەن سۆيگۈ - مۇھەببەت قۇچىقىدا ئۆتكۈزگەن بىغۇبار چاغلىرىنى، كەلگۈسى ھەققىدە قىلىشقان شېرىن پىلانلىرىنى، بىر - بىرسى ئۈچۈن ھاياتىدىن كېچىشكە، ئۆزلىرىنىڭ پاك مۇھەببىتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش ئىرادىسىدە ئۆتكەزگەن قىسقا، ئەمما مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز لەززەتلىك مىنۇتلىرىنى قايتا كۆرگەندەك بولدى.

× × ×

كېچىلىك سمېنىدا باشقىلارنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ ئەمدىلا ئىشتىن چۈشكەن توكار سېخنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەختىيار، زاۋۇت دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ شىڭنىڭ ئوقۇغۇچى سىياقىدىكى 5-4 نەپەر ياش قىز -يىگىتنى باشلاپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئەپتىدىن خىجىللىق ھېس قىلدىمۇ قانداق، مېڭىشتىن توختاپ ئۇلارغا تەتۈر قارىغىنىچە، ۋېلسىپىت سۆرتكەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.

- بەختىيار!

زىل قوڭغۇراقتەك چىققان، كىشىنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىۋەتكۈدەك جەلپكارلىققا ئىگە ئاۋازنى ئاڭلىغان بەختىيار، ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىنى ماي يۇقى ماتلاغا ئېرتقىنىچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان زىلۋا بويلۇق، ئوڭ مەڭزىدە زىنىقى بار، قارا قۇمچاقتىنا قىزغا قاراپ تېڭىرقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى ۋە چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك قىزنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى:

- غۇنچەم؟!

- بەختىيار!

قىز قولىنى كۆرۈشۈشكە ئۇزاتتى. ئۇنىڭ تىرناقلىرى لاكلانغان، سۈتتەك ئاق قولىنى ئۆزىنىڭ ماي يۇقى، قاداقلاردا قېتىپ كەتكەن قوپال قولىدا تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان بەختىيار، قولىنى ئۇزاتقىنىچە خىجىللىق ئىچىدە تۇرۇپ قالدى.

- «قولۇڭ ماي بولسا دوستۇڭغا سۈركە!» دەپتىكەن، بىزمۇ سىزدەك ماي سۈپەت ئىشچىدىن بولايلى دەپ ئالدىڭىزغا كەلدۇق، - دېگىنىچە غۇنچەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەختىيارنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى.

- ئوقۇشلار تۈگەپتۇ-دە؟

- شۇنداق، ئوقۇشتا بىللە بارالمىغان بولساقمۇ، بىرگە ئىشلەيلى دەپ ئالايىتەن سىزنىڭ زاۋۇتىڭىزغا تەقسىم قىلىندىم، بوپتىمۇ؟ - چاقچاق قىلدى غۇنچەم.

— قارشى ئالمىز، قارشى ئالىمىز، سىلەردەك ئىختىساس ئىگىلىرى ھەممىلا يەرگە ئېھتىياجلىق. دە.

— سىزگە ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ ھەممىلا يەرگە دەپ قوغلاۋاتامسىز. قانداق! ؟ — قىزنىڭ چاقماقتەك گەپلىرى ۋە بولاقتەك كۆزلىرىدىن يېغىپ تۇرغان ئۆتكۈر نۇر ئاستىدا تەمتىرەپ قىلىۋاتقان بەختىيار، ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغىنىدىن تېخىمۇ خىجىللىق ھېس قىلىپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ئاڭلىسام تېخنىكا يېڭىلاش ماھىرى، سېخنىڭ مۇدىرى بوپسىز، ئۆزىڭىزنىڭ سېخىغا قوبۇل قىلارسىز؟

— چاتاق يوق، قىيىنچىلىقتا چىدىسىڭىزلا سىزنى ئالماي كىمنى ئالىمەن.

— سىز بولسىڭىزلا ھەممە قىيىنچىلىقتا چىدايمىز. دەڭا!

— غۇنچەم! — بىرگە كەلگەنلەرنىڭ تۇۋلىشى، ئۇلارنىڭ قىزغىن پارىڭىنىڭ بېلىگە تەپتى.

— بېرىڭ، جاڭ كېجاڭغا مەن ئاللىبۇرۇنلا بىزگە ئادەم ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ھە، راست، قايسى كەسپتە ئوقۇدىڭىز؟

— مېخانىزم كەسپىدە توكارلىق بويىچە يېرىم يىل° پىراكتىكا قىلدۇق. يېرىم يىل مەخسۇس ستانوكنىڭ چېرتيوژ سىخېمىسىنى ئۆگەندۇق، قانداق،° سىزگە ماس كېلەمدىكەن؟

— ماس كېلىدىكەنسىز، قېنى ئاۋۋال رەسمىيەتلىرىڭىزنى بېجىرىڭ، تەلىيىڭىز بولسا بىزنىڭ سېخقا تەقسىم قىلىنارسىز.

— ئالدىڭىزغا كەلگەندىكىن ئۈنچىلىك تەلەينى ئەمدى سىز توغرىلايسىز. دە، — دېگىنىچە غۇنچەم ساقلاپ تۇرغانلارنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى.

قىزنىڭ ئۆتكۈر چاقچاقلىرى، ئۆزىنىڭ ئويلىمايلا «سىزنى ئالماي كىمنى ئالىمەن» دەۋەتكەنلىكى بەختىيارنى بىر خىل يىللىق سېزىم قوينىغا سۈرەپ كىرمەكتە ئىدى. ئۇ سۇمبۇل چاچلىرىنى يۆگىلىتىنىچە يۈگرەپ كېتىۋاتقان غۇنچەمنىڭ ئارقىسىدىن چوڭقۇر ئويغا پاتقىنىچە قاراپ قالدى.

× ×

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3- يىللىقىدىكى ئىمتىھانىنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇۋاتقان بەختىيارنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش ئارزۇسى سۇغا چىلاشتى. بىر قېتىملىق ماشىنا ئاۋارىيىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ دادىسى قازا قىلىپ كەتتى. ئائىلىنىڭ تۈۋرىكى بولغان دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆينىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقىنىڭ ئۆز زىممىسىگە چۈشكەنلىكىنى سەزگەن بەختىيار، ئۇكا - سىڭىللىرىنىڭ ئونىسىز تەلمۈرۈشى، ئائىلە ئايالى بولغان كېسەلچان ئاپىسىنىڭ ئېغىر - ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئېسەدەپ يىغلاشلىرى ئاستىدا، ئۆز ئارزۇسىنى قايرىپ قويۇپ «ئائىلە باشلىقلىق» بۇرچىنى، بالىلىق قەرزىنى ئادا قىلىش نىيىتىدە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىپلومىنى ئېلىپلا تەشكىلنىڭ ئېتىبار قىلىشى بىلەن بۇ زاۋۇتقا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتى. ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ساۋاقداشلىرىنى ئۇزىتىش مۇراسىمىغىمۇ كېچىلىك سمېنىغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن بارالمىغان ئىدى. شۇلارنىڭ قاتارىدا سىنىپتا ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان، جىمغۇر، كەمسۆز بىراق دەرسلەردە خېلىلا تىرىشچان بولغان غۇنچەممۇ نېفىت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەتكەنىدى.

بۇ قېتىم زاۋۇتقا تەقسىم قىلىنغان بەش نەپەر ستۇدېنتنىڭ ئىككىلىسى توكار سېخىغا بېرىلدى. تەلەي ئۇڭغا تارتتىمۇ ياكى غۇنچەم ئۆزى تەلەپ قىلدىمۇ ئىشقىلىپ غۇنچەمنىڭ چاقچىقى رېئاللىققا ئايلىنىپ، بەختىيارنىڭ سېخىغا كەلدى.

— باجۇرىن!

ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە تازا بېرىلىپ ستانوك رېمونت قىلىۋاتقان بەختىيار، ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، جاڭ كېجاڭنىڭ

هەمراھلىقىدا ئۆز ئالدىدا تۇرغان غۇنچەم بىلەن يەنە بىر قىزنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىلكىگە چۆمدى. قىزلارنىڭ قىياپىتىدە ئالدىنقى كۈندىكى ھالەتتىن قىلچە ئىز قالمىغان بولۇپ، ئۇلار يىپ - يېڭى ئىش كىيىمى كىيگەن، سومبۇل ۋە بۇدرە چاچلىرىنى باش كىيىمى ئىچىگە ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرغان خۇددى پىشقەدەم تۇكارلاردەك بىلەكلىرىگە يەڭلىك تاقىۋالغان ھالەتتە تۇراتتى.

- بۇ ئىككى يولداش سىلەرنىڭ سېخقا تەقسىم قىلىندى. يېڭىدىنلا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مول نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە. يولداشلارنىڭ ئوبدان ھەمكارلىشىپ، ئۆز ئارا يار - يۆلەكتە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، - جاڭ كېجاڭنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا ناتونۇش قىزلارنى كۆرۈپ يېتىپ كېلىشكەن ئىشچىلار ئارىسىدىكى چاقچاقچى يىگىتلەردىن بىرسى لوقما سالدى:

- جاڭ كېجاڭ، قىز بولسىلا بىزگە تەقسىم قىلىۋېرىڭ. بۇ سېختا جۈرىنىمىز باشلىق 15 بويتاق بار.

- ھا، ھا، ھا.

- شۇغىنىسى، مېنىڭ ئىشخانام قىز - يىگىتلەرنى تونۇشتۇرۇش ئورنى ئەمەستە؟!

- ئىسلاھات بولغاندىكىن 3- كەسىپ ھېسابىدا شۇغۇللانسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

- داشۆسىڭ بولمىسىمۇ بىزنى ياراتسىلا بولدى، كېيىن ئۆزىمىز ئوقۇتۇۋالىمىز.

- ھا، ھا، ھا.

- بولدى يولداشلار، - دېدى بەختىيار قىزلارنى خىجىللىقتىن قۇتقۇلدۇرۇش مەقسىتىدە، چەكتىن ئېشىپ بېرىۋاتقان چاقچاقلارغا خاتىمە بېرىپ، - تاققا - تۇققا گەپنى قويۇپ، ئىشىڭلارنى قىلىڭلار.

- بۇ يولداشنىڭ ئىسمى غۇنچەم، بۇ ياقنىڭ نادىرە، شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ مېخانىزم كەسپىدە ئوقۇغان. باجۇرىن، سېخنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزىڭىز تونۇشتۇرۇپ قويارسىز، - دېدى جاڭ كېجاڭ.

- بولىدۇ، ئاۋۋال ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى كۆرۈپ چىقسۇن، - دېدى بەختىيار قىزلارنى سېخ ئىچىگە باشلاپ ماڭغاچ.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلا ئارىدىن 7-8 ئاي ئۆتۈپ كەتتى. زېمىستان قىش قوغلىنىپ پۈتۈن كائىناتنى باھارنىڭ يىللىق ھاۋاسى قاپلىغان، ماي ئېيىنىڭ كىشىگە ئارامبەخش، راھەت بېغىشلايدىغان ئايدىڭ كېچىسى بىر جۈپ قىز - يىگىت سەيلىگە چىققان بولۇپ، كۆكتىكى تولۇن ئاي گويا بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ گۇۋاھچىسى بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەندەك ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، كېچىنى سۈتتەك يورۇتىۋەتكەنىدى.

- بۈگۈن ھەجەپمۇ ئايدىڭ كېچە بوپتۇ، - دېدى قىز ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

- شۇنى دېمەمسىز، ئاينىڭمۇ كائىناتنى بۇنچىلىك يورۇتالايدىغانلىقىنى بۈگۈن ھېس قىلدىم، - يىگىتنىڭ ئاۋازى قانداقتۇر ئىچكى ھاياجاندىن بولسا كېرەك، تىترەپ چىقاتتى.

- بۇرۇن بەلكىم ئاينىڭ بۇ خىل خاسىيىتىدىن ھوزۇرلىنىش پۇرسىتى بولمىغاچقا بۇنى سەزمىگەن بولغىيتىڭىز؟!

- راست دەيسىز غۇنچەم، ئەمدى ئويلىسام دادامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئائىلە، تۇرمۇش ۋە خىزمەت جىددىيچىلىكىدە بۇنداق ھوزۇرلىنىش ماڭا نېسىپ بوپباقمىغانىكەن. پەقەت سىز كەلگەندىن كېيىنلا ئۆز تۇرمۇشۇمدا باشقىچە بىر خىل شاتلىقنى سېزىدىغان بولدۇم، - بەختىيار ئۆزىنىڭ بېتەلەيلىكىدىن ئۇكۇنگەندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، - سىلەر ئالىي مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن ئۆزەمنى جەمئىيەتتىن ئايرىلغاندەك ھېس قىلىپ ھەممىنى ئۇنتۇش قارارىغا كەلگەنتىم. تەقدىرنىڭ قىسمىتى ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى، دەڭا.

- سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزغا ھەممىمىز ئېچىنغان، - غۇنچەم ئېغىر خۇرسىنىپ.

- ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدا شۇنچە

جىمغۇر، ھېچكىشىگە ئارىلاشمايتتىڭىز-ھە؟!

— مەكتەپتىكى چاغدا سىز دېگەن چوڭ ئەرباب — ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، سىنىپتىكى بىردىن-بىر ئەلاچى تۇرسىڭىز نەزەر كۆزىڭىزبىزگە چۈشەمتى؟! ئۇ چاغدا غايىڭىز ئۇلۇغ، ئوقىرىڭىز ئېگىزتىدە......

غۇنچەم سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەستىن بەختىيارغا مەنىلىك قاراشتا بىر تەبەسسۇم ئىنئام قىلىپ، مۆرىسىنى بەختىيارغا يېنىككىنە، بىلىنەر - بىلىنمەس تەككۈزۈپ قويدى.

— ئالىي مەكتەپ هاياتى سىزنى باشقىچىلا تېتىكلەشتۈرۈپتۇ. دەسلەپتە سىزنى كۆرگىنىدە ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي «بۇ سىنىپىمىزدىكى ئاشۇ جىمغۇر، ياۋايى غۇنچەممىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالغانتىم. تۇرمۇش ھەممىنى ئۆزگەرتىدىكەن. سىز زاۋۇتقا كەلگەندىن بۇيان قەلبىمىزدىكى ساۋاقداشلىق مېھىر - مۇھەببەتنى بىزنى يېقىنلاشتۇرۇپ تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، — بەختىيار قەلبىدىكى قانداقتۇر بىر سۆزنى دېيەلمەيۋاتقاندەك سەل ئارسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە بۇ خىل هالەتنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرغاچ، — كېلىڭ، بىردەم ئارام ئالايلى، — دېدى غۇنچەمنى يول ياقىسىدىكى سېمونت ئورۇندۇق يېنىغا باشلاپ ۋە يېنىدىن بىر تاختا گېزىت چىقىرىپ، غۇنچەمنىڭ ئولتۇرۇشىغا سېلىپ بەردى.

بەختىيارنىڭ بۇ خىل ئەپچىللىكىدىن سۆيۈنگەن غۇنچەم، ئۇنىڭغا يۆلەنگىنىچە قەلبىدىكى قايناق ھېسسىياتىنىڭ دۆردانىلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— بەختىيار، مەن بەش يىل ئالىي مەكتەپ قويىندا يۈرگەن بولسامۇ لېكىن سىزنىڭ ئاپىڭىز ۋە سىڭىللىرىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇيىڭىزدىن ۋاز كېچىپ، جاپالىق تۇرمۇش قويىندا پىشىپ يېتىلگەن ئوبرازىڭىز كۆز ئالدىمدىن پەقەتلا كەتكىنى يوق. ھەر تەتىلدە كەلگەندە سىزنىڭ يېڭى - يېڭى نەتىجىلىرىڭىزنى، ئوڭۇشسىزلىقلارغا تېز پۈكمەي، خۇددى ئوتتۇرا مەكتەپتىكىدەك ھەممىنىڭ ئالدىدا بۆسۈپ مېڭىۋاتقىنىڭىزدىن تەسىرلەنگەن ھەمدە سىزگە ھەقىقىي بىر دوست، خىزمەتتە ياردەمچى بولۇپ قېلىشنى قەلبىمگە پۈككەنتىم. تەلىيىمگە زاۋۇتىڭىزغا، يەنە كېلىپ سېخىڭىزغا تەقسىم قىلىندىم. بىر قانچە ئايدىن بۇيان ھەقىقىي دوستلۇق ياردىمىڭىزنى ئايىماي، نادىر ئىككىمىزنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جىددىي سىناقلىرىدا يېتىلدۈردىڭىز، يولداشلارنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يۈزىمىزنى يورۇق قىلدىڭىز، ھەقىقىي ساۋاقداشلىق قولىڭىزنى سۇندىڭىز، — قىز ھاياجاندىن تىترەشكە باشلىدى. غۇنچەمنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان چىن يۈرەك سۆزلىرى، بەختىيارنىڭ پارتلاش ئالدىدا تۇرغان قىزغىن ھېسسىياتىنىڭ پىلىكىگە ئوت ياقتى. مۇستەقىل ھايات قويىنىغا قەدەم قويغاندىن تارتىپ تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققىتى ئىچىدە، سۆيگۈ - مۇھەببەت ھەققىدە ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلمىغان بۇ 24 ياشلىق يىگىتنىڭ قەلبىدىكى، غۇنچەم زاۋۇتقا كەلگەندىن تارتىپ يىلتىز تارتىپ يېتىلگەن مۇھەببەت ۋۇلقىنى بىراقلا پارتلىدى. ئۇ، قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە غۇنچەمنى ئۆزىگە تارتتى. قىز ھېچبىر قارشىلىق قىلماي ئۆزىنى بەختىيارنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئوتلۇق لەۋلەرنىڭ ئۇچرىشىشى پاك سۆيگۈنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ھەر ئىككى قەلب تۆرىگە مەڭگۈلۈك ئۆچمەس نەقىش ئويدى. ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بۇ ھالىتىنى ھايا پەردىسى ئىچىگە ئېلىش ئۈچۈنمىكىن، كۆكتىكى تولۇن ئاي قاچانلاردىندۇ پەيدا بولغان بىر پارچە بۇلۇت كەينىگە مۆككەن ئىدى...

ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان گۈلسۈمخان ئانا،

بەختىيارنىڭ غۇنچەم بىلەن پۈتۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بوپ كەتتى - دە، توي تەييارلىقىغا جىددىي تۇتۇش قىلىشقا كىرىشتى. توي كۈنىنى مەمۇرچىلىق بولىدىغان سىنتەبىر ئايلىرىغا توغرىلىتىپ، مەرىكە زالىنىمۇ تىزىملىتىپ قويۇلدى. بەختىيار بىلەن غۇنچەمنىڭ تەشكىلىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇشتى.

ئالدىنقى سەپكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولمۇاتقان دېتاللارنى ئىشلەش ئۈچۈن بىر قانچە كۈن ئۇدا سىمېنا ئۇلاپ ئىشلىگەن بەختىيار، ئۆز كەيپىياتىنىڭ بارغانسېرى نورمالسىزلىشىۋاتقانلىقىنى - كۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇلىشىپ، بېشىنىڭ پات - پات قىيىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بۇنى ھارغىنلىق دەپ ھېس قىلىدى. دە، سەل - پەل سەگىدىۋېلىش ئۈچۈن ستانوكىنى توختىتىپ سىرتقا چىقتى. سىرتقا چىقتىيۇ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ ئىختىيارسىز گۈللۈك يېنىغا يىقىلدى. ئۇ گۈددۈڭ - گۈددۈڭ پىچىرلىشىشلار، ئىسەدەپ يىغلاشلار قۇلىقىغا كىرىپ ئاستا - ئاستا كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىنىڭ بالنىست بۆلۈمىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئاران تەسلىكتە ئۆزىنىڭ ھاۋايىيش ئۈچۈن سىرتقا چىققانلىقىنىلا ئەسلىيەلىدى.

- ھۇشىغا كەلدى. كۆزىنى ئاچتى، - ئەتراپتىكىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كېسەل كارىۋىتىدا ياتقانلىقىدەك رىئاللىقنى تونۇتتى.

- بالام بەختىيار، - تاغدەك يۈلەك ئوغلىنىڭ ھالىدىن سەراسىمىغا چۈشكەن مېھرىبان ئانا، ئوغلىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىدىن كۆڭلى ئىمىن تاپقان بولسىمۇ، باشقا سۆز دېيەلمەي تەمتىرەپلا قالدى.

- بەختىيار، - غۇنچەم لۈڭگە بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەچ ئاستا چاقىردى. ئۇنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرى تېخىمۇ خۇمارلاشقان بولۇپ، بەختىيارغا ئىلتىجا بىلەن تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

- ئاپا، غۇنچەم، مەن نېمە بوپتىمەن؟ بۇ قانداق ئىش؟ بايىلا ساپ - ساق ئىدىمغۇ؟

- بەك چارچاپ كېتىپسىز، قېنىڭىز ئازكەن، شۇڭا ھاردۇق يېتىپ، ھۇشسىزلىنىپ يېتىپ قاپسىز. - تەسەللىي تەرىقىسىدە چۈشەنچە بەردى غۇنچەم.

- شۇنچىلىك ئىشقىمۇ مېنى دوختۇرغا ئەكىلىپ ياتقۇزۇپ قويدۇڭلارمۇ؟ - دېدى بەختىيار رەنجىش ئارىلاش ئۆز بېشىدا تۇرغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قېيۇم ئاكىغا قاراپ.

- تەشكىلگە رەھمەت بالام، ھېلىمۇ ۋاقتىدا دوختۇرغا ئەكەپتۇ. كېسەل دېگەنگە سەل قارىغىلى بولامدۇ؟ ئەنسىزچىلىكتە ھەممىمىزلا پاتپاراق بولۇپ كەتتۇق. يولداشلارغا رەھمەت دېمەكتە يوق رەنجىگىنىڭ نېمىسى؟! - گۈلسۈمخان ئانا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتكەچ، بەختىيارنى ئېيىپلاشقا باشلىدى. - ھېلىمۇ قېيىمكاڭ باش بولۇپ ماشىنا چىقىرىپ، چوڭ دوختۇرلارنى تېپىپ كېسەللىكىنى تەكشۈرتۈپتۇ. بولمىسا نېمە ئىشلار يۈز بېرەتتىكىن، خۇدايىم.

- كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا گۈلسۈمخان ئاچا، بۇ بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، ئۇكام، بىر قانچە كۈن ئوبدانىراق دەم ئال، ئىش دېگەن تۈگەپ كەتمەيدۇ، تويغىچە تايدەك قىيغىتىدىغان بولۇپ كەتسەڭ تويلىرىڭدىن چاڭ چىقىرىۋېتىمىز.

قېيۇم ئاكىنىڭ بۇ چاقچىقىدىن بالنىست بۆلۈمىدىكى كەيپىيات بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز ئاچچىقلانغىنىدىن خىجىللىق ھېس قىلغان بەختىيار، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ھەم ئەنسىرەش ھەم ئىزا ئىچىدە تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن غۇنچەمگە شۇنداقلا زەڭ سېلىپ قاراشقا باشلىدى. بىر قانچە قېتىملىق دىئاگنوزنىڭ نەتىجىسى

شۇبولدىكى ـ بەختىيارنىڭ كېسىلى يامان كېسەل، ئاخىرقى باسقۇچ، توي قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!

ـ ياق، ياق! مۇمكىن ئەمەس، مەن ئىشەنمەيمەن! ـ زاۋۇت ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ زاۋۇت باشلىقلىرى ئاغزىدىن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان غۇنچەم گويا ئوچۇق هاۋادا چاقماق چاققاندەك قاتتىق ئەندىكىپ، هۇشىدىن كېتىشكە تاسلا قالدى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش، بىردەمدىلا قول ياغلىقنى هۆلدەپ بولدى.

ـ سىڭلىم غۇنچەم، ـ زاۋۇت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ساتتار ئاكا، غۇنچەمگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى،ـ بۇ خەۋەرگە بىزمۇ ئىشىنىشنى خالىمايمىز. پۈتۈن زاۋۇتنىڭ ئىپتىخارى، كۆز ئالدىدىمىزدا چوڭ بولغان بۇ بالىنىڭ مۇشۇنداق كېسەلگە دۇچار بولۇشىغا مەنمۇ ئىشەنمەيمەن. بىراق، دوختۇرلارنىڭ دىئاگنوزى بۇ بىر رېئاللىق. هازىر بەختىيارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدىغان بولدۇق. پۈتۈن رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ بولدى. ئەندى ئىككى ئائىلىدىكى چوڭلارنى ئەنسىرەشتىن خالىي قىلىش سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز. تەلىيىمىزگە، بەختىڭىزگە بۇ يەردىكى دىئاگنوز خاتا چىقىپ قالار، روھلۇق بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، هازىرچە بۇ ئەهۋالنى چوڭلارمۇ، بەختىيارمۇ بىلمەي تۇرسۇن.

ـ ئاھ، بۇ نېمە قىسمەت، تەقدىر بىر ئادەم بىلەن شۇنچىلىكمۇ ئويناشامدۇ؟ ياق، ياق، مەن ئىشەنمەيمەن، بىر قانچە كۈندىن بۇيان دوختۇرلارنىڭ پاتپاراقچىلىقىدىن كۆڭلۈم بىر نېمىلەرنى سەزگەنتى، ئاپىرايلى، تىزراق ئاپىرايلى، بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە بولسىمۇ ئاپىرايلى، چوقۇم ئامال قىلىپ بەختىيارنى قۇتقۇزۇپ قالايلى. جېنىم چاڭجاڭ، شۇجى، ساتتاركا، تەشكىلنىڭ قىلغان غەمخورلۇقىنى بەختىيار ساقايسىلا بىز بىر ئۆمۈر ئىشلەپ قايتۇرىمىز، ئامال قىلىڭلار. . .

× × ×

بەختىيار ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، راك كېسەللىكى بويىچە خېلىلا تەجرىبىلىك هېسابلانغان هەربى رايون دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. زاۋۇتتىن غۇنچەم، قېيۇم ئاكىلار كۈتۈشكە ئاجرىتىلدى.

دوختۇرخانا بالنىست بۆلۈمىنىڭ 3- قەۋەت شەرقى بۇرجىكىدىكى يالغۇز كىشىلىك «314» ياتاق ـ دوختۇر، سېستىرالارغا بەلگىلىك (خەنزۇ تىل ئاهاڭى بويىچە «ئۆلىدۇ» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان) جەۋرائىلنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كېسەللەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، شۇ ۋەجىدىنمۇ ـ كىن بۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىمارلارغا دوختۇر، سېستىرالار ئالاهىدە كۆيۈنۈش، خەيرخالىق قىلىش تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. گەپ - سۆزلەردىمۇ ئىنتايىن ئېهتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇشاتتى. بەختىيار مانا شۇ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كىشىگە ئاجايىپ هوزۇر بېغىشلايدىغان ئۈرۈمچىنىڭ سېنتەبىر كېچىسى، بالنىست بۆلۈمىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئاشۇ ياتىقىدا بەختىيار، هاياتتىن ئۈمىد ئۈزمەي، جەۋرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. تۈنجى قېتىملىق ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ناركوزنىڭ كۈچى تۈگەپ پۈتۈن بەدەنلىرىنىڭ سىقىراپ ئاغرىشلىرىنى سەزگەن لېكىن ئىڭرىغىدەك ماجالى قالمىغان بەختىيار، يىراقتىن ئاڭلانغان پويىز گۈدۈكى ئاۋازى بىلەن كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىگە هاياتلىق ئاتا قىلىۋاتقان كىسلورود، ئاسما ئوكۇللار قاتارىدا بىر جۈپ، ياشلار ئۇنجۇپ چىقىۋاتقان قاپقارا «مۆلدۈر» بۇلاقنى كۆرۈپ، هاياتقا، ياشاشقا بولغان ئىشەنچى هەسسىلەپ ئاشتى. قانلىرى ئۇرغۇپ، روهى تېتىكلەشتى.

ـ غۇنچەم، يەنە يىغلاپسىزغۇ؟

ـ يىغلىمىدىم، ياق يىغلىمىدىم.

ـ بۈگۈن سېنتەبىرگە قانچە بىلەمسىز؟

ـ بىلمەن، بۈگۈن 18- سېنتەبىر.

- توغرا، بۈگۈن 18- سېنتەبىر، ئەگەر كېسەل بوپ قالمىغان بولسام تويىمىز بولغىلى بىر ھەپتە بولغان بولاتتى. ھە؟!

- بولىدۇ بەختىيار، چوقۇم بولىدۇ. سىز ساقىيىڭ، سىزنىڭ ساقىيىشىڭىز ھەممىمىز ئۈچۈنلا توي. ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا تېخى بىز مەڭگۈ بىللە بولىمىز.

- غۇنچەم، دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە بىز توي قىلساق بولمايدىكەن، مېنىڭ سالامەتلىكىم بۇنىڭغا يار بەرمەيدىكەن، بۇنى بەلكىم سىزمۇ ئۇققانسىز؟ مۇشۇ بىر - ئىككى ئاي ئىچىدە كۆپ جاپا چەكتىڭىز، كېچە - كۈندۈز يېنىمدىن ئايرىلماي ماڭا ھەمراھ بولدىڭىز، مەن كۆپ ئويلاندىم غۇنچەم. ھاياتتىن ئۆز نىسىۋەمنى ئېلىش، بۇ مېنىڭ ھوقۇقۇم. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن شەخسىيەتچىل بولسام، بۇنىڭغا ۋىجدانىم ئازابلىنىدىكەن. بىز مەڭگۈلۈك ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالايلى، توي قىلمايلى.

بەختىيارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان غۇنچەم، بەختىيار ئۆز كېسىلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىپ قاپتۇ دېگەن ئويدا تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى-دە:

- نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، بەختىيار، بالنىستىن چىقسىڭىزلا ئاستا - ئاستا ياخشى بوپ كېتىسىز ئەمەسمۇ؟! مەن سىزگە ئۆمۈرۋايەت ھەمراھ بولىمەن، - دېدى ھاياجان ئىچىدە.

- كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، غۇنچەم، سىز ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلدىڭىز، ھاياتىمغا يېڭى مەنا قوشتىڭىز، تۇرمۇشنىڭ نى، نى لەززەتلىرىنى سۈرۈش ئىستەكلىرىم سىز ئارقىلىق ئويغاندى. لېكىن بۇ مەرەز كېسەل مېنى ھەر خىل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ، - بەختىيارنىڭ ئاجىز بەدىنى ئۇنىڭ قەلب قېتىدىن چىقىۋاتقان ھاياتلىق نىداسىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ قانداق، پېشانىسىدا مۇنچاق - مۇنچاق تەرتامچىلىرى پەيدا بولۇپ، سۆزلەشتىن توختاپ قالدى. غۇنچەم دەرھاللا ئۆڭگە بىلەن بەختىيارنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتتى ۋە ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان يىغىنى زورغا بېسىپ، مېھرىبان ئانىلاردەك بەختىيارنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيدى-دە، - ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچەمسىز؟- دەپ سورىدى.

- ئىچەي، سىز بەرگەن قايناقسۇ ماڭا ھازىر ئالىي زەمزەمدەك شىپا بولىدۇ، دەڭا، - دېدى بەختىيار چاقچاق قىلىپ.

- ئۇنداقتا، مۇشۇنداق ئابى زەمزەملەرنىڭ سىزنى ساقايتالىشىغا نېمىشقا ئىشەنمەيسىز؟ جېنىم بەختىيار، يوق خىياللارنى قىلماڭ، بىز چوقۇم مۇرات - مەقسىتىمىزگە يېتىمىز.

- رەھمەت غۇنچەم، ھېلىمۇ سىز قېشىمدا بولغاچقا ئۆزەمنى پەقەتلا كېسەلدەك سەزمەيۋاتىمەن. لېكىن رىئاللىققا ھۆرمەت قىلماسلىق بولامدۇ؟

- بولىدى، بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى، چارچاپمۇ كەتتىڭىز؛ كېلىڭ، دۈمبىلىرىڭىزنى سىلاپ قوياي، بولمىسا ئوڭدا يېتىۋېرىپ كارىۋات يارىسى بولۇپ قالماڭ، - دېدى غۇنچەم سۆز تېمىسىنى يۆتكىمىسە، ئۆزىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بەختىيارغا ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ.

«سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەندەك، دوختۇر- سېسترالارنىڭ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ داۋالىشى، غۇنچەمنىڭ ئۈچ ئاي جەريانىدا بەختىيارنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇنىڭغا مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ ئاتا قىلىپ، روھىي جەھەتتىن داۋالىشى نەتىجىسىدە، قان ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسىدىن كېيىن بەختىيارنىڭ كېسىلى دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلىنىپ، ئاياققا تۇردى. ياشلىق، پاك سۆيگۈ، ھاياتقا بولغان چىن ئەقىدە، دوختۇرخانا تارىخىدا مۆجىزە يارىتىپ، «314» ياتاققا نوسۇلكا بىلەن ئېلىپ كىرىلگەن بەختىيار، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولسىمۇ غۇنچەمنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن

مېڭىپ چىقىپ كەتتى. بەختىيارنىڭ ساقىيىپ قايتىپ كېلىشى بەختىيار، غۇنچەملەر ئائىلىسىنى شاتلىقتا چۆمۈلدۈرۈپلا قالماي بەلكى، زاۋۇت ئىچىنىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ كېسىلىدىن ئەنسىرىگەن، ئۆرۈمچىگە يوقلاپ بارالمىغان دوست - بۇرادەرلەرنىڭ خىزمەتداشلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى. گۈلسۈمخان ئانا هال سوراپ، يوقلاپ كېلىپ - كېتىۋاتقانلارنى ئۇزۇتۇپ هالىدىن كېتەيلا دەپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئائىلىنىڭ تىرىكى، كۆز نۇرى بولغان ئوغلىنى مۇشۇنداق بىجىرىم هالدا ئۆز ئالدىدا كۆرۈۋاتقاچقا، خۇشاللىقتىن قىلىدىغان قىلىق تاپالمايتتى. يوقلاپ كەلگەن زاۋۇت رەھبەرلىرىگە، ئوغلىنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالاهىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كۆزيېشىمۇ قىلىۋالدى. دېمىسىمۇ بىر ئىش ئورنى يوق تول ئايالنىڭ تەشكىللىنىڭ غەمخورلىقى، ياردىمىسىز 26 مىڭ يۈەن چىقىم قىلالىشى مۇمكىنمىدى؟!

يىللىق ئائىلىنىڭ شات - خۇراملىقى، ئەلنىڭ ياخشى تىلىكى ئاستىدا بەختىيارنىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ هال گۈلسۈمخان ئانىنىڭ، ئوغلىنىڭ كېسەللىكى تۈپەيلى توختىتىپ قويۇلغان ئومۇرلۇك ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئانىلىق قەرزىنى ئادا قىلىش ئارزۇسىنى قايتا قوزغىدى.

- بالام، سەن ئۆيىمىزدە هەم دادا هەم ئاكا يوللۇق بولۇپ كېلىۋاتىسەن، ئۇكا - سىڭىللىرىڭمۇ چوڭ بوپ قالدى. سەن ئۆرۈمچىدە داۋالىنىۋاتقىنىڭدا سىڭلىڭ زوھرەگە چاي ئىچىرىپ قويغانتۇق. لېكىن ئۇ، ئاكامدىن بۇرۇن توي قىلمايمەن دەپ تۇرۇۋاتىدۇ. كەلگىنىڭگىمۇ 2 - 3 ئاي بولدى. هازىر خېلىلا ماغدۇرغا كىرىپ قالدىڭ. ئۆيىمىزدە ھەممە تەييارلىق تولۇق. غۇنچەم بىلەن ۋاقتىنى پۈتۈشەڭلار تويۇڭلارنى قىلىۋەتسەك، سىڭلىڭغىمۇ يول ئېچىلسا، - دېدى ئانا بىر كۈنى بەختىيارنى ئالدىغا چاقىرىپ.

- ئانا، دوختۇرلار بالىنىستىن چىقىدىغان چاغدا ئالاهىدە ئەسكەرتكەن. هازىرچە توي قىلسام سالامەتلىكىم بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن. شۇڭا بىرەر يىل ياخشى دەم ئېلىشنى بۇيرۇغان، زوھرە قىز بالا بولغاندىكىن مەيلى تويىنى قىلىۋېرەيلى، - دېدى بەختىيار.

- ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن خەق نېمە دەيدۇ، بالام. بىلگەنلەرغۇ بىر نېمە دېمەس، بىلمىگەنلەر، ۋاي گۈلسۈمخان ئوغۇل ئۆيلەشكە قۇربى يەتمەي قىزنى چىقىرىپتۇ دېيىشىمەمدۇ. دادىڭ رەھمەتلىكنىڭ روھىنى قورۇندۇرمايلى بالام، ئوبدانراق ئويلاپ باق، - ئانا ئىلتىجا بىلەن ئوغلىغا تەلمۈردى.

ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن بەختىيار، ئۇنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن ئاستا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

نېفىت شەھىرىنىڭ مارت، ئاپرېلدىكى بورانلىق كۈنلىرى توگەپ، پۈتۈن كائىناتنى يېشىللىق پەردىسى چۈمكىگەن، جىگدىلەرنىڭ خۇشپۇرىقى زېمىنغا تارالغان ماي ئېيىنىڭ ئايدىڭ كېچىسى ئىدى. تونۇش كوچا، تونۇش يول بويلاپ بىزگە تونۇشلۇق ئىككى گەۋدە، بىر بىرسىنى قولتۇقلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان نېفىت شەھىرىنىڭ قايناق كېچىلىك بازىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ۋە «كارا ئوك» ناخشا سادالىرىغا قۇلاق سېلىشقان هالدا، چوڭقۇر خىياللار ئىلكىدە بىر بىرسىدىن گەپ كۈتۈۋاتقاندەك ئۈن - تىنسىز ئىدى.

- غۇنچەم، - دېدى بەختىيار جىمجىتلىقنى بۇزۇپ- كېسىلىمنىڭ ئەھۋالى ئۆزەڭگە ئايان، سىزنى نابۇت قىلىشنى خالىمايمەن، مەن بىلەن توي قىلسىڭىز بەختلىك بولالمايسىز.

- ئاھ، جېنىم بەختىيار، بىر قىزنىڭ ئۆزى چىن قەلبىدىن سۆيگەن كىشىسى بىلەن بىرگە بولۇشتىنمۇ ئارتۇق بەختى بولاتتىمۇ؟! سىز ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىش، بىلسىڭىز مەن ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت. گەرچە

بىز توي قىلمىغان بولساقمۇ قانۇنى جەھەتتىن ئەر - خوتۇنغۇ! ؟ نېمىشقا مېنىڭ ئائىلىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىمغا يول قويمايسىز؟!

غۇنچەمنىڭ تىترەك ئارىلاش چىققان بۇ سۆزلىرى بەختىيارنى بىر ئاز تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ، بىئىختىيار ھالدا غۇنچەمگە بولغان قايىللىقىنى، ئۇنىڭدەك ۋاپادارنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى-دە، باغرىغا چىڭ باستى. بەختىيارنىڭ قۇچاغلىشىدىن غۇنچەمنىڭ قوۋۇرغىلىرى قاراسلاپ كەتتى. ئىككى تەن بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئىدى. . . .

- غۇنچەم، ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، ئالىمادىس ماڭا بىر ئىش بولۇپ. . . . تۇل قالسىڭىز. .

. ،- غۇنچەم ئۇنى سۆزلەتكۈزمىدى. ئۆزىنىڭ ئالۇچىدەك لەۋلىرىنى بەختىيارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەختىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىۋاتقان ئېغىزىغا يېقىپ، رېئاللىققا ئويغۇن ئەمما، ئۆز ئارزۇلىرىغا زىت سۆزلەرنىڭ يەنە قۇلاق تۈۋلىرىدە ياڭرىشىغا يول قويمىدى.

- بىلىمەن بەختىيار، ھەممىنى بىلىمەن. لېكىن پۇشايمان قىلمايمەن. سىز بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇش مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت!- غۇنچەم ھازىر بەختىيارنى ئۆزىنىڭ ساقىيىشىغا ئىشەندۈرۈشنىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى، ئۆمرىنى پەقەت ئۆزىنى بېغىشلاش يولى بىلەنلا كۈچەيتەلەيدى-غانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى «بەختىيار ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ، ساناقلىقلار كۈنلىرى قاپتۇ» دېگەندەك گەپ - سۆزلەرگە ئاساسەن يەكۈن چىقىرىشىپ، بۇ تويدىن يالتىپ، ئۆزىگە ھازىر قاتتىق بېسىم ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. ھەقىقەتەنمۇ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغان، 25 يىللىق كىشىلىك تۇرمۇش مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان بەختىيارغا، ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئېرىشىشكە تېگىشلىك بارلىق تۇرمۇش لەززىتىنى تېتىپ، ھاياتتىن ئېلىشقا تېگىشلىك نېسىۋىسىنى تەقدىم قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىر خۇدادىن باشقا ئۆزىلا بىلەتتى.

- غۇنچەم، سىزگە قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ قەلبىمدىكى مىننەتدارلىقنى ئىزھار قىلىپ بولالمايمەن. ماڭا سىز قايتا ھايات ئاتا قىلدىڭىز. مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ بۇنچىلىك خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى مانا مەن ئۆز ئەمەلىيىتىمدە كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. سىز بولغاچقىلا، سىزنىڭ ئىشەنچكە تولغان ئۈمىدلىك قاراشلىرىڭىز ماڭا ھەر قاچان ھەمراھ بولغاچقىلا، كېسەل ئۈستىدىن غالىپ كەلدىم دېيەلەيمەن، - بەختىيار ئۆزىنى تۇتالمىدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشلار باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرغان غۇنچەمنىڭ چاچلىرىنى ھۆللىمەكتە ئىدى. ئاخىرى مۇھەببەت ۋىسالىغا ئېرىشكەن بۇ بىر جۈپ ياش، بىر بىرىسىنى چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا چىن بەختنىڭ قاينىمىغا چۆمۈلمەكتە ئىدى. . . .

كىشىلىك ھايات. ئۇ بىزنىڭ مېھرىبان ئانىمىز ئەمەس بەلكى، قاتتىق قوللۇق خوجايىندۇر. ئۇنىڭ قەھرى بىلەن مېھرى، شاتلىقى بىلەن قايغۇسى، ۋىسال بىلەن ھىجرانى گويا بىر ئۈچكىدىكى قوشماق مېغىزدەك بىر بىرسىدىن مەڭگۈ ئايرىلماستۇر.

فېۋرالنىڭ قۇرغاق شامىلى ئانچە كۆپ قار ياغمايدىغان بۇ شەھەردە كىشىلەرنى تولىمۇ بىزار قىلاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پۈتۈن شەھەرگە بۈگۈندىن 8-7 ئاي بۇرۇن، مۆجىزە سۈپىتىدە كېسەللىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ۋىسال شاتلىقىغا چۆمۈلگەن بەختىيارنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تارقالدى.

- ئاھ مېنىڭ كۆز نۇرۇم، قانىتىم بالام ئون گۈلۈڭنىڭ بىرسى ئېچىلمىغانتىغۇ تېخى

بالام، يېتىملىكنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىڭمۇبالام،
بۇ ئازابقا قانداق چىدايمىز بالام....

- بەختىمىز ھەجەپ قىسقا بولدىغۇ بەختىيار، بىللە ياشاپ، بىللە كېتىمىز دېمەيمىدۇق، بەختىيار، ھىجراندا قالدىمىغۇ بەختىيار، ھەسرەتتە قويدۇڭغۇ بەختىيار، ئارماندا كەتتىڭغۇ بەختىيار، كەلمەسكە كەتتىڭغۇ بەختىيار... - قانتىسى سۇنغان بىچارە گۈلسۇمخان ئانىنىڭ يىغازارى، جۇپتىدىن ئايرىلغان بۇلبۇلدەك ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلىۋاتقان ۋاپادار مەشۇق - غۇنچەمنىڭ پىغانلىق نىداسى، ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىشكەن بارلىق ئەل - جامائەتنى ئىسەدەتمەي قالمىدى. ئىچىنىش، ئەپسۇسلىنىش، ھەسرەتتە قېلىش كەيپىياتى ئىچىدە ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە مۇلاھىزە قىلىشاتتى. :

- توي قىلمىغان بولسا تۈگەپ كەتمەسكەن، دوختۇرلار شۇنداق دەپتىكەن.

- جانغا تاقىلىدىغان كېسەل بۇ، نەدە بۇ كېسەلدىن ساقايغانلار بار؟

- ئايالى ئوبدان كۆتەكچىكىلا مۇشۇنچىلىك ياشاپتۇ، بولمىسا بۇلتۇرلا تۈگەپ كېتەتتىكەن.

- ئايالى بىلمىدىكەنتۇق، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ھەجەپ توي قىپتۇ؟

- قالتىس قىزكەن جۇمۇ، تۇل قېلىشنى بىلىپ تۇرۇپ توي قىلغاندىكىن.

- ئايالىغا بەك ئۇۋال بوپتۇ. دە، توي قىلماي تۇرسىچۇ، بىچارە.

- دېمىسىمۇ ھەجەپ ياشلا تۇل قاپتۇ، ئېغىر ئاياقكەن. بۇ بالىمۇ يېتىملىكنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقانتى، ئەندىزە بالىسى تۇغۇلۇپلا يېتىملىك زاكىسىغا يۆگىلىدىغان بوپتۇ - دە، ئاھ تەقدىر، نېمە دىگەن شور پېشانىلىق بۇ؟!

- چىن مۇھەببەت شۇدە، مانا پۇشتىدىن بالىسى قالىدىكەن.

- خوتۇن ئالساڭ مۇشۇنداق ۋاپادارنى تاللىيالساڭ بەختلىك دېگىنە....

مېيىت ئېلىپ چىقىلدى. گۈلسۇمخان ئانا باشلىق بەختىيارنىڭ قومى - قېرىنداشلىرىنىڭ پىغانلىق ئاھۇ زارى، بىچارە غۇنچەمنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ «بەختىيار، بەختىيار» دەپ قىلغان نىداسى، ئۇزۇنغىچە جىنازىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقان كىشىلەرگە ئەكس سادەك ئاڭلىنىپ تۇردى.

قاتتىق تولغان ئازاۋىدىن ئىسىگە كەلگەن غۇنچەم، گويا چۈشتىن ئويغاندەك «بەختىيار، بەختىيار» دەپ قاتتىق ئىڭرىدى- دە، چىرايلىرى سارغايغىنىچە ھوشىدىن كەتتى. بۆلۈم ئىچىنى غۇنچەمنىڭ ئانىسى گۈلسۇمخان ئانا ۋە ئاچىسىنىڭ «بالام»، «قىزىم»، «غۇنچەم» دەپ تۇۋلاشلىرى بىر ئالدى. دوختۇرلار جىددىيلەشتى. يۇقىرى تېخنىكا ئىلغار ئۈسكىنىلەر بارلىق ئامال - چارىلار، ئانا - بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا خىزمەت قىلماقتا ئىدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! ياشلىق گۈلى ئەندىلا غۇنچىلىغان بۇ ناتىۋان، سۆيگۈ بابىدىكى ۋاپادار جانان، دۇنياغا يېڭىدىن ئاپىرىدە بولغان، چىن دىلىدىن سۆيگىنى بەختىيارنىڭ پۇشتى- قوش كېزەك ئوغلىنىڭ ھاياتلىق نىداسى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى - دە، سېستىرالارنىڭ قولىدا تېپىرلاۋاتقان نارسىدىلەرگە ئۆزىنىڭ تونجى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى ئانىلىق تەبەسسۇمىنى ئىنئام قىلدى، بۇ مەھەل ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، بەختىيارنىڭ سەكراتتىكى مىنۇتلاردا قىلغان «غۇنچەم، غۇنچەم» دېگەن ئىلتىجاسى ياڭرىغاندەك بولدى.

تۇرسۇن مۇسا



# ئەگەر ئەتە كەلسە

(ھېكايە)

سەھەر قۇياشى ئاجايىپ سېھرى بىلەن زىمىنگە مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىۋاتاتتى. يۇرەكلەرگە ھوزۇر بەرگۈچى سەلكىن شامال نازۇك گىيالارنى يېنىك سۆيۈپ سۆيگۈ قوشاقلىرىنى سۆزلەيتتى. شاخلاردا نەغمە قىلىۋاتقان قۇشلار شادىمانلىق ھاياتنى قىزغىن كۈيلەشمەكتە ئىدى.

مەھەللىنىڭ شىمالىدىكى يېشىل ۋادا. بىر قىز ياپ - يېشىل چۆپلەرنى يەڭگىل دەسسەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئايىغى تەككەن چۆپلەردىكى مەرۋايىت شەبنەم ساقىپ، قۇت تىلەپ چېچىلىۋاتقان چاچقۇدەك گۈزەل مەنزىرە نامايەن بولماقتا ئىدى.

قىز سەھەردىلا بۇ ۋادىغا كەلدى. ئۇنى بۇ يەرگە ھېچكىم تەكلىپ قىلمىدى. پەقەت دولقۇنلاپ تۇرغان تەشنالىقى، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان قىزلىق ھېسسىياتى، سىرلىق تۈيغۇ بېرىۋاتقان ئارزۇ - ئارمانلىرىلا مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدىن چىققاندا ھېچكىمنى كۆرمىدى. باشقىلارمۇ ئۇنى كۆرمىدى. شۇ تاپتا ئۇ بۇ يەردە تەنها، ياق قانداقمۇ تەنها بولسۇن. ئۇنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى ئاڭلايدىغان گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلەر بار. ھېسسىياتىغا جۆر بولىدىغان يىللىق نۇر، سالقىن شامال بار. گۈزەل ياشلىقىنى، نازاكەتلىك ھۆسنىنى كۈيلەيدىغان قۇشلار بار. دېمەك ئۇنى باغرىغا بېسىپ - پەپىلەيدىغان ئىچ كۆيەرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ۋادىدا.

قىز تەبىئەتكە تويماي قارايتتى. بىر ئۆرلەپ بىر

پەسلەۋاتقان كۆكسىدىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يا شاتلىقىدىن خۇدىنى يوقوتۇپ قويغانلىقىنى ياكى قايغۇرۇپ نادامەت تۇمانلىرى ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ۋۇجۇدىدا يا شاتلىققا يا قايغۇغا ئوخشىمايدىغان پەقەت نازۇك قەلبىلا بىلىدىغان لېكىن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغان بىر تۇيغۇ غەليان كۆتىرەتتى.

قىز بىپايان ۋادىغا نەزەر سالدى. ياپ - يېشىل ۋادىنىڭ سەھەر پەيتى نېمىدېگەن كۆركەم. شۇ تاپتا بۇ ۋادىنىڭ قوينىدا قانچىلىغان جان - جانىۋارلار سەھەر پەيزىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقاندۇ؟ مۇشۇ مەنزىرە قايسى جانلىققا شېرىن تۇيغۇ بەرمەس؟ كىمنىڭمۇ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرماس؟ !

قىزنىڭ بالىلىقى - ئۈسمۈرلىكى مۇشۇ ۋادىدا ئۆتتى. ھەر بىر گىياھ، پۈتى ئاستىدا ئېزىلگەن ھەر بىر چالما ئۇنىڭ ئىزىنى ئېلىپ قالدى. دالا گۈللىرى ئۇنىڭ يۇمران بەدىنىدىن تارالغان شۇنچە ساپ شۇنچە خۇشبۇي ھىدلارنى سۈمۈرۈپ ئالدى. ئۇنىڭ سەبى ھەم پاك تېنى يۇيۇنغان كىچىككىنە ئېرىق سۈيى، جەننەت ئېرىقىدىكى سۈتتەك، جاننى ياشارتقۇچى خىسلەتلەرگە يار بولدى. قىز، بالىلىقىنى ئەسلەپ ھوزۇرلۇق ھېس قىلدىكى بۇنىڭ شىرنىسى لىۋىگە ساقىپ چىققاندەك نېپىز لەۋلىرىنى تامشىپ قويدى.

قىز ئائىلىسىدە بىر تاللا بالا ئىدى. شۇڭىمۇ، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ يالغۇزلىقىغا يەنە كېلىپ قىزلىقىغا خوش بولۇپ كۆزىگە قاراپ يەمەي يېدۈرۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ پەپىلەپ باقتى . قىز ئەقلىنى بىلىپلا مەھەللىدىكى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ئوغۇللار بىلەن باغمۇ-باغ، ئېدىرمۇ ئېدىر تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چاپىدىغان بولدى. نېمىشقىدۇ ئۇ قىزلار بىلەن تەپكۈش ياكى رېزىنكە سەكرەپ ئوينىماي، ئوغۇللار بىلەن باغلاردىن غورا ئوغورلايتتى، كۆكتاتلىقتىن تېخى قىزارمىغان پەمىدۇرلارنى ئۈزۈپ قاچاتتى. گاھى كۆڭلىرى باغۇەن ئۇلارنى تۇتىۋېلىپ، ئوغۇللارنى ئانچە - مۇنچە ئۇچۇغداپ قويۇپ، ئۇنىڭغا بۇلار بىلەن ئوينىماسلىقنى، قىزبالىدەك ئويناشنى نەسىھەت قىلىپ قويۇپ بەرسە پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمايتتى.

قىزنى، ئوغۇللار بىلەنلا ئويناپ، چوڭ بولغاندا ئەركەك زەدەك بولۇپ قالمىسا بولاتتىغۇ دەپ ئويلىغان ئانا، ھويلىسىغا مەھەللىسىدىكى ئۇششاق قىزلارنى يىغىپ مېھماندالىق ئويناشقا قانچىلىغان قېتىم ئۈيۈشتۇرغان بولسىمۇ، قىزى ئانىسىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپلا قېچىپ چىقىپ، يەنە ئاشۇ ئاپتاپتا قومچاقتەك بولۇپ كەتكەن ئوغۇللارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئويناپتتى.

بىر كۈنى قىزچاق، ئوغۇللار بىلەن بىللە ۋادىنى كېسىپ ئۆتكەن ئېرىققا سۇغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ بۇدرۇق بەدەنلىرى سۇغا تېگىشى بىلەنلا باشقىچە راھەتلىنىپ بىر - بىرىگە سۇ چېچىشقا باشلىدى. ئۇلار راسا قىزىپ ئويناۋاتقاندا بىر قانچە كەپسىز باللار تەڭلا چۇقىراشقا باشلىدى.

- نەچچە قوناق ئارىسىدا بىر بۇغداي تۇرىدۇ. . . . . .

- نەچچە قوناق ئارىسىدا بىر بۇغداي تۇرىدۇ. . . . . .

ھەممەيلەن ئويۇندىن توختاپ، بىر - بىرىگە قاراشتى. ھېچقانداق ئالاھىدىلىكنى كۆرمەي ھېلىقى چوقىراشقان باللارغا قاراشتى. ۋاقىرغان باللار قىزچاقنى شەرەت قىلىپ كۈلۈشتى. قىز ئىتتىك ئۆز بەدىنىگە قارىدى. ئاندىن ئوغۇللارنىڭ بەدىنىگە قارىدى. ئۇ:

- مەنمۇ قوناق، مەنمۇ قوناق. مەن بۇغداي ئەمەس، كېيىن قوناق بولىمەن، - دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى.

باللار مۇشۇ كەمگىچە قىزچاقنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشىمايدىغان يېرىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلمىغاچقا، ياكى ئاشۇ ئوخشىماسلىق ئۆزلىرىگە ھېچبىر .كاشىلا قىلمىغاچقا بىر

ھەمرىيىنىڭ قاراپ تۇرۇپ يىغلىغىنىنى تىلغا لايىق كۆرمىگەچكە ھېلىقى كەپسىز باللارنى قوغلىۋېتىپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئويۇنلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. قىزچاقمۇ يىغىسىنى تاشلاپ ئويۇنغا كىرىشىپ كەتتى.

قىزنىڭ ئانىسى قىزنى ياساپمۇ هاردى. مەيلى قانداق كىيىم كەيسۇن يېرىم كۇن پاكىزرەك ياكى يىرتماي كەيسە كاشكى، ھېلى تىزىنى ھېلى ئېتەكنى بەش پارچە قىلىپ كىرگەن.

- سەنمۇ باشقا قىزلاردەك يۇرسەڭ بولمامدۇ، - دەپ كايىيتتى ئانا. بۇ گەپلەر قىزغا بەربىر، يەنىلا شۇ ئوغۇللار بىلەن كەپسىزلىك قىلغىنى قىلغان.

ئۇ ئىشلارغىمۇ يىگىرمە يىل بولاي دەپ قالدى. لېكىن ئاشۇ ئۆتكەن كۇنلەر قىزنىڭ خاتىرىسىدە ھېلىھەم شۇنچىلىك يارقىن ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئىنسان ھاياتىدىكى ئۇنتۇلمايدىغان ئەڭ گۇزەل خاتىرە، باللىق ئەسلىمىسى بولسا كېرەك. چۇنكى قىزنىڭ يادىغا ئاشۇ چاغلار كەلسىلا، كۆڭلى باشقىچە ئېچىلىپ جېنى سۆيۇنۇپ كېتىدۇ. يەنە ئاشۇ باللىقىغا قايتىپ، كېپىنەكتەك سەكرەپ ئوينىغۇسى كېلىدۇ. بىراق بۇنىڭغا رېئاللىق يول قويىدۇ دەمسىز؟ ۋاقىت ئۇ چاغلارنى ئەمدىقايتۇرۇپ بەرمەيدۇ-دە!

ھازىر ئۇ تازا قىيامىغا يېتىپ پىشقان مىرابىا. كىملا كۆرسە ئاغزىغا ئېلىپ شورىغۇسى، يۇتىۋەتكۇسى كېلىدۇ. كىشىلەر، تەڭرىنىڭ قىزغا بەرگەن ئىنئامىدىن ھەيران قالىدۇ. كۆزلىرى قىزىرىشىدۇ. خۇددى بۇ قىز جەننەتتە ھۆرى پەرى بولماي بۇ دۇنياغا خاتا تۆرىلىپ قالغاندەك كۆزلىرىگە ئىشىنىشمەيدۇ.

ئۇ باللىقىنىڭ يالدامىسى قالغان ۋادىنى يەنە ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا لەززەتلىك بىر ئېقىن جۇش ئۇرۇۋاتاتتى. قۇياش سۆيگەن چېھرى گويا سۇزۇك قاش تېشىدەك يالىدايتتى. ئۇ كىچىك بىر دۆڭنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. بۇ دۆڭ ئۇنىڭ يادىغا ئۆتكەن ئىشتىن بىرنى كەلتۇردى. بۇ ئىشنى ئۇ ھەر بىر ئويلىغىنىدا سەزگۇلىرى لەرزىگە كېلىدۇ. شۇ چاغدىكى ئۆزىگە نېسىپ بولغان ئاشۇ بەختىنىڭ مۇنچە چۇچۇك ھەم سىرلىقلىغىنى ھازىرقىدەك ھېس قىلمىغىنىغا، ھۇرمەت قىلمىغىنىغا خىجىل بولىدۇ، ئۆكۇنىدۇ.

قىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۇتتۇرۇپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. قەلبىنى ئىگىلىگەن جىددىيچىلىك، ئەنسىزلىك ھەم كېچە - كۇندۇز بېسىپ تەكرار قىلىشلار ئۇنىڭ بىرلىك ئېتىنى چۇشۇرۇۋەتكەن ئىدى.

ئۇ ھەر كۇنى ئۇيۇق لېۋىئاقىرىشىغا-كىتاب- دەپتەرلىرىنى قولتۇقلاپ مۇشۇ ۋادىغا كېلەتتى. ئۇ ئۇدۇل ھازىر تۇرغان كىچىك دۆڭلۇككە چىقىپ دەرس يادلاشقا باشلايتتى. سەھەردىكى ساپ ھاۋا، تېنىچ مۇھىت قىزنىڭ سەزگۇلىرىگەئاجايىپ ئاراملىق بېرەتتى. ئۇنىڭ چارچىغان نېرۋىلىرى بۇ يەردە شۇنچىلىك ئېچىلىپ كېتەتتىكى ھەر قانداق قىيىن سوئالنىمۇ ئېككى رەت ئوقۇپلا ئەسلەپ قالدۇرىۋالاتتى.

بۇگۇنمۇ ئانىسى بىر قېتىم چاقىرىسىلا ئورنىدىن تۇرۇپ يۇز - كۆزلىرىنى يۇدىدە ناشتىمۇ قىلماي ۋادىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭچە قورساق توق بولسا ھېچ ئىش خۇش ياقماي مۇگدەك بېسىپلا تۇرىدىكەن. شۇڭا كۇن قىزىغىچە قورساقمۇ تازا ئېچىپ كەتمىگەندىكىن قىيىن ئىككى سوئالنى بولسىمۇ يادلىۋېلىشقا بولاتتى.

قىز يىراقتىن، ئۆزى ئولتۇرىدىغان دۆڭلۇكتە بىر ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۇپ، ئاشۇ دۆڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇقتەك ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقا ئادەمنىڭ چىقىش ھەققى يوقتەك، قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ھەمدە بۇگۇن تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىگە قىزىقىپمۇ قالدى. تۇرۇپلا سەھەر

قاراڭغۇلۇقى تېخى تارقىلىپ بولماستا كېلىپ ئولتۇرغان ئادەمدىن سەل قورقۇپمۇ قالدى. شۇنداقتىمۇ قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ دۆڭلۈككە يېقىنلاشتى.

قىز دۆڭدە ئولتۇرغان يىگىتنى تونىدى. يىگىت ئۇنىڭ ئون يىللىق ساۋاقدىشى. ئۇمۇ ئوخشاش ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. قىز يىگىتكە ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— بۇ يەرگە چىقىۋاپسىزغۇ؟ — سورىدى قىز.

— نېمە، چىقسام بولمامدىكەن؟ — قايتۇرۇپ سورىدى يىگىت.

قىز تازا ئەپسىز سوئال سورىغىنىغا خىجىل بولۇپ قالدى.

— ياقەي، — قىز ئۆزىنى سەل تۇتىۋالدى، — دېمەكچى بولغىنىم بۇ دۆڭگە كۈندە كەلمەيتتىڭىز دەيمەن.

— ھەر كۈنى ئاۋۇ دەرەخنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، قارىسام بۇ دۆڭنى ھېچكىمگە بەرمەيسىز، شۇڭا مەنمۇ دۆڭنىڭ نېمە خاسىيىتى بارلىقىنى كۆرۈپ باقاي دېدىم.

— قانداق، خاسىيىتىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — قىز تاتلىق كۈلۈپ سورىدى.

— ھېلىمۇ كۆرۈۋاتىمەن، سىز بىلەن مۇشۇنداق تۇرۇشمۇ بۇ دۆڭنىڭ خاسىيىتى ئەمەسمۇ؟! — يىگىت بۇ مەنالىق سۆزلىرىم تەسىر قىلدىمۇ قانداق، دەپ قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

قىزنىڭ يۈزى قىزىرىۋاتقان ئۇپۇق بىلەن رەڭداش تۈسكە كىردى. ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قولىدىكى كانسېپكىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— دەرىخىڭىزنىڭ ئاستىغا بارسىڭىز بولمامدۇ؟ بۇ چاقىچە بىرەر سوئالنى بولسىمۇ يادلاپ بولاتتۇق، — دېدى قىز گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.

— ھازىرلا كېتىمەن. كېتىشتىن بۇرۇن سىزدىن بىر ئىشنى سوراۋالسام. . . يىگىتنىڭ ئاۋازى تۆۋەنلەپ گېپىنىڭ ئاخىرى ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغۇدەك چىقتى.

قىز ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن يىگىتكە تىكىلدى.

— نېمە ئىشنى؟

— ھېلىقى . . . ھېلىقى . . . ئەمدى يىگىت باياتىنقى شوخلۇقىنى تامامەن يوقاتقانتى. ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا خۇددى ئەيىپكارلاردەك دۇدۇقلايتتى.

— نېمە ھېلىقى؟ — قىز تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى.

— ھېلىقى خەتنى . . . يىگىت تولىمۇ تەستە سورىدى.

— ھە، ھېلىقى خەتنى سىز يازغانمۇ؟ — قىزنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىغان غەزەپ كۆزلىرىدىن چاچراشقا باشلىدى. يىگىت قىزنىڭ ئەلپازىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قېتىپلا قالدى، — ئۆزەڭچە مېنى كىم كۆردۈڭ، — قىز ئەمدى سەنلەشكە ئۆتتى، — شۇنداق خەتنى يازىدىغان ئادىمىڭنى تېپىپ ياز. مەن تېخى ئۈنچىلىك بولۇپ كەتمىدىم. خېتىڭنى ئاپپايغا تاپشۇرۇپ بېرەي دېگەنتىم، كىمنىڭ يازغانلىقىنى بىلمىگەچكە يىرتىۋەتتىم. . . . .

يىگىت ئىزىل- ئاھانەتتىن ئۆلمىدى، ئۇنىڭ بىرىسى بولدى. ئۇنىڭ ئەلەملىك كۆزلىرى كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك مۆلۈلدەپ تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ مۇنچە تەرسا ھەم نازۇكلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنتى. ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا قەدەمنى تازا پۇختا باسمىغانلىقىغا تولغىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، قىزنىڭ زەھەردەك سۆزلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۆڭدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ كۆزدىن غايىپ بولدى. يىگىت دۆڭنىڭ خاسىيىتىنى ئەمدى كۆرگەندەك بولغانتى.

قىز ئانىسىنىڭ ئەندىشىسىدەك ئەكەك- زەدەك چوڭ بولمىدى. ئەكسىنچە قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەرنى ئۆزىگە يار قىلىپ ئۆستى. بىراق زىتىغا تېگىپ قالىدىغان

ئىش بولسا ھەرگىز بوش قويىۋەتمەيتتى. بۇمۇ كىچىكىدىن ئوغۇللار بىلەن بىللە ئۆسكەنلىكىنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك.

مۇندىن بىر ھەپتە ئىلگىرى قىز، كىتابنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچە خەت تېپىۋالدى. خەت نامەلۇم يىگىت تەرىپىدىن يېزىلغان سۆيگۈ مەكتۇپى ئىدى. قىز خەتنى دەرھاللىقا چۈشىنەلمىدى. چۈشەنگەندە بولسا غەزەپلەندى. مۇھەببەت باغلاشقا زورلىغۇچىنى قارغاپ - تىللىدى. ئۆزىگە «ئاھانەت» قىلغۇچىنى مۇئەللىمگە چاقماقچى بولدى. لېكىن كىمنى چاقىدۇ، خەت ئىمزاسىز. خەتنى مۇئەللىمگە بەرسە بۇ ئىشنى ئېنىقلىغىچە مەكتەپتىكى ھەممىسى بىلىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ يۈزى چۈشىدۇ. شۇڭا يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن دەپ خەتنى ھىچكىمگە تۇيدۇرماي يىرتىۋەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىسى يادى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش بولغاچقا ئۇ ئىشلار شۇ زامان ئۇنتۇلدى. خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، كىمنىڭ ئۆزىگە يەر تېگىدىن تەلمۈرۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىدى. بۈگۈن بولسا خەت ئىگىسى ئۆزى كەلدى. قىز يىگىتنىڭ تازا ئەدىبىنى بەرگەنلىكىدىن خۇش بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئاخىرلاشتى. كېيىن ئۇلار ئىمتىھانغا قاتناشتى. قىز يىگىتنى ئەدەپلەپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى. يىگىتمۇ قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ قىز ئالىي مەكتەپكە ماڭدى، يىگىت نومۇرى توشماي ئۆتەلمىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. قىز مەكتەپنى پۈتتۈرۈپمۇ كەلدى. كېيىنچە قىز شۇنى ھېس قىلىپ قالدىكى، ئاشۇ كۈنى سەھەردە ساۋاقدىشىغا تولىمۇ قىزىققانلىق قىلىپ، يىگىتلىك غۇرۇرىغا قاتتىق تەككەنلىكىنى، يىگىتنىڭ مۇھەببىتىنى دېمىسىمۇ، ساۋاقداشلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ چىرايلىق تۆت ئېغىز گەپ قىلمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. ئەتىلىلەردە كەلگەندە يىگىتنى تۇسۇپ ئەپۇ سورىماقچىمۇ بولدى، لېكىن، يىگىت ئۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالاتتى. ھازىر ئۇ يىگىت كىچىك بىر ئۇن زاۋۇتىنىڭ خوجايىنىكەن، توي قىلىپ بالىلىقمۇ بولۇپتۇ، ئەتىمالىم ئۇ ئىشلارمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكەندۇ. بىراق قىز ئۇنتۇلالمايدۇ. ئۇ ئىشلار تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشقان بولسىمۇ لېكىن تۇنجى مۇھەببەت سىرى ئەمدىلەتىن ھېس قىلغاندا ساۋاقدىشىنىڭ توي قىلىپ ئائىلە خوجايىنى بولۇپ كەتكەنلىكى ئۇنى ئۇممىدسىزلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىش بىر چۈش تۈسىدە قىزنىڭ يۈرىكىدە ساقلانماقتا ئىدى.

قىز دۆڭدىن چۈشۈپ ئاستا ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ماماكاپ گۈلىدىن بىرنى ئۈزىۋېلىپ ئاستا پۈۋلىدى. ئاپپاق تۇزغاقلار كۆككە ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ باللىق چېغىدىن باشلاپ شۇنداق پۈۋلەپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى.

قىز شىرىن ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قۇچىقىدا ياىراۋېتىپ تۇيۇقسىز توك سوققاندەك ئەندىكىپ كەتتى. بىرسى قولىدىكى ئەنگۈشتەرنى تارتىۋالغاندەك ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى. ئەتتىگەندىن بېرى كۆرگەن، ئويلىغان، سۆيۈنگەنلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

راست ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ... ئەتە چۈشكە ئايلىنىدۇ، تولىمۇ شىرىن، تولىمۇ نازۇك بىر چۈشكە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ئەتە ئۇنىڭ تويى بولىدۇ. ئۆزى سۆيگەن، ئاتا - ئانىسى رازىلىق بەرگەن بىرسىگە ياتلىق بولىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ شاتلىقىغا، كۈلكىسىگە يەنە بىر ئادەم ھەمرا بولىدۇ ياكى ئۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ شاتلىقىغا، كۈلكىسىگە ھەمرا بولىدۇ. بۈگۈن ئۇ تەنھا ھاياتىنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىگە ئۆزى ئەركى بىلەن قاتنىشالايدۇ. دۇنيادا ئەركىنلىكتىنمۇ ئۇلۇغ نەرسە يوق. قىزنىڭ سۆيگىنىمۇ ئەخلاقلىق ھەم پەزىلەتلىك يىگىت. قىزنىڭ كۆزىگە قارايدۇ. ۋاپا - ئەقىدە بىلەن

بېشىنى سىلايدۇ. شۇنداقتىمۇ قىز بىلەن ئىككى ئەندىكى بىر يۈرەك بولالمايدۇ. ئۇنىڭمۇ غورۇرى، مەيدانى بار. بەزىدە قىز ياقتۇرغاننى ياقتۇرماس، قىز ماختىغاننى ماختىماس. ئەگەر قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، قىز نېمە دېسە شۇ ھېساپ دىسە بۇنىڭغا ئىنسانىي نۇقتا يول قويامدۇ؟ ھايات مۇساپىسىدە دوقاللارغا پۇتلىشىپ قالىدىغان ئىشلار بولمامدۇ. شۇنداق چاغلاردا يۆلەيدىغان، كېيىملىرىنى قاقىدىغان، ئالدىغا قاراپ ماڭساڭ بولمامتى دەپ كايىپ قويىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن بىر ئائىلىنى بۇزغىلى بولمايدۇ. ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەلۋەتتە قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە يارىشا سۆزلەت قىلىش ياكى ئەپۇ سوراشقا توغرا كېلىدۇ.

قىز ئەتىدىن باشلاپ ئاشۇ يولغا ماڭىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆيىدىكى چېچىدىن تولا ئىشنى تاشلاپ بۇ ۋادىغا كەلدى. ھاياتنىڭ كىچىك سىناقلىرىغا جاۋاب تاپتى. تۇرمۇشنىڭ، توي قىلىش دېگەن تولىمۇ كەڭ دائىردىكى ئابستراكىت ئۇقۇمنىڭ تېگىگە يۈزەكى بولسىمۇ يەتتى. بۇنىڭلىق بىلەن ھېسسىيات ۋە يات جىنىسقا ئىنتىلىش تۇيغۇلىرىنى بوغقان بىلەن بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ھايات ئاجايىپ مۇرەككەپ بولىدىكەن، قىز كىچىككىنە سوئالغا جاۋاب تاپقان بىلەن شۇنىڭغا ئۇلىنىپ مىڭلاپ ـ ئونمىڭلاپ سوئال تۇغۇلاتتى. ئۇ ھاياتنى مۇشۇ ۋادىدا ئۆتكەن بالىلىقىدەك شۇنچە سەبى، شۇنچە تاتلىق دەپ ئويلايتتى. لېكىن كاللىسىدا تۇغۇلۇۋەرگەن چاقماقلىق ئويلاردىن شۇنى ھېس قىلىپ قالدىكى، تۇرمۇش يولى ئاجايىپ سېھىرلىك بولىدىكەن، ئىككى تەن بىرلىشىپلا لەززەتلىنىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىش بىلەنلا بۇ يولدىن ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى.

شۇنداق، ئەتە قىزنىڭ تويى بولىدۇ. قارشىلىقسىز بىر ئەرنىڭ قوينىغا كىرىدۇ. يۇمران كۆكسى، گۈل بەرگىدەك لېۋى ئاشۇ ئەرنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەلۋەتتە تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز جاۋابىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندەك ئۇھ تارتتى.

قىزنىڭ يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈشكە باشلىدى. ئاسماندا ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق. قۇياش، مەندە بارى شۇ دېگەندەك پۈتۈن ھارارىتىنى تۆكمەكتە.

قىز خىلمۇ ـ خىل توقۇنۇشلار ئاسارىتىدە يىراققا كۆز تىكتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر دۇنيا جىلۋىلەنمەكتە ئىدى.

« دۇنياغا تۆرەلگەندىكىن كۆرۈشكە تېگىشلىك، ھەممە ئادەم بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلار بىلەن ئۇچرىشىش كېرەك ـ دەپ ئويلايتتى قىز ـ ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇش، توي قىلىش، بالىلىق بولۇش نۇرغۇن ـ نۇرغۇن بەختلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش، تاساددىپى يولۇققان مۆجىزىلەرنى يەنى، قانداقتۇر كىشى ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىش ـ مانا بۇ ھاياتنىڭ ھەقىقى مەنىسى. ئىنسان تۇغۇلىدىكەن بېشىغا كېلىدىغان ئىشلاردىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن ئەلۋەتتە چىدام، كۆرەش قىلىش رۇھىغا ئىگە بولۇش كېرەككەن. »

قىز يەڭگىل نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى چېھرىگە سۆيمۈۋاتقان زىلال نۇرلاردەك شۇنچە يورۇق ھەم پاك ئىدى. ئۇ، مېھرىلىك ۋادىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تويماي بېقىپ، كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئالدى. بۇ ياشلار يا قايغۇ يېشىغا يا شاتلىق يېشىغا ئوخشىمايتتى بەلكى قىيالماسلىق ياشلىرى ئىدى.

بو ۋادا مانا مۇشۇنداق پەرزەنتلىرى بولغاچقىلا شۇنچە قەدىرلىك، شۇنچە مۇھەببەتكە باي، شۇڭا ھامان يېشىل تۇرىدۇ.

ئەگەر ئەتە بۇ قىز مۇشۇ ۋادىغا كېلەلمىسە، يەنە قانچىلىغان ۋاپادار قىزلىرى كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ ئەلۋەتتە.

ئادىل يۈسۈپ

# مامۇق پەرلەر

بېشىمغا بىرەر دەرت - ئەلەم كەلسە، ئۆز - ئۆزۈمگە زېمىننىڭ چىداملىقلىقى توغرىلىق ھېكايە سۆزلەيمەن .

2

يۈرىكىم داۋاملىق سېنى ئىزدەپ ئۇچۇپ كەتمەكچى بولىدۇ، بىراق مەن ئۇنى كۆكرەك قەپىزىمدىن چىقارمايمەن. ئۇنىڭ خۇرسىنىشلىرى مېنىڭ تىرىكلىكىمدىن بىشارەت بېرىدۇ.

3

قۇياش دۇنياغا ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن پات - پات بۇلۇتلار كەينىگە ئۆتۈۋالىدۇ.

4

ئەزرائىل ئىشىكىمدىن كىرىشكە تەمشەلگەندە، ئىشىكنى تاقىۋالدىم، بىراق ئۇ ھاۋا ئالماشسۇن دەپ ئېچىپ قويغان دېرىزەمدىن كىرىپ جېنىمنى ئالدى.

5

يىلان يىلدا بىر قاسراق تاشلىغان بىلەن، باشقىلارنى چاقىدىغان ئادىتىنى ئۆلگۈچە تاشلىمايدۇ.

6

ئەي، بەندىلەر، يوللىرىمدا مېڭىڭلار، لېكىن يېتىۋالماڭلار، گۈللىرىمنى پۇراڭلار، لېكىن ئۈزۈۋالماڭلار!

7

ئەي گۈلۈم، مەن شېئىر، سەن مۇزىكا، پەرزەنتىمىز يېقىملىق ناخشا .

8

ئۆلۈپ كېتىشىمدىن ئەمەس، ئۆلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن.

9

ساپدىللىقنىڭ يامانلارنىڭ پالتىسىغا ساپ بولمىسۇن.

10

مەن ئۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قالغىنىمدا، ئۇمۇ مېنىڭ ھاڭۋاقتىلىقىمغا ھەيران قالغان ئىدى.

11

ماڭا تېخىچە نېسىپ بولمىغان، لېكىن مەن كېچە - كۈندۈز تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان نەرسىنىڭ ۋىسالىدىن كېيىنكى ئۆلۈم ئىكەنلىكى بەرھەق !

12

ئەي گۈلۈم، بۇلبۇلۇڭ بولالمىساممۇ تىكىنىڭ بولۇپ، پاك ۋۇجۇدۇڭغا سوزۇلغان ناپاك قوللارنىڭ دەككىسىنى بېرەي .

13

باغۋەن بۇلبۇلغا؛ «خۇن - خۇن كۆز يېشىڭ، ئاشىقانە كۈيلىرىڭ - قىزىل گۈلنى پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن تۆككەن مېھنىتىمنىڭ بەدىلى بولسۇن!» دېدى.

14

سەھەر قۇياشنىڭ رۇخسارى ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن بالدۇر تۇرۇپ بولغانلارنى كۆرگەن ئىدى.

16

ئېھ تەڭرىم، كۈزدە ياققان سىم- سىم يامغۇرۇڭ پەرىشان خاتىرەمنى نەمدەپ قويدى. ئەمدى مەن رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا ياش تۆكمىگەنلىكىمنى قانداق ئىسپاتلايمەن؟!

17

ئەي كېچە، يۇلتۇزلىرىڭغا ئېيت، ئاينىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، ئۇنى ھاكاۋۇر قىلىۋەتمىسۇن!

18

تەڭرى بىز ئىنسانلارغا پەقەت تاللاش ئەركىنلىكىنىلا بەرگەن، قىيامەتنىڭ قوش دەرۋازىسى بولغان بىر جۈپ كۆزىمىز بۇنىڭ شاھىدى.

19

بوتا كۆزلەرنىڭ قادىلىشىدىن خاتىرەمگە مەجنۇن مىسرالار مارجاندەك تىزىلىپ قالدى.

20

ماڭغان ئىكەنسەن، ئايىغىڭدىن چاڭ - توزان ئۆرلىمەي قالمايدۇ. «بالام ئارقاڭغا قارىما!».

21

ئويغاق ئادەمگە كېچىمۇ كۈندۈزدىن پەرقسىز، ئۇخلاۋەرسەڭ مەڭگۇ تاڭ ئاتمايدۇ.

بەخت چاتقىلىدىن ئۆتۈپ بولغۇچە تىتىلىپ كەتكەن تەنلىرىمنى بەختسىزلىك دوختۇرخانىسىدا داۋالاتتىم .

22.

مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشەلمىگەن بولسامۇ لېكىن ساڭا چەكسىز بەخت ۋە شادلىق تىلەيمەن . ھەتتا مېنىڭ ئۈنسىز تۆككەن كۆز ياشلىرىم ھېسابسىز ئازابلىرىمنىڭمۇ سېنىڭ بەختىڭگە ئايلىنىشىغا تىلەكداشمەن.

23

كۆسەي باشقىلارنى چوخچىلاپ، ئۇلارنىڭ تىزراق كۆيۈشى ئۈچۈن پالاقشىپ يۈرۈپ ، ئاخىرى ئۆزىمۇ كۆيۈپ كەتتى .

24

كۈزدە سولۇپ ھۆسنىدىن كەتكەن، ئەتراپىمدا سەرسان ئۇچۇپ يۈرگەن غازانلارغا قاراپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى - دە، دانىشمەندىن «يېشىللىق نەگە ئۇچتى» دەپ سورىدىم. دانىشمەن «ئۇ ئۆزىنى سۆيگۈچىلەرنىڭ ، گۈزەللىككە ئاشنا كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كۆچتى» دەپ جاۋاب بەردى.

25

-«سوغۇقى قاتتىق» دەپ بۇ يەردىن قاچمىساڭمۇ بولاتتى، توڭلارغا ئېگىشىپ قارىساڭ ، باھارنىڭ جۇلا چېچىپ تۇرغان ئىزلىرىنى كۆرەلەيتتىڭ .

26

كېچە ئۆزىنىڭ چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن مېنى قاپ - قارا قۇچىقىغا باش قويدۇردى. ۋىسال چۈشىنىڭ قارىلىق بىلەن قانداشلىقىنى زادى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن !

27

كۆيۈك داغلىرىنىڭ قارىلىقىدىن مۇھەببەتنىڭ ساپلىقى نامايەن بولىدۇ.

28

ئەي يالغانچى شائىر، سارغىيىپ غازان بولغان يوپۇرماقلارنى ئالتۇنغا ئوخشىتىپ مەدھىيىلەۋاتسەنغۇ؟ تىلىڭنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىن قورقمامسەن؟ !

29

كېتىۋېتىپ كەينىمگە پات - پات قاراپ قويۇشۇم، ئۆتمۈشكە تەلپۈنگىنىم ئەمەس، بەلكى كېلىچەك يولىدىن ئېزىپ كەتكەن - كېتەلمىگەنلىكىمنى پەرق ئېتىش ئۈچۈندۇر.

30

كەل گۈلۈم، بىللە ناخشا ئېيتايلى ، بۇ مۇھەببەتنىڭ ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلغانلىقى بولۇپ قالسۇن .

31

ئۇدۇل تىكىلىپ قارىيالماسلىقىم كۆزۈڭ دېڭىزىغا چۆكۈپ كېتىشتىن قورقىنىم. يەر تېگىدىن ئوغرىلىقچە سەپ سالغىنىم بولسا، كۆزۈڭ دېڭىزىنىڭ گۈزەللىكىنى ساھىلدا تۇرۇپ تاماشا قىلغىنىمدۇر.

32

ماي قوللارنىڭ جاپاسىنى ماشىنىلاردىن سوراڭ .

34

قاناتسىز ئىكەنلىكىمنى بىلگەن بولسام ، قانىتىم بولغان بولاتتى.

35

تاڭنى جەڭگاھىمىكىن دەيمەن، كائىناتنى قىزىللىقىقا كۆمگىنى - كېچىنىڭ قېنى.

36

دەرەخ ياپرىقىنىڭ چۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا كۈز كەلدى دېمە. دەرەخكە چىقىۋېلىپ، ياپراق سىزىش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىۋاتقانلارنىڭمۇ بولۇشىنى ئويلاپ قوي!

37

ئەزان ئۈندىن ئويغانمىغان كىشى ئۆز نەپسىنىڭ ئاچلىقتا غورۇلداشلىرىدىن ئويغانماي قالارمۇ ؟

38

پىشىپ يېتىلىش تەقەززاسىنىڭ يېتىپ بارىدىغان مەنزىلگاھى - شادلىق ۋۇشىكىسى ئېسىلغان ھالاكەت دەرۋازىسىدۇر.

39

ھايات مەنىسىزلىكلىرىنىڭ شۇ قەدەر مەنىلىك ئىبارىلەر تونىغا ئورىنىۋېلىپ ياشايدىغانلىقىدىن ھەيرانمەن .

40

كېپىنەك نەزىرىدىكى بۇلبۇل سۆيۈشنى بىلمەيدىغان ئەخمەق، بۇلبۇل نەزىرىدىكى كېپىنەك بولسا

ئېتىقادسىز ئالەمدىكى رەسۋالارنىڭ مەشھۇرى.

41

چوڭلاردىن بىرى شۇنداق دېگەن ئىدى: زامان تېخى ئۇزۇن ، ھەركىم ئۆز تاماشاسىنىڭ قىزىقىنى كۆرىدۇ.

42

ھايات - دۇنيادىن ئىبارەت بۇ ئالدام خالتا ئىچىدىكى قانائەتسىز تىركىشىشتۇر. ئۆلۈم بولسا خالتا ئاغزىغا چوڭقۇر ئېلىنغان بىر نەپەستۇر، خالاس .

43

سەن ئۈنىڭغا بولغان ساداقىتىڭنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەش ئۈچۈن بىراقلا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتتىڭ. ۋاھالەنكى ئۇنىڭغا كېرىكى كۈل ئەمەس بەلكى ئۇزاق مۇددەت يىلىنىجاپ تۇرىدىغان گۈلخان ئىدى.

ئېزىز ھوشۇر (ئارمانى)

# پەرۋىشنامە

(نەسرلەر)

(1)

ئاخشام ھويلامغا كىچىك بىر ئورۇندۇقنى قويۇۋېلىپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقىنىمچە كۆككە قاراپ ئولتۇراتتىم . ئۇشتۇمتۇت ، ئالقىنىمغا يۇلتۇزنىڭ ئىككى تامچە يېشى ئېقىپچۈشتى، ـ دە، ماڭا:

- ئەي ئادەم، سېنى كائىناتتا ئەڭ ئەقىللىق دېيىشىدۇ. قېنى، جاۋاب بەر، سىلەر ئەڭ چەكسىز دەپ تەرىپلىگەن ئاسمان نېمىشقا مېنىڭ قۇياش ئاكامنىڭ پەشلىرىگە ئېلىپ ئەركىنلىۋېلىشىمغا، ئۇكىسىلىق مېھرىمنى ئادا قىلىشىمغا يول قويمايدۇ؟- دېدى.

(2)

ئەي ھايات، يۈرىكۈمنىڭ ئۇنسىز پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى خالامسەن؟ ئۇ ساڭا ئۆلمەس مۇھەببەت كۈيلىرىنى تۇۋلاپ بېرىۋاتىدۇ.

(3)

ئاخشام يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن سېغىنچىمنىڭ ئوتلۇق ئىزتراپى مېھرى بولغانىدى، سەھەر پۇچۇلانغان ئەقىدەمنى سوغۇق تەبەسسۇم بىلەن قايتۇرۇپ بەردى .

(4)

دېرىزەمگە قويۇلغان تەشتەكتەبىر تۈپ ئەتىرگۈل خۇددى سۇنغان كۆڭۈلنىڭ ئارمىنىدەك سولۇشۇپ ئۈستى، ئاڭلىسام ئۇ خۇشپۇراق چېچىشنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

(5)

بۈگۈن ئەتىگەن قۇياشنىڭ قان ئىچىدىن قەددىنى كۆتۈرگەنلىكىنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم، ئۇ ماڭا قاراپ؛

- مەن ياراتقان ھەقىقى سۈبھىنى كىم ئوغرىلاپ كەتتى؟- دەپ تۇۋلىدى.

(6)

تاغ سۈيى، غۇرۇرۇم تىك قىيالاردا دەپ ماختىنىۋەرمەي ئۆزىنى جىلغىدا كۆردى.

(7)

ئەگەر يېقىلىپ چۈشكەن بولساڭ، تۇز ئەمەس ئىكەن دەپ يولنى ئەيىبلىمە!

(8)

تۈن تاتلىق پىچىرلىغىنىچە دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ماڭا پارلاق بىر تاڭنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بىردەمدىن كېيىن چولپان يۇلتۇزى كىرپىكىدىن ئالتۇن نۇرلارنى تۆكۈپ، چىمەنلىكتىكى ئويناق بۇلاقتا يۇيۇنغىلى كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىللۇردەك چاقناپ تۇرىدىغان قوللىرىنى ئالقىنىمغا ئالىمەندە ، پۈتۈن كېچە ئۇخلىماي تەييارلىغان سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ بوينىغا زۇننار قىلىپ ئاسىمەن . شۇنىڭ بىلەن بىز بىر جۈپ نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ دۇنياغا بەخت كۈيلىرىنى تۆۋلاپ بېرىمىز. . . . . .

تاتلىق ئارزۇلار يۈرۈكۈمنى ئويناتماقتا . ئۆزەمنى بەختىيار شامالغا ئايلىنىپ زېمىن ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەندەك ھېس قىلدىم . . . . . .

كۈچلۈك ئاپتاپ يۈزلىرىمنى قىزىتتى. كۆزۈمنى ئاچسام قۇياش بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا يالىلداپ كۆيۈۋېتىپتۇ. ئاخشامقى شېرىن ئارزۇلار گويا غۇۋا چۈشتەك يادىمغا كەچتى . ئاھ خۇدا! بۈگۈن سەھەردىمۇ خۇددى بۇرۇنقىدەكلا غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بوپتىمەن ئەمەسمۇ؟ . . . . .

ھەر كۈنى سەھەر، تاتلىق پىچىرلىغىنىچە دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەن شېرىن خىياللارنى سۈرگۈنۈمچە ئۇخلاپ قالىمەندە ، قۇياش پىشانەمنى قىزىتقاندا ئاندىن ئويغۇنىمەن . شۇنداق ، مېنىڭ بۇ تراگېدىيەم ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەتراپىمدا دەۋر قىلىپ ئايلانماقتا. . .

ھەر كۈنى سەھەر ، تۈن تاتلىق پىچىرلىغىنىچە دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. . .

(9)

يۈرۈكۈمنى بىرسى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. «ئۇ ئاقكۆڭۈل » ئوغرىنى جاراھىتىمدە قالغان بارماق ئىزىدىن تونۇۋالدىم. ھەمدە يۈرۈكۈمنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتىم . ئۇ «يۈرۈكۈڭ ماڭا لازىم ئىدى. ماڭا ھەدىيە قىلىۋەتكىن ، مەن ئۇنى تىلتۇمار قىلىپ بوينۇمغا ئاساي !» دەپ تۇرۇۋالدى . مېنىڭ يۈرۈكۈمنى ئالىلىقاچان باشقىلارغا ھەددىيە قىلىۋەتكەنلىكىمنى بولسا ئاڭلاشنىمۇ خالىمىدى. مەن ئۇنىڭغا گېپىمنى ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، ئۇنى قاتتىق بىر تەستەك سالغانـــــدىم، ئۇ يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. يۈرۈكۈمنىمۇ قايتۇرۇپ بەرمىدى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. يۈرەكسىز جاراھىتىم ياللۇغلىنىپ قالغاندىمۇ قانداق ؟ ئولتۇرسام تۇرالمايمەن، تۇرسام ماڭالمايمەن . شۇ تەرىقىدە ئۆلۈپ قالارمەنمۇ؟ ياق، مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن . چوقۇم ياشىشىم كېرەك . ھايات مەندىن ۋاقىتسىز ئۆلۈمنى كۈتمەيدۇ. ئاخىرى جاراھىتىمگە مەلھەم تىلەپ ، ئۇنىڭ شۇ ھەشەمەتلىك خاندانـــغا بېرىشقا مەجبۇر بـولـدۇم، مېھمانخانىغا قەدەم بېسىشىمغا ، بۇرنۇمغا ئاجايىپ بىر قاڭسىق پۇراق گۈپپىدە تەگدى، ئەتراپىمغا ھەيرانلىق بىلەن سەپ سېلىشقا باشلىدىم. دەھشەت! دەھشەت! ! كۆردۈمكى ئۇ مېنىڭ ئوغرىلانغان يۈرۈكۈمنى زىننەت بۇيۇمى تەرىقىدە تەكچىسىدىكى لوڭقىغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۆزى بولسا قان تامچىپ تۇرغان باشقا بىر يۈرەكنى مەستانىلارچە پۇراۋېتىپتۇ. ئەتراپىدا بولسا نۇرغۇنلىغان لوڭقىغا سېلىنغان يۈرەكلەر لەيلەپ يۈرۈپتۇ. ئاھ! خۇدا! مېنى دەرھال دەرگايىڭغا ئېلىپ كەت.

(10)

بېغىمدىكى بارلىق گۈللەر خۇشپۇراق چېچىشنى بىلىدۇ . مەن ئاشۇ گۈللەردىن ئۆز قولۇم بىلەن بىر گۈلچەمبىرەك ياسىدىم. مەن ئۇتتەك قىزىق ئالقىنىمنى ئالقىنىمغا قويۇپ تۇرۇپ ، ئاشۇ گۈلچەمبىرەكنى بېشىڭغا سېلىپ قويۇشۇمغا ئىجازەت بەر . ئۇنىڭ خۇشپۇراقلىرى مېنىڭ ساڭا بولغان

چىن ئەقىدەمنى سۆزلەپ بەرسۇن!

(11)

كۆزلىرىڭىنىڭ سايىسىدا بىرتەشنا يۈرەكنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ ؟ ئۇ ئەمدى سىنىڭ كۆزلىرىڭدە مەڭگۈلۈك يىلتىزلاش ئارقىلىقبۇرۇن تارتقان بارلىق ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى.

شاۋكەت مىجىت

# ئىككى شېئىر

## قىلاي ساڭا مىڭ تازىم

ئۇلۇغلىقتا سىڭگەندۇر روھىمدىكى ئوبرازىڭ،
سۆيۈشلەردىن تەمتىرەپ قالمىغانسەن ئەزىزىم.
تەپەككۇرۇم ئېڭىمدا پاساھەتلىك شوخ نازىڭ،
بويۇڭ ئۇشبۇ ئەنبەرچە قىلاي ساڭا مىڭ تازىم.

## نىلۇپەر

كۆللەرگە كۆللەرچە كۆڭۈل باغلىدىم ،
سادالار ئەكسىدە ئۇچتى پەرۋازىڭ .
كېپىنەك رەڭگىدە گۈل -گۈل ياغلىقىڭ،
مۇقاملار ئەۋجىدە ئوخچىدى سازىڭ .

دىللارغا دىللارچە ئورۇن راسلىدىڭ ،
كۆزلەرگە كۆزلەرچە نۇرۇڭ مۇجەسسەم.
مۇشكۈلنى كۆرۈپلا ئەسلا قاچمىدىڭ ،
جان بەردىڭ چۆلگىمۇ ئېچىلىپ كۆركەم!

ئەخەت قۇربان

# سەينەندە بىز

سەينەندىن چىقتى نىغمىت دەپ ، خۇش خەۋەر كەلگەندە، بىز ،
تەنتەنە قىلدۇق تۇماقنى ئاسمانغا ئاتتۇق ئېگىز .
بۇ باھارنىڭ شەپىسى كۆپ ئەتكەچكە ئىلھاملار بەخش ،
ھەر تەرەپتىن سەينەن تامان بىزمۇ كەلدۇق شۇنچە تېز .

فېۋرالنىڭ سوغۇقلىرى چاقاتتى جاننى بى رەھىم،
چىقىپ بوران ئۇچۇپ قارلار، ئاچقىلى بولمايتتى كۆز.

بىپايان قۇملۇقنى ئالغان شۇرغان ئاچچىق سوغۇق،
بۇ مۇھىتنى تەسۋىرلەپ تاپقىلى بولمايتتى سۆز .

يوللىرى ئەگرى توقاي ، گاھى ئېگىز گاھى تۈزۈن ،
ئېگىز - پەس ، كاتاڭلاردا ماڭغىلى بولمايتتى تېز.
ھەيرانمەن نەتۈگمەس شۇنچە يىراق يوللاركى بۇ،
چەكسىز قۇم بارخانلىرىغا قارىسا يەتمەيتتى كۆز.

نەدە ئېقىن - نەدە بۇلاق ، ھاياتتىن يوقتۇر ئەسەر ،
نەكى كارۋان - ياكى ئوۋچى نىشانىدىن قالماپتۇ ئىز.
گېئولوگلارنىڭ سىماسى كەلدى كۆزلەر ئالدىغا،
دېدىم ، بۇ تىلسىم ماكاننى قانداقلارچە تاپتىڭىز؟

قەد كۆتەرگەن ۋىشكىلار، كۆز ئالدىمدا بولدى ئايان ،
شۇندا بىلدۇق قارار گاھ سەينەن دېگەنگە كەپتىمىز .
ئەقىلمۇ بولدى ھەيران ، نېفىت دېگەن قانداق نېمە؟
ئالەم شۇنچە كەڭرى تۇرسا چۆلدە نىم باردەپتىمىز.

قۇم ئۈستىگە تاپتى قارار، تۆمۈر تاپانلىق كەپىمىز ،
قارشى ئالدى كۈندە بوران ، قانداق ماكانبۇ دەپتىمىز .
نەدە قالسۇن قۇم كىرمىگەن چىدىر بارگاھ - ئاشخانا ،
مۆلچەرلىسەك قۇم «شېكەردىن » كۈندە بىر جىڭ يەپتىمىز.

راۋا ئەمەس داتلاش دېگەن مەرتلەر ئۈچۈن ھەر نەۋاق ،
ئازلا كۈندە بۇ مۇھىتقا ماسلىشىپمۇ قاپتىمىز.
بىرمۇ ئەنقا ياكى شۇڭقار ئەسلا ئۇچۇپمۇ ئۆتمىگەن ،
بۇ جەزىر بىزنىڭ ماكان بولغانغا ھەيران قاپتىمىز .

«قان تومۇر »دا ئاقسا نېفىت دولقۇنى شىددەت بىلەن،
بىزمۇ شاتلىق ناخشىسىنى تەڭكەش قىلىپ توۋلاپتىمىز.
نەچچە ئون يىل سەن ئۈچۈن جاننى تەسەددۇق ئەيلىبان ،
ئاخىرى ئىشقىڭغا راسا مەھلىيابوپ كەپتىمىز.

يېشىمىز ئەللىكتىن ئاشقان چاللىمۇ بوش كەلمىدۇق ،
قانچە جەڭدە زەپەر قۇچقان مەغلۇبىيەتسىز جەڭچىمىز .
كىممۇ ئېيتار يەپ يېتىلىڭ دەپ ، كۈچ - قۇۋۋەتتىن قالمىدۇق ،
سەينەندىكى جاپانى دەپ قاچساق ئىزا تارتمامدىمىز!

نىياز ئوسمان قۇربانى

# تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تىرىلگەن جاي

تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تىرىلگەن جاي،
نېفىتلىك ئەي مۇقەددەس قەدىمى يۇرت .
سەن گويا كۆكتە ئۈزگەن بىر تولۇن ئاي،
تىلەيمەن چىن دىلىمدىن زەپەرھەم‌قۇت.

قارىدىم جامالىڭغا تويماي بېقىپ ،
تاغلىرىڭ تاشلىق ئىكەن، باغرىڭ‌چىمەن.
نېفىتلىك دەرياسىداكەتتىم ئېقىپ ،
چۆمدۈرۈپ مېھرىڭ زوقىغا، يايرىدى تەن .

نازاكەت ئالىمىنىڭ قىزلىرىنى ،
ھەر كۆرسەم يۈرەكلىرىم تىپچەكلىدى .

ئۆتىياقىلدىم ئەجداد ئىزلىرىنى ،
شادلىقتىن تومۇردا قان ئۆركەشلىدى.

بۇرغىلاش ئەترىتىگە بېرىپ كۆردۈم،
كۆك بىلەن بوي تالاشقان ۋىشكىلارنى.
مېھنەتنىڭ ئىش ـ ئەمگەكنىڭ پەيزىن سۈردۈم،
تاڭ قالدىم كۆرۈپ قەيسەر ئىشچىلارنى.

باغرىدىن يەرنىڭ يېغى ئېتىلغاندا،
شادلىقتىن يايراپ كەتتى ئانا زېمىن .
غەلبىنىڭ جەڭ ـ دۇمبىقى چېلىنغاندا،
جۇڭغارنىڭ كۆڭلىمۇ ھەم تاپتى ئەمىن .

## نېفىتلىك سۆيگۈسى

سۆيگۈ ئۇلۇغ ئالەمدە سۆيگۈ ئۇلۇغ ،
سۆيگۈ بىلەن گۈللەيدۇ بار كائىنات .
سۆيگۈبىلەن‌دىل‌يورۇق‌كۆڭۈللەرگەتوق،
سۆيگۈ دېگەن ئادەمگە گويا قانات .

سۆيگۈ بىلەن نۇرلىنار ئاسمان زېمىن ،
سۆيگۈ بىلەن شېرىندۇر ھايات شۇنچە.
سۆيگۈ بىلەن مىسكىن دىل تاپار ئەمىن،
سۆيگۈ بىلەن باغلاردا كۈلەر غۇنچە.

سۆيگۈ بىلەن سائادەت ئاچار قۇچاق ،
سۆيگۈ بىلەن مۇشكۈللەر بولىدۇ ھەل .
سۆيگۈ مەشئەل ، سۆيگۈ ئۇ ئالتۇن‌بۇلاق،
سۆيگۈ مېھرى قىلىدۇ ھەممىنى تەل.

سۆيگۈ قەدىر ـ قىممەتتە بىباھادۇر،
شۇنچە قىيمىن ۋەزىننى ئۆلچىمەكمۇ.

تەنگە داۋا كۆزلەرگە تۇتىيادۇر،
قىيمىن ئۇنى تەرىپلەپ كۆيلىمەكمۇ.

سۆيگۈ بىلەن ئېچىلار كۈلۈپ چىمەن ،
سۆيگۈ بىلەن يېڭىلىق بولۇر ئىجاد .
سۆيگۈ بىلەن شاتلىنىپ يايرايدۇ تەن ،
سۆيگۈ بىلەن ئەل ـ ۋەتەن تاپار نىجاد .

سۆيگۈ شەپقەت يامغۇرى يۇيار دىلنى ،
ئۇنىڭ بىلەن ساقلانماس غۇبار ئىللەت.
سۆيگۈ خىسلەت مېۋىسى يارار تىلنى،
ئۇنىڭ بىلەن ئۈم ـ ئىناق ۋەتەن ـ مىللەت.

سۆيگۈ بىلەن نۇسرەتكە چۆمەر ئالەم ،
سۆيگۈ بىلەن كۈلىدۇ ئارزۇ ـ ۋىسال .
سۆيگۈ بىلەن ئۈمىدۋار ياشار ئادەم ،
سۆيگۈ بىلەن باغرىنى ئاچار ئىقبال .

ئېزىز ھەسەن



# قوينىڭ رىسقى

(ھېكايە)

نۇر ئەخمەت ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگىنىگە تۆت يىلدىن ئاشتى. ئۇ ئېگىز بوي، كۆككۆز، ئاقسېرىق كەلگەن بولۇپ، چىرايىدىن بىر خىل كۈلكە ئەگىپ تۇرىدىغان، ئاقكۆڭۈل، ساپ نىيەت ئادەم. ئۇ يېزا باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەپ مەھسۇلاتنى ھەر يىلى دېگۈدەك ئاشۇرۇپ، بۇ يېزىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈۋەتكەچكە خەلق ئاممىسى ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ھەر بىر يوليورۇقى تۆۋەنگە يېتىپ بارغاندا چاقماق تېزلىكىدە ئورۇنلىنىپ بولاتتى. ئۇ ئىشلىگەندە ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىشلەپ، ئوينىغاندىمۇ ئەل قاتارى بىر كىشىلىك ئوينايتتى. ئولتۇرۇشلاردىكى رومكا سۇقۇشتۇرۇشتا بولسا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئىززەت، ئابرۇيىنى ساقلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، شۇڭا سەل تەڭشەلگەندىن كېيىن رومكا نۆۋىتىنى باشقىلارغا خۇشكەتتى قىلىۋېتەتتى. ئۇ رومكىنى كىمگە تەڭلىسە شۇ كىشى ئالاھىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلەن قولىغا ئېلىپ، بىر نەچچە ئېغىز «رەھمەت» سۆزىنى ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن بۇ «زەمزەم» سۈيىنى خۇشاللىق بىلەن غورتتىدا يۇتۇۋېتىشەتتى. شۇڭا نۇر شائجاڭ بۇنداق سورۇنلاردا تاڭ

ئاتقىچە ئولتۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ سۆيتىنى ساقلىغاچقا دېھقانلار ۋە دىندار ئۆلىمالارمۇ ئۇنى «هاراق ئىچمەيدۇ، ئەخلاق ئىستىلى ساپ» دەپ تەرىپىنى قىلىشاتتى.

7. ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى بولغاچقا بۈگۈنمۇ هاۋا ئادەتتىكىدەك ييللىق ئىدى، چۈش بىلەن نۇرشائىجاڭ يىلانلىق ئۆستەڭدىكى ئىككى كۆنلۈك سۇ قورۇلۇش ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى. شۇڭا ئۇنىڭغا تازا هاردۇق يەتكەنىدى. ئۇ يېزىلىق هۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپلا «جىپ» ماشىنىسىدىن چۈشتى-دە شوپۇر بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئوماق باللىرى بىلەن جەم بولۇپ، ئايالى رابىيەم ئالدىراپ تىيارلاپ قويغان سۆيۈق - سەلەڭ هاردۇق ئېشىنى راسا تەرلەپ ئولتۇرۇپ ئىچتى، ئاندىن غازپىيى يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى بىردەم يەلپۈپ سەگىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىچكەركى ئۆيدىكى خانىسىگە كىرىپ يېشىنىپ ياتتى.

كەچ پېشىن بولغان چاغ ئىدى، غەرپ تەرەپكە قىيسايغان قۇياشنىڭ نۇرلىرى پىلىلداپ قالغاچقا هاۋامۇ سەگىپ قالغان ئىدى. بىردىنلا هويلا ئىشىكى يېنىك ئۇرۇلدى. ئاشخانا ئۆيدە كىر - قات يۇيىۋاتقان رابىيەم قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ، ئىككى قولىدىكى ماغزاپ يۇقىنى قولتىقىغا سۈرتكەچ هويلا ئىشىكىنى ئاچتى، ئىشىك تۈۋىدە بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ۋېلىسىپىتىنى تۇتقان هالدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇ رابىيەم بىلەن مۇلايىم سالاملاشقاندىن كېيىن ۋېلىسىپىتىنى دەسسەتتى-دە، كۆينىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن تۇمارچە قاتلانغان بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ:

— بۇ خەتنى قادىركام نۇرشائىجاڭغا ئېۋەتكەنتى، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.

قادىركام بولسا، بوز ئېرىق دادۈينىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئىدى. رابىيەم يىگىتنىڭ قولىدىكى خەتنى ئېلىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، هويلا ئىشىكىنى ياپقاچ ئويلاندى «يەنە بىر يەردە يار ئېلىپ كەتكەنمىدۇ؟ ياكى جېدەل يىغىن بارمىدۇ؟ بىچارە ئىككى كۈندىن بېرى تازا جاپا چېكىپ، ئەمدى ئۇھ دېگەندە يەنە قانداق جېدەل ئىش چىقتىكىنا!؟....»

ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئاستا يولدىشى ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئۇنى تەۋرەتتى. شائىجاڭ كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى كۆتۈردى-دە قوللىرىنى كېرىپ، يوغان بىرنى ئەسنىۋالدى. هازىر ئۇ ئۆزىنى خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك، ئۇيقۇسىغىمۇ قېنىپ قالغاندەك هېس قىلدى-دە پۇتلىرىنى يىغىپ كارۋاتتىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، رابىيەم تەڭلىگەن هېلىقى باغاقچىنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«هۆرمەتلىك نۇرشائىجاڭ، سۇ قورۇلۇشىتىن تىنچلىق كەلدىڭىزمۇ؟ هېرىپ ئېچىپ كەلگەن بولسىلىمۇ مالال كۆرمەي بۈگۈن كەچتە سائەت بەشتە بىزنىڭ ئۆيگىلا كەلگەن بولسىلا، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلۇق دېگەنتوق...

.»

شائىجاڭنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى، ئۇمۇ بىر هەپتىدىن بېرى راستىن زېرىكىپ قالغانىدى، شۇڭا بۇ باغاق ئۇنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى-دە، سائىتىگە قارىدى، بەشكە يەنە ئون مىنۇتلا قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سوغ سۇ بىلەن يۈزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ (ئايالىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇپ) ۋېلىسىپىتىنى بوز ئېرىق دادۈيگە توغرىلىدى.

نۇر شائىجاڭ قادىر شۇجىنىڭ هويلىسىغا كىرگەندە بىر نەچچەيلەن هويلىدىكى قازانغا ئوت قالاۋاتاتتى. يەنە بىر ئىككىسى هە دەپ پاژىلدىتىپ كاۋاپ ئېتىۋاتاتتى. قازان بېشىدىن كۆتۈرۈلگەن كاۋاپنىڭ مىزىلىك پۇرىقى مەھەللە ئىچىگە تارقالماقتا ئىدى. قادىر شۇجى ۋە بىر نەچچەيلەن نۇر شائىجاڭنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ

دەرھال ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى ۋە شائجاڭنى تەكەللۇپ بىلەن مېھمانخانا ئۆيگە باشلىدى مېھمانخانا ئۆيدە بۇ كەنتنىڭ چوڭ - كىچىك كادىرلىرى ۋە بىر نەچچە ياشلار بولۇپ يىگىرمىدەك كىشى بارتتى، ئۇلار چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ قەرت ئويناۋاتاتتى، شائجاڭنىڭ كىرىشى بىلەن قەرتمۇ يىغىشتۇرۇلدى، ئۇلار شائجاڭ بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆينىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىشتى.

شائجاڭ ئالدىرىماي بېشىدىكى مېغىزرەڭ شلەپىسىنى قوزۇقتا ئىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئايىغىنى سېلىۋېتىپ خاڭدەن تاۋاردىن تىكىلگەن مىق - مىق كۆرپىدىن ئورۇن ئالدى. ئاندىن قادىر شۇجى ئېغىز ئېچىپ نۇرشائجاڭدىن ھال سورىدى:

ـ قانداق شائجاڭ، سىز قورۇلۇشتىن تېچ ـ ئامان كەللە؟

ـ خۇداغا شۈكرى.

ۋەزىپە تۈگىدىما؟

ـ تۈگىدى، ئالدىمىزدىكى ھەپتە سىز كېلىدۇ، سەيشەنبە كۈنى سىلەرگە سۇ بېرىمىز. ئوبدانراق تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار! ـ دېدى شائجاڭ گەپنى قىسقارتىپ.

بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغان ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا كۈلكە ئەگىپ، كۆڭلى ئىمىن تېپىشتى. ئاندىن ساھىپخان بۇگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ مەقسىدىنى قىسقىچىلا سۆزلىگەندىن كېيىن داستىخان تارتىپ سورۇننى باشلىۋەتتى، داستىخانغا مېۋە - چېۋىلەر كەلتۈرۈلدى. مېزىلىك كاۋاب، ئۇچ قىلىپ پىشۇرۇلغان قوي گۆشى... تارتىلدى، ساھىپخاننىڭ كەينى - كەينىدىن قىلغان تەكەللۇپلىرى بىلەن ھەممەيلەن گۆشكە تۇتۇش قىلىشتى.

بىراق شائجاڭنىڭ قورسىقى ئاچ، ئىشتىھاسى ياخشى بولسىمۇ سوپىتىنى بۇزماي داستىخانغا ئانچە - مۇنچە بېقىپ قوياتتى. بىر يەشمىك ھاراق يېرىملاشقاندا، پەدىشەپلەرمۇ يوقاپ، كۈلكە - چاقچاقلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، نۇرشائجاڭمۇ بۇگۈن نۆۋىتى كەلگەن رومكىنى خۇش كەتتى قىلماي موككىدە سوقاتتى، يەيدىغان نەرسىلەرمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى، ھەممەيلەن ئىككىدىن جۈپلىشىپ بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ، يۈرەك قەلبىنى يىرتىشاتتى. ئۇلار سورۇندىن چۇۋۇلۇپ چىققاندا، كېچە سائەت تۆت بولۇپ قالغانىدى، باياتىن بېرى شائجاڭغا «بىز سىزنى ئاپىرىپ قويىمىز» دەپ ۋەدە قىلغانلار ئەمدى نەلەردىدۇ ئۆزلىرىنىڭ تورمۇزىنى باشقۇرالماي دەلدەڭشىپ يۈرۈشەتتى، بەزىلەر كەمتۈك تىلدا ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى بىر بىرىگە ئۇقتۇرالماي ۋار - ۋارقىرىشاتتى. شائجاڭمۇ خېلى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى، ئۇ شۇنداقتىمۇ سەل خۇدىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۆز-ئۆزىگە ئاگاھلاندۇرۇپ «كېتەي» دېگەن قارارغا كەلدى - دە، مىڭبىر تەستە ۋېلىسىپىتىنى جالاقلىتىپ سىرتقا ئاچىقىپ، چوڭ يولغا قايرىدى. ئۇ بىر يىقىلىپ بىر قوپۇپ ئاران ھويلا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە ۋېلىسىپىتنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، بار كۈچىنى يىغىپ يېنىچە ئىشىككە ئۆزىنى ئۇردى، رابىيەم ھويلا ئىشىكنى تاقىماي يېپىپلا قويغاچقا، ئىشىك جالاققىدە ئېچىلىپ كېتىپ ھويلىغا گۈلدۈر - گۇلۇپ قىلىپ يىقىلدى. ئۇ «ئاناڭنى» دېدى- دە مىڭ جاپادا ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا ئىچىگە سەپ سالدى، رابىيەم ھويلىدىكى تىرەك تۈۋىدىكى كارۋاتقا ئورۇن سېلىپ قويغانىدى. ئۇ ئاران دېگەندە كارۋاتتىكى سېلىقلىق ئورۇننى پەرق ئەتتى - دە، ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم يېتىۋالدى، ئۇ ھاراقنى يۈرىكى چىلاشقىدەك ئىچكەچكە ئاشقازىنىدا باياتىن بېرى يېگەن گۆش - پۆشلەر ھەزىم بولۇپ قورسىقى زەھەردەك ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. دە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ قورسىقىنى ئازراق توقلاپ ياتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، سۈتتەك ئايدىڭ كېچە بولغاچقا

ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا كارۋاتنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان بىرلىگەن تاماققا چۈشتى. ئۇ ئاستا دەلدەڭشىپ بېرىپ لىگەننى ئالدى. دە كارۋات ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئايالىنىڭ ئۆزىگە كۆيىنىپ ئالاھىدە تاماق ئېتىپ قويغىنىغا ئىچ - ئىچىدىن سۆيىنىپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ قويدى. ئۇ لىگەندىكى تاماقنى توغراپ قويغان زاسۇي دەپ ئويلىدى بولغاي ئاچقۇچى بىلەن ئېسىۋالغان ئارا قوشىقىنى ئېلىپ زور ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يەۋاتقان تامىقى ھەر چاينىغاندا گىچىلداپ سۆيى چىقىپ تۇراتتى ھەم چۈچۈمەل بولغاچقا ئۇنىڭ باياتىن بېرىكى ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقىغا تازا ياقتى.

«مېنىڭ ئايالىم ھەقىقەتەن ياخشى . . . كۆيۈمچان، ۋاپادار ئايال، قاچانلا بولمىسۇن تامىقىم تەييار . . . . بۇ خوتۇنزە ئادەمنىڭ مىجەزىنى بىلىدۇ . . . ھاراق ئىچكەندە قانداق تاماق ياقىدۇ، ئادەتتە قانداق تاماق . . . . . ھىق! » ئۇنى بىر تەرەپتىن ھىق تۇتۇپ قالدى. شائجاڭ شۇنداق قىلىپ لىگەندىكى ئېسىل تاماقنى يەپ بولدى. ئاندىن تېخى تويمىغاندەك قىلىپ لىگەننى بىر ئىككى قېتىم يالىۋېتىپ لىگەننى پەسكە قويدى. دە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ - بۇ ئېسىل تاماقنى ئېتىپ قويغان ئايالىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە دۇئا تىلاۋەت قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىغا يىقىلىپلا ياتتى.

ئەتىسى شائجاڭ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا ئاش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قورساقلىرى غۇلدۇرلايتتى. تولغاپ كۆيۈپ ئاغرىيتتى، ئايالى بىر داس سوغ سۇ بىلەن لۆڭگىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ يولدىشىنىڭ چىرايىغا سەپ سالدى، ئىككى كۆزى ئولتۇرۇشۇپ چىرايى سارغىيىپ قالغان ئىدى. ئۇ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان چېكىسىنى ئۇۋۇلايتتى، ئاخشامدىن بېرى ئاغرىغان ئەزايى بەدىنى خۇددى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىقىراپ ئاغرىيتتى.

شائجاڭ چېكىسىنى تۇتقىنىچە ئايالىدىن سورىدى:

- ئاخشام ماڭا قانداق تاماق ئېتىپ قويغانتىڭلار؟

- سېلىنى مېھماندارچىلىققا كەتكەندىن كېيىن دەپ ھېچقانداق تاماق ئەتمىگەنىدىم، باللار بىلەن چاي ئىچىپلا ياتقانىدۇق، - دېدى ئايالى جاۋابەن، شائجاڭ سەل چۆچۈپ قولىنى چېكىسىدىن تارتىپ نۇرسىز كۆزىنى ئايالىغا تىكتى - دە يەردىكى قۇرۇغدىلىنىپ قالغان لىگەننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، چېچىلغان ھالدا:

- ئاۋۇ لىگەنگە ئەپ قويغان تاماقنى دەيمەن! - دېدى. ئايالى كارۋاتنىڭ سول تەرىپىدە قۇرۇغدىلىنىپ قالغان لىگەننى كۆرۈپ خۇددى سۆيى تۆكۈلۈۋاتقان قاپاقتەك تىلىقىپ كۈلۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن جىلى بولغان شائجاڭ سەل تېرىكىپ:

- نېمىگە كۈلىسەن ؟ - دېدى.

- ۋاي خۇدايىمەي، ئاشۇ لىگەندىكى بىر نېمىنى يىدىڭىلما ؟ - دېدى ئۇ كۈلكىسىنى تەستە توختىتىپ.

- ھەئە، تازا چۈچۈمەل، مېزىلىك تاماقكەن، يۇرىكىمگە شۇنداق ياققانتى. بىراق ھازىر - زە قورسىقىم كۆيۈپ، قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. ۋايجان- ۋايەي، - دېدى ئۇ قورسىقىنى مۇجۇپ.

- ھۆ! - دېدى ئايالى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، - ئۇ دېگەن قوينىڭ رىسقى شاپاق ئىدى. تېخى كېپەكنى تازا سەپكەنىدىم، قوينىڭ رىسقىنى يەۋالغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە قورسىقىڭلار ئاغرىيدۇ - دە.

شائجاڭنىڭ چىرايى ۋىلىلدە قىزاردى- دە باياتىن بېرىكى ئاغرىق ئازاۋىنى ئۇنتۇپ ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە:

- ھەي ھاراق دېگەن ئىپلاس. ھەي ھاراق دېگەن مۇناپىق! خەپ بۇندىن كېيىن ئىچىدىغان بولسام ئانامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، - دەپ قەسەم ئىچتى.

نۇرشائجاڭ شۇندىن كېيىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ھاراق بار كوچىغا كىرمىدى، ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتىمۇ بارغانسېرى كۆتۈرۈلدى.

قۇربان مارجانوۋ

# يالغۇز ئوغلۇم

(ھېكايە)

سۇ ئاستىدا بېلىقلاردىنمۇ ئەركىن ئۈزمەكتىمەن. پۈتكۈل بەدىنىم، ئۇلارغا ئوخشاشلا يالىڭاچ، بېلىقلارنىڭ بەدىنىمگە يېقىملىق سۈركىلىپ ئۆتۈشلىرىدىن، چەكسىز خۇشاللىقتا ھوزۇرلىنىۋاتىمەن. پاھ! مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان رەڭگا - رەڭ چىرايلىق بېلىقلار! مانا بۇ بېلىقنى يېنىك سىلىسام ئۇنىڭ قۇيرىقى خۇددى تۇزغا ئوخشاپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ بىر يورۇق كارىدورغا كىردىم، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ ياپ - يېشىل چىملىقتا مېڭىپ چىقتىم، نۇرغۇن كىشىلەر پۇتبول ئويناۋاتاتتى، مەنمۇ بېرىپ ئۇلارغا ئارىلاشتىم. ئۇلار ھەممىسى بىر كوماندا بولۇپ ماڭا قارشى كەلدى. مەن توپنى بېشىم بىلەن ئېلىپ مېڭىپ ئۇلارنىڭ بېقىنلىرىدىن، قويۇنلىرىدىن چەبدەسلىك بىلەن ئۇچۇپ ئۆتتۈمدە ۋارىتارغا كىرگۈزىۋەتتىم. گۈلدىراس ئالقىش ئاۋازى ياڭرىدى، غالىبانە يۇقىرىغا قارىدىم، ئەمما ئاۋازنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم، پەقەت ئۈستۈمدىكى شار شەكىللىك غايەت زور گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمۇلاق دېرىزىگە قاراپ ئۇچتۇم، . تۇيۇقسىز پۇتۇمدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۆۋەنگە قارىدىم. ئۇلار بايىقى رەقىپلىرىم ئىدى. مەن ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇچۇشقا تېخىمۇ كۈچىدىم، تېخىمۇ كۆپ كىشى ئېسىلدى. قولۇمغىمۇ ئېسىلىپ ئاخىر يەرگە چۈشۈرىۋەتتى. مەن قاتتىق غەزەپلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم، پۇت -قولۇمنى بىردىنلا كۈچتىنگىر بىر كىشى بېسىۋالدى، پەقەتلا مىدىرلىيالماي قالدىم، قىپ - قىزىل چوغدەك چوڭ بىر ئۆمۈچۈك مەيدەمگە دەسسەپ يۈرىكىمنى ئالماقچى بولۇپ ئۈستۈمگە چىقتى، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن مىجىلىپ كەتتىم، يۈرىكىم ئاغزىمدىن چاچراپ چىقىپ كەتتى. ۋارقىرىۋەتتىم، ئۆمۈچۈك ئەمدى گېلىمغا دەسسىگەندە، بار كۈچۈمنى يىغىپ بېشىمنى يانغا تارتىپ. . . .

ئويغىنىپ كېتىپتىمەن، بەش ياشلىق يالغۇز ئوغلۇم مەيدەمگە مىنىۋالغان ئىدى. قولۇمغا كويزا سېلىنغان، پۇتۇم باغلانغان ئىدى. ئوغلۇم بىر قولىدا تاپانچا تۇتقان ھالدا، يەنە بىر قولىدىكى پىچاقنى گېلىمغا تىرەپ «پۇلۇڭغا تۇرامسەن، جېنىڭغىمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. چۆچۈپ كەتتىم، ئەسلىدىنلا قاتتىق سېلىۋاتقان يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى.

بالامنىڭ قولىدىكى قوراللار، مەن تۈنۈگۈن ماگىزىندىن ئېلىپ بەرگەن ئويۇنچۇق ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ كۆڭلۈم ئارامغا چۈشتى، مەن بۇ ئويۇنچۇقلارنىڭ شۇنچە ئوخشىتىپ ياسالغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئوغلۇمنىڭ تۈنۈگۈن كەچتە قويۇلغان تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ ۋەقەلىكىنى شۇنچە ئوخشىتىپ دورىغانلىقىغا ھەيران قالدىم.

توۋا، جاھاننىڭ قالايمىقانلىشىشى مۇشۇنداق پەيدا بولىدىكەندە، . بالىلىقتىكى قىلىقلىرىڭ چوڭايغاندا يوقالسۇن جۇمۇ.

ئوغلۇمغا ھۇمىيىپ قارىدىم، ئۇمۇ ماڭا ھۇمىيىپ قارىغاندەك بىلىندى.

گۈلنار ئابلا

# تۇنجى قېتىم تەقدىرلەنگىنىمدە

(ھېكايە)

— دادا، بۈگۈن ئاتا - ئانىلار يىغىنى بار ئىكەن. مۇئەللىم سىېنى چوقۇم كەلسۇن دەيدۇ.

— ھە! يەنە كەپسىزلىك قىلىپسەندە؟! يا بىرەر دەرستىن ئۆتەلمىدىڭمۇ؟ ياكى....

— جەزمەن شۇنداق، بولمىسا سىزنى تەكلىپ قىلىدىغان مۇئەللىمنىڭ نەدىكى ۋاقتى.

دادامنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا ئىچكىرىكى ئۆيدە ئەينەككە قاراپ چېچىنى تاراۋاتقان ئۆگەي ئاپام گەپ قىستۇردى.

— سەن داۋاملىق كەپسىزلىك قىلىپ بىزنى مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا خىجىللىقتا قالدۇرغىچە ياخشىراق ئوقۇساڭ بولمامتى؟!....

مەن ئاپامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر نېمە دېيەلمەي قالدىم، چۈنكى ئالدىنقى قېتىم ھېساب ئىمتىھانىدىن 50 نومۇر ئالغان ئىدىم. دادام ئاتا- ئانىلار يىغىنىغا بېرىپ نومۇرىمنى ئاڭلاپ ئۆيگە كەلگەندە:

— ۋۇ، ئەقلى يوق دۆت، ئاۋۇ ساۋۇت ساراڭنىڭ بالىسىچىلىكمۇ بولالماپسىنا؟! ئۇ كىم، مەن كىم؟ شۇنچە ئاتا - ئانىلار ئارىسىدا ھەجەپ خىجىللىقتا قويدۇڭا،- دەپ باشلىرىمغا بىر نەچچىنى نوقۇدى. مەن ئۇن چىقارماي يەرگە قاراپ يىغلاپ تۇردۇم، بۇ ئىشلار مېنىڭ ئېسىمدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن ئىدى. بۇ قېتىمچۇ؟!.... مەن دادامغا يەنە بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدىم، شۇ ئارىدا ۋاقىت توشۇپ دادام بىلەن ئاپام پەرۋاسىزلا ئىشقا كەتتى، مەن بويىنۇمدىن بىرسى باغلاپ سۆرىگەندەك تەستە مەكتەپكە باردىم، ئوقۇتقۇچۇم مەندىن:

— ئەختەر، داداڭ كەلدىمۇ؟ - دەپ سورىدى.

— بۈگۈن ئىدارىدە مۇھىم ئىشى بار ئىكەن، كېلەلمىدى.... مەن ئارتۇق گەپ قىلالمىدىم. مېنىڭ بۇنداق ھودۇقۇپ سۆزلىگىنىمدىن ئوقۇتقۇچۇم بىر نەرسىنى سەزدى بولغاي ئارتۇق گەپ سورىمىدى. مەن ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇردۇم، مەندىن باشقا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كەلگەن ئىدى.

مۇئەللىم ئالدى بىلەن ئىمتىھان نومۇرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدى بىرىنچى بولۇپ مېنىڭ ئىسمىم چىقتى.

— ئەختەر، ھېساب 97، ئەدەبىيات 100، ئەخلاق 98... ئوقۇتقۇچى نومۇرلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

— ساۋاقداش ئەختەر، يالغۇز ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەكتىپىمىزدە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئېيىدا مەكتەپ سىرتىدا ئۆزىنىڭ ياخشى خىسلىتى بىلەن كىشىلەرگە خالىسانە ياردەم بەرگەن ئىلغار ساۋاقداشلارنىڭ بىرى....

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يۈزۈم خۇددى ئوت ياققان مەشتەك قىزىرىپ كەتتى. پۈتۈن كۆزلەر ماڭا تىكىلگەندەك تۇيۇلدى. مۇشۇ قېتىمقى يىغىنغا دادام كېلىپ قاتناشقان بولسا ئاپامنىڭ ئالدىدا بۇنچە ئۇرۇپ، تىللاپ كەتمىگەن بولاتتى، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

— ساۋاقداش ئەختەر، - دېدى مۇئەللىم ھاياجانلانغان ھالدا،- ئالدىغا چىقىپ مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تاپشۇرۇپ ئالسۇن!

ئورنۇمدىن تۇرۇپ مۇئەللىمگە قاراپ ماڭدىم.

— كىمنىڭ بالىسىدۇ، شۇنداق ياخشى ئوقۇغان بالىنىڭ ئۆيىدىن بىرەر كىشىمۇ كەلمەپتۇ....

— بىز بالىلىرىمىزنى دەپ شۇنچە ئالدىراش

ئىشىمىزنى تاشلاپ كەلدۇق، بىراق. . . .

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خۇرسىنىش ئىچىدىكى پىچىرلاشلىرى قۇلىقىمغا كىردى. يۈرىكىم ھازىرلا قىپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقۇپ كەتتى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىمنى مۇئەللىمىم تەڭلەپ تۇرغان سوۋغاتقا ئۇزاتقىنىمدا كۆزۈمگە غىلىلدە ياش كەلدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا رەھمەتلىك ئاپام كۆز ئالدىمدا نامايەن بولدى، ئاپام دائىم مېنى:

«ئەقىللىق بالام، تاتلىق بالام، ئوماق بالام، ياخشى ئوقۇغىن. . . .» دەپ تەربىيە قىلاتتى. «ھەي، ئاپام ھازىر مېنىڭ مۇنەۋۋەر سىنىپ كادىرى » «ئۆگىنىش ئۈلگىسى» بولۇپ تەقدىرلەنگەن ۋاقتىمنى كۆرگەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!» گۈلدۈر- قاراس ئالقىشلار ئىچىدىن مۇكاپاتنى ئالدىم. مەن مۇكاپاتنى ئالدىم ـ دە ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتىم.

راخمان ئاقنىياز

# ھەمىيىنىمدىكى پۇلنى كىم ئالدى؟

(ھېكايە)

ئاپتوۋۇز چۈشكە يېقىن بۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر مېھمانخانىغا ئەكېلىپ تاشلىدى. مەن مېھمانخانىنىڭ 2- قەۋىتىدىكى ئىككى كىشىلىك ياتاققا ئورۇنلاشتىم. ياتاق ناھايىتى پاكىز، رەتلىك، ئازادە ئىدى. مەن نەرسە-كېرەكلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئەتىكى سەپەرنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئاپتوۋۇز بېكىتىگە بېرىپ بېلەت سېتىۋالماقچى بولدۇمدە، ھەمىيىنىمنى ئىزدىدىم، لېكىن ھەمىيىنىم يوق ئىدى. مەن ناھايىتى تىت - تىت بولۇپ يانچۇقلىرىمنى، باشقا نەرسە-كېرەكلىرىمنى قايتا قايتا، يېنىشلاپ ئاقتۇرۇپمۇ تاپالمىدىم. ئۇنەگىدۇر غايىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن تېخى ھېلىلا ياتاق بېلىتى ئېلىش ئۈچۈن پۇل ئالغانلىقىم ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە، ئۇنداقتا نەگە كەتتى؟ بەلكىم ياتاققا بېلەت ئېلىپ بولۇپ قايتاشىمدا چۈشۈرۈپ قويغان بولسام، بىرەسىگە ئۇچراپ قالغان بولسا بېلەت ساتقۇچىغا ياكى قوغداش خادىمىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا ئەجەپ ئەمەس، دېگەنلەرنى مەجبۇرى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم ـ دە ئالدىراپ ـ تېنەپ 1- قەۋەتكە چۈشۈپ بېلەت ساتقۇچىغا ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇ ئەھۋالنى تولۇق خاتىرىۋالغاندىن كېيىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە سۈرۈشتۈرۈپ، ئىزدەپ تېپىپ بېرىش ئۈچۈن ياردەم قىلىدىغانلىقىغا چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن، ئۆز ئىشىغا كىرىشتى.

مەن بېلەت ساتقۇچى يىگىتنىڭ يىلىلىق سۆزلىرىدىن پۇلۇم ھازىرلا تېپىلىپ قالىدىغاندەك خوش بولۇپ ياتاققا قايتتىم. لېكىن بېشىم يەنە قاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟! يېنىمدا بىرتىيىننىڭ تايىنى يوق! بىرەر كىشىدىن قەرز ئالاي دېسەم، نەتونۇشۇم، نە ئۇرۇق - تۇغقىنىم يوق. ناتونۇش كىشىلەردىن پۇل سورىغىلى بولمايدۇ. سورىغان تەقدىردىمۇ ھېچكىم ماڭا ئىشەنمەيدۇ. ھەي . . . . ئوغرىلىق . . . . . تىلەمچىلىك . . . . . بۇلارنىڭ ھەممىسى نومۇس. مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن سەرگەندان بولۇپ يۈرسەم. . . . بىرەر جايدىن ئىش ئىزدەپ قىلسام قورساق ساقلاپ تۇرمايدۇ. . . . ئىش تېپىپ بولغىچە . . . . ئىدارەمگە تېلېفون ئۇرايمۇيە! ھەي ئۇنىڭغىمۇ پۇل ئالىدۇ. ئىدارەمگىمۇ تېلېفون ئۇرارمەن. . . ئۇلارغۇ ئەۋەتىپ بىرەر، قاراماي بىلەن بۇ

جاينىڭ ئارىلىقى 500 كىلومېتىر، پۇل كېلىپ بولغىچە. . . هەي. . . . ئۆزەمنىڭ خاملىقى .

. . . پۇلنىڭ هەممىسىنى هەميىنىمغا سالغىچە ئازراقنى بولسىمۇ يانچۇقلىرىمغا بۆلۈپ سېلىپ قويسام بولماسمىدى! . . . بىچارە ئاتام يولۇمغا قاراپ تۇرغاندۇ. . . مۇشۇنداق گادىرماچ خىياللار بىلەن قانداقلارچە ياتىقىمغا كىرىپ كارۋاتتا ياتقانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ياتاق ئىشىكىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم. ياتاقدىشىم - ئەتىگەن بىز بىر ئاپتوبۇزدا كەلگەن ئەللىك ياش ئەتراپىدىكى مويسىپىت كىشى ئىدى. ئۇ نەرسە كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇۋېتىپ:

- بىر يەرگە چىقمىدىڭىزمۇ؟! هوي چىرايىڭىز سارغىيىپلا كېتىپتۇغۇ، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟! - دەپ سورىدى.

- ياق، هەميىنىمنى يوقىتۇرۇپ قويدۇم، - دەپ جاۋاب بەردىم ئىرەڭسىزلىك بىلەن.

- قاچان؟!

- بايا، ياتاق بېلەتى ئېلىۋېتىپ.

- كۆك رەڭلىك هەميانمىدى؟

- شۇنداق، - مەن بىردىنلا قۇتقازغۇچى ئىلاهنى كۆرگەندەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

- مەن ياتاق بېلەتى ئېلىۋېتىپ بىر كۆك رەڭلىك هەميان تېپىۋالغان ئىدىم. بېلەت ساتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كوچىغا چىقىپ تاماق يەپ ئاندىن قايتىپ كېلىشىم، بۇنىڭغا تەخمىنەن بىرەر سائەت ۋاقىت بولغاندۇ.

مەن بىر تەرەپتىن خوشال بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن تەشۋىشلەنگەن هالدا، ياتاقدىشىمنىڭ رازىلىقىنىمۇ ئالماي قولدىن تۇتقان پېتى بېلەت ساتقۇچىنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپتىمەن. بىز بېلەت ساتقۇچى يىگىتنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ بىخارامان گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ بىزنى كۆرۈپ چىرايى غىلپال ئۆزگەرگەندەك بولدىدە:

- ياتاق بېلەتى ئالامسىزلەر؟- دەپ سورىدى، كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ.

- ياق، بايا سىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن هەميان بۇ يىگىتنىڭكەن، - دېدى، مەن ئېغىز ئاچقىچە ياتاقدىشىم. مەن شۇ چاغدىلا ياتاقدىشىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇتىۋالغانلىقىمنى سەزدىمدە ئاستا قويۇۋەتتىم.

بېلەت ساتقۇچى يىگىت خۇشياقمىغان هالدا ئۈستەلىنىڭ تارتمىسىنى بىر هازا ئاقتۇرۇپ، هەميىنىمنى ئېلىپ بەردى. مەن ياكى رەهمەت ئېيتىشىمنى، ياكى باشقا بىر نەرسە دېيىشىمنى ئۇنتۇپ، هەميانىنى ئالدىم - دە پۇللارنى ساندىم. 500 سومدىن ساق 300 سوم كەم. ئالدىمدا ئىككى كىشى تۇرىدۇ. بىرى تېخى مەن ئون مىنۇت ئىلگىرى كۆرۈشكەن، هەميىنىمنى تېپىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەن ياش يىگىت، يەنە بىرى هەميىنىمنى تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن مويسىپىت ياتاقدىشىم، مەن ئۇلارنى 1- قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بىر بىرلەپ سەپ سېلىپ قارىدىم. بىرى قۇتقازغۇچى ئىلاهنىڭ، چىرايىدىن مەمنۇنلۇق هېسسىياتى چىققان هالدا كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى قانداقتۇر ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى خۇپىيانىلىك، ئاچكۆزلۈكنى يوشۇرماقچى بولغاندەك كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ ئولتۇرىدۇ.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي چاقماق تېزلىكىدە، شۇنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈمكى «ئەگەر پۇلۇم كەم دېسەم ئالدىمدا تۇرغان ئىككىلا كىشى قارىلىنىدۇ. ئۆزەمگە ئۆزەم گۇۋاهچى بولسام، ماڭا كىممۇ ئىشىنىدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. . . مەن ئۈچۈن مۇشۇ پۇلنىڭ تېپىلغىنىمۇ ئەۋزەل، بۇ پۇل يۇرتقا ساق سالامەت بېرىۋالغىچە يېتىدۇ. يۇرتقا بېرىۋالسام مېهرىبان ئانام، كۆيۈمچان ئۇرۇغتۇققانلىرىم بىر ئامال قىلىدۇ.

. . . .

- تۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ! پۇلىڭىز تېپىلغاندىكىن جۇرۇڭ! - دېدى ياتاقدىشىم. مەن بېلەت ساتقۇچىغا نەپرەتلىك قاراپ قويۇپ ياتاقدىشىمغا ئەگەشتىم.

# نېفىتلىكتىكى ئىجاتكارلار



## شائىر تۆكەن ئاقباي



تۆكەن ئاقباي 1942- يىلى 3- ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تولى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1949- يىلى 2- ئايدىن 1958- يىلى 7- ئايغىچە تولى ناھىيە يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە، تولى ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1958- يىلدىن 1963- يىلغىچە شىنجاڭ داشۆنىڭ خىمىيە فاكولتىتىدا ئوقۇغان. 1963- يىلى 9- ئايدىن 1972- يىلى 12- ئايغىچە قەشقەر يېڭىشەر ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1973- يىلى 1- ئايدىن ھازىرغىچە قاراماي شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىر مەكتەپنىڭ فىزىك - خىمىيە، بىئو - خىمىيە ئوقۇتۇش - تەتقىقات گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقى، مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

تۆكەن ئاقبايىنىڭ ئىجادىيىتى 1956- يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «بىر يەڭگەمگە» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلاندى. ئۇ شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە كومپارتىيىنى، سوتسىيالىزىمنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەيدىغان بىر قانچە شېئىرلارنى يېزىپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى » باشلىنىپ قەلەمنى تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. پارتىيە 11- قۇرۇلتاي 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇ قايتىدىن قەلەمنى ئېلىپ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشتى. ئۇ شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە 200 گە يېقىن شېئىر، «مۇھەببەت» «پېشقەدەم باغۋەن» ، . «گېئولوگ» ، «مۇڭلۇق بۇلاق » ، «ئالتۇن مېدال» قاتارلىق داستان، «يالاقچى» ، «بالا پادشاھ» ، «سىرلىق ئۈگا» قاتارلىق باللادا، «ۋەزىپىسىز مىنىستىر» ، «دىيانەت» قاتارلىق ھېكايىلارنى يېزىپ، «شوغىلا» ، «ئىلى دەرياسى» ، «مايبۇلاق» «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

شائىر تۆكەن ئاقبايىنىڭ «قارچۇق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1985- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ توپلامغا «بەيگە»، «بۆلجۈرگەن»، «ئىرغاي» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. «تەر» ۋە «قارچۇق» ناملىق شېئىر، «مۇھەببەت» داستانى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاشتا 2-، 2-، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «دىيانەت» ناملىق ھېكايىسى «قارا ياقۇت» مۇكاپاتىغا، «پارتبىلەت» ناملىق باللادىسى 82- يىلى شەھەر - ئىدارە بويىچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇلاردىن سىرت ئۇ ئۆز كەسپىنى پىششىق ئىگەللەپ خىمىيە پەنىگە ئائىت يازغان، تەرجىمە قىلغان، تەھرىرلىگەن كىتابلىرى، ئىلمىي تارىخىي تەتقىقات ماقاللىرى نەشر قىلىنغان. «خەنزۇچە، قازاقچە نېفىت لۇغىتى» نى ئىشلەشكە قاتنىشىپ لۇغەت تۈزۈش خىزمىتىگە ھەسسە قوشتى.

شائىر تۆكەن ئاقباي ھازىر ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، قاراماي شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قاراماي شەھەرلىك 7-، 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ، قاراماي رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى. بىز شائىر تۆكەن ئاقبايىنىڭ «ئىشپىيون» ناملىق ھېكايىسىنى نەشر قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

تۆكەن ئاقباي

# ئىشپىيون

(ھېكايە)

مەن پازىل تاغام بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىپ تۇرۇشقا شۇنچە خۇشتار ئىدىم. پازىل تاغاممۇ مېنى كۆرۈپلا تەبەسسۇم ئاتا قىلغان پۈتۈن ئاۋازى بىلەن قاتتىق كۈلۈۋېتىپ «كېلە قېنى، ئوبدان كەلدىڭ، ۋاقتىدا كەلدىڭ» دەپ گويا ئۆزىنىڭ بىر ئۆلۈش ئارتۇق يۈكىنى تاشلىۋەتكەندەك، يايراپ-يەڭگىللەپ قالغاندەك بولاتتى. ئاندىن بىر تالمۇ قارىسى قالمىغان، غاز پېيىدەك ئاپئاق ساقال - بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ «ھە! ھېلىقى ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟» دەپ، جاراڭلىق كۈلكىسىگە

تۇساتتىن تورمۇز بەرگەندەك بىر دەمدىلا چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ جىم جىت بولۇپ مۇلايىملىشىپ قالاتتى. مەن پازىل تاغامنىڭ بۇ ئىنياپىتىنى يەنە كۆرگەنلىكىمگە پۇشايمان قىلىپ، ئىچ ئاغرىتىپ خۇپىيانە ئۇھ تارتىمەن ۋە بۇ سوئالنى قايتا سورىماسلىقنى ئىلتىماس قىلاتتىم. ئەمما ئادەتتە كۆڭلى يۇمشاق، ئادەملەرنىڭ رايىنى قايتۇرۇشنى راۋا كۆرمەيدىغان بۇ ئادەم مېنىڭ ئىلتىماسىمنى ئاڭلاپلا جىددىيلىشىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ ۋاقىراپ كېتەتتى «ئۇنۇتمايمەن، ئۇنتالمايمەن، دېگەن ئىككى

ئېغىز گەپنى يادلىۋالماي بۇ ئالەمدىن ئۆتىدىغان بولدۇم.» دەپ ئۆز قىزىغا خاپا بولغاندەك ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپمۇ كېتەتتى.

پازىل تاغام 80 ياشقا يېقىنلىشىپ ئۇدۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇ «خۇدا ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ ئەمەس بەلكى تېخىمۇ كۆپرەك پۇشايمان قىلسۇن دەپ، ئۇزاق ئۆمۈر بەرگەن، پۇشايماننىڭ ئانىسى - نادانلىق. مەن ئۆزەم بىلەن بىللە ئۆز پۇشايمانلىرىمنىلا ئېلىپ كېتەلەيمەن. ئىنسانلار پۇشايماندىن ھامان خالى بولالمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، ئازايتىشقا تامامەن ھەقلىق. چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەڭ-ئۈنۈملۈك چارىسى ئىلىم - پەنگە تايىنىش ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىۋالغان. سىلەر ئۆگىنىڭلار، بارلىقىڭلارنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلاڭلار. !» دەيتتى. بۇ ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى مېنىڭ مېڭە تاسمىلىرىمدا شۇنداق ئەينەن ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇكى ھەر قېتىم قۇلۇقۇمغا ئاڭلانغان ھامان روھى دۇنيارىمنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈپ پۈتۈن تاغ - دەريالارنى تىترىتىۋەتكەندەك بولىدۇ. . . . .

پازىل تاغام ماڭا ھە دېسىلا ئۇنۇتماسلىق ھەققىدە تاپىلايدىغان «ھېلىقى ئىش» يۈز بەرگىنىمۇ يىگىرمە يىل بولاي دەپ قاپتۇ. ئۇ چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىسىدا غالىيە ئىسىملىك ساۋاقدىشىم بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم. ئۆيلىرىمىزمۇ يېقىن قوشنا ئىدى. مېنىڭ ئىسمىم ئالىيە بولغاچقا ئوقۇتقۇچى دەرس سوراپ بىرىمىزنىڭ ئىسمىمىزنى تۇۋلىسا ئاڭقىرالماي ئىككىمىز تەڭلا تۇرۇپ، ساۋاقداشلىرىمىزنى كۈلدۈرۈۋېتىدىغان كۈلىرىمىزمۇ بولغان. بىر كۈنى غالىيە ئىككىمىز خىمىيىلىك ئېلېمېنتلارنىڭ نامىنى يادلاپ، ئېلېمېنت بەلگىسىنى يېزىش ھەققىدە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈشكە پۈتۈشتۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ مەكتەپكە كەلگەندە ئۆيگە قايتقاندا يول بويى ئېلېمېنت ناملىرىدىن باشقا گەپمۇ قىلىشمايدىغان بولدۇق ھەمدە ھەر كۈنى بىر بىرىمىزدىن ئىمتىھان ئېلىپ بىرىمىز يادلىساق بىرىمىز ئاڭلاپ ماڭاتتۇق. بۇ بىزنىڭ بىر مەزگىللىك ئادىتىمىزغىمۇ ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بىز ماڭىدىغان كوچا بويىدىكى بىر ئائىلىلىكلەر ھويلىسىنىڭ كونا دەرۋازىسى ئالدىدىكى خام كېسەكتىن ياسالغان كىچىك سۇپىدا ئولتۇرىدىغان 60 ياشتىن ھالقىغان ناتونۇش بوۋاينىڭ بىزنىڭ بۇ گەپلىرىمىزگە خۇپپىيانە قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالاتتۇق. ئۇ ھەتتا بەزىدە بىزنىڭ ئىمتىھان كومىسسىيىمىزگە ئوخشاش بىردەم ئاستا ئەگىشىپ مېڭىپ ئاندىن بىزنى ئوقۇپ قالمىسۇن، دېگەندەك قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ئاخىرى ئارقىغا ياناتتى. بىر كۈنى بىز ئويلىمىغان غەلىتە ئىش يۈز بەردى. غالىيە ئىككىمىز «ئىسيانچىلار قوماندانلىق شتابى» چاقىرىۋاتىدۇ، دېگەن بۇيرۇق بىلەن «شتاپتا» تاق بولدۇق. بىزنى سوراق قىلغىلى چاقىرتقان ئىكەن. قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان ئىككى ساقچى خادىمى نۆۋەت بىلەن سوئال ياغدۇرماقتا.

- سەنلەر قايسى چەت ئەل تىلىنى بىلىسىلەر، قانداق غەرەز بىلەن ئۆگەنگەن؟

- ھېچقانداق چەت ئەل تىلىنى بىلمەيمىز،

- بىز تەڭلا جاۋاب بېرىشتۇق.

- پاكىت تولۇق، يوشۇرۇپ كېتىمىز دەپ ئويلىماڭلار، يۇۋاش بولۇڭلار!

- يوشۇرىدىغان ئىش بولمىسا يوشۇرۇش دېگەن نېمە قىلاتتى، - دېدى غالىيە مەنسىتمىگەن قىياپەتتە.

— سەنلەر جامائەت بار يەردىمۇ تەپتارتماستىن چەت ئەل تىلىدە مەخپىي سۆزلەشكەن تۇرۇقلۇق يەنىلا ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق قىلىۋاتىسىلەرغۇ،— ساقچى جوزىنى مۇشتىلىدى.

ئادەم ئۇرۇپ، ئادەم بۇلاشنى ئۆگىنىپ ئۈلگىرمىسەكمۇ ئازراق داۋلى سۆزلەشنى بىزمۇ بىلەتتۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە غەزىپىم ئۆرلىگىلى تۇردى. مېنىڭمۇ قىزىل يەڭ بەلگەم تۇرۇقلۇق نېمىدىن قورقاتتىم.

— سەنلەر بىزنى چەت ئەل ئىشپىيونى دەپ سوراق قىلىۋاتىسىلەر. ئىپتىماللىرىمۇ بەلگىلىك. كۆپ ئەزمىلىمەي پاكىتىڭلارنى چىقىرىڭلار، — دېدىم.

— مانا پاكىت، — دېدى ئۇ مېنىڭ ھەيۋەمنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتمىدىغان ئەلپازدا يەنە بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى مۇشتى بىلەن ئۇرۇپ ئېچىپ، — كىرىڭا پازىل ئۇستام! مانا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پېشقەدەم ۋەكىلىدىن چوڭ پاكىت نەدە بار ئىكەن؟ — دېدى ئۇ كۆرەڭلەپ. بىز بۇ پېشقەدەمنى كۆرۈپلا توندۇق. ھېلىقى بىزنىڭ «ئىمتىھان كومىسسىيىمىز» شۇ ئەمەسمۇ؟!

— پازىل تاغام بىر ئاز خىجىل بولغاندەك دۇدۇقلاپ گەپ باشلىدى:

— مەن پېشقەدەم ئىشچى بولساممۇ ئوقۇمىغان نادانمەن، ئىشچىلار سىنىپىغا ۋەكىللىكمۇ قىلالمايمەن. ئەمما چەت ئەل تىلىنى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار. سىلەرنىڭ چەت ئەل تىلىدە سۆزلەشكىنىڭلارنى بىر نەچچە قېتىم ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. ئەگەر باشقىچە گەپلەر بولسا قورقماي تاپشۇرۇۋېتىپ كەلگۈسىدە ۋەتەنگە يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

بىز توساتتىنلا كۈلكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك تەڭلا كۈلۈشتۇق. بۇ ئۇلارنىڭ تېرىكىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تېزلا توختىدۇق. مەن پۇدېسىلا ئۇچۇپ كەتكىدەك ناھايىتى يەڭگىللەپ كەتتىم، تاقىتىم تۈگەپ، ئۇنداق چەت ئەلچە گەپنى ھازىرمۇ دەپ بېرەلەيمەن دېۋەتتىم، ئاندىن دەرھال باشلىۋەتتىم، ئارىلىقتا تىنىپمۇ ئالمىدىم.

— ھىدروگېن، گېلى، لىتىي، بېرىللىي بور، كاربون، ئازوت، ئوكسىگېن، فتور، نېئون. . . . . بارغانسېرى تېزلەتتىم.

— بولدى، توختاڭ ،— دېدى ساقچى خادىمى، — پازىل ئۇستام، ئۇلارنىڭ دېيىشكىنى مۇشۇ گەپلەرمىدى، — دەپ پازىل ئۇستامدىن سورىدى.

— ھە، ھە. . . . شۇنداق، شۇنداق،— دېدى پازىل ئۇستام گېپىنىڭ يالغان بولۇپ چىقمىغانلىقىغا خۇش بولغاندەك، دىدارىدىن كۈلكە جىلۋىلىنىپ.

— پازىل ئۇستام، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكىدىكى خىمىيىلىك ئېلېمېنتلارنىڭ نامى ئىكەنغۇ، — دېدى ساقچى خادىممۇ كۈلكىسىنى ئاران يوشۇرۇپ.

پازىل تاغام ئۆزىدىن بىر سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى تۇيۇپ يەرگە قارىدى ۋە ئويلىنىشقا ھەم يەڭ ئىچىدىن بارماقلىرىنى تۈگۈپ مەخپىي ساناشقا باشلىدى. . . . . ئوكچىل ئېلېمېنت، نەق ئەكسىل ئىنقىلابچى ئېلېمېنت، شۇجىڭچۇيىچى ئېلېمېنت. . . دېگەن توققۇز ئېلېمېنت ئىچىدە خىمىيىلىك ئېلېمېنت دېگەن ئېلېمېنت يوق ئىدىغۇ، ئۇنداقتا ھازىر 10 ئېلېمېنت بولغانمىدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئەمەت دەرۋىش

# تۇيغۇدىن تۇغۇلغان تەسرات

## ئاداشمىدىڭ، دوستۇم يولۇڭ شۇ!

ئۆزۈڭگە سوزۇلغان ھاياتلىق يولىدا يېگانە كېتىۋاتقانلىقىمدىنمىكى، جەزىرىدىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان ھارارەت ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ، چاڭقاقلىق دەرمانىمغا چاڭگال ئۇرۇۋاتتى. چاڭقاقلىق قېنىمنى شوراپ قانمايدىغاندەك ھارارەتنىڭ تەپتىگە ۋۇجۇدۇمنى قاقلاۋاتىدۇ. جېنىم قىلغا ئېسىلغان شۇ مىنۇتتا جەزىرە ئىچىدىن مەن تەرەپكە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان سۇنى كۆردۈم. ئۈمىد دېگەن ئادەمگە مادار، قانات بولىدىغانلىقىنى مەن شۇ چاغدا سەزگەن ئىدىم. جاننىڭ ھايات ئۈچۈن ھاياتنىڭ جان ئۈچۈن نەقەدەر تاتلىق، نەقەدەر تەقەززالىقىنى شۇ چاغدا بىلگەن ئىدىم. جانغا بولغان ئامراقلىق، ھاياتقا بولغان مۇشتاقلىق ۋۇجۇدۇمغا قانات چىقىرىپ مېنى سۇ تامان ئۇچۇردى. ئىلىپتىمەم، چاڭقاقلىق ئىچىدە ئېرىشكىنىم ھاياتلىقنىڭ مەنبەئى بولغان سۇ ئەمەس، بەلكى ھېل ھىللىقى بىلەن كۆڭلىنى ئالغۇچى ئالۋۇن بولدى.

ھېلى ئالدىمدا، ھېلى كەينىمدە، ھېلى ئوڭ يېنىمدا، ھېلى سول يېنىمدا. مەن ئالدانغانلىقىمنى شۇ چاغدا ھېس قىلىپ جان رىشتىگە باغلانغان ھاياتىمغا ئەجەلنىڭ تىغ ئۇرۇشىنى كۈتكەن بولسامۇ، لېكىن ھاياتىمغا مۇشتاق جېنىم ئەزرائىل بىلەن ئاداققى ئېلىشىشتا زەپەر قۇچتى. ھاياتلىقىمغا ئىشەنگەن بولسامۇ، ياشايدىغانلىقىمغا شەك بار ئىدى. چۈنكى مەن ياشاش بىلەن ھايات كەچۈرۈشنىڭ ئاچىلىدا ئېتىقاد تۇمارىمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئۇنى ھېلى جان ئۆز قۇتىسىدا ساقلىسا، ھېلى ھايات ئۆز باغرىغا ئالاتتى. كۆلپەتكە دۇچار بولغاندا جان بىلەن ھاياتلىقنىڭ، ھايات كەچۈرۈش بىلەن ياشاشنىڭ نىشانى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەمدى بۇ ئاچالدا ۋۇجۇدۇمنى ھەر ئىككىسى ئۆز يولىغا چاقىرماقتا. مەن تېڭىرقىدىم. ئىلىپتىمەم، ئاداشقانلىقىنى نىشانسىزلىقتىن ياكى قاراملىقتا بېرىلگەن بالىلارچە ساددا ھېسسىياتنىڭ ياكى بولمىسا بۇ يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىزىغا پەرۋاسىزلىقتىن دېيىشكە بولىسىمۇ، لېكىن ئالدانغانلىقىمغا نېمە دەي؟ توۋا! ئادەملەرنىڭ ئادەملەرنى ئالدايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. تەبىئەتمۇ ئادەمنى ئالدايدىكەن. «تۈپ - تۈز يولدا كېتىۋېتىپ چوڭقۇر ھاڭغا دومىلاپ» كەتكەنلىكىڭگە قەستىنىڭ قۇربانى بولۇپسەن، سەپەردىشىڭغا دىققەت قىل - دەپ تەسەللى بېرىمەن. تەسەللىڭمۇ دوستلارنىڭ جاراھىتىگە مەلھەم ئەمەس. ئاچچىق تاماكىنى تەڭ شورىغاچ، ئۆتكەنلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى ۋاراقلاپ برۋىلەر دەستۇرىنى تاپالىساق، ۋۇجۇدىمۇ ياشاشقا تالىق بولۇپ، ماڭغان يولۇڭنىڭ ئۆز يولۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. بىراق، سەن ئېگىزدە مەن پەستە. قارىسام كېيىڭ كۆتۈرۈلىدۇ. كېيىڭگە مەنمەنلىكىمنىڭ بوي بەرگۈسى كەلمەيدۇ. ئەشۇ دەستۇرنى بىر چاغلاردا بوۋام قولىمىزغا تۇتقازغان ئىدى. بىراق تاشلىۋەتتۇق! ئۇ ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ھەر ھالدا ئۆزىنى بىلىش ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز ھېكمەت باردەك قىلاتتى. ئىلىپتىمەم، قىزىلگۈل ھاياتىمىزنى قوۋۇناقلىقتا ئىگە قىلىدىغان كۆكۈل ئاۋۇنچىمىز ئىدى. مەن ئۇنى ئىزدەپ ئالۋۇنغا ئالداندىم. ھەر ھالدا سەن ئېرىشكەن بولساڭمۇ ئۇنىڭ تەنلىرى يۈرىكىڭنى لەختە قىپتۇ. قەبرە بېشىدا يىغلاۋېرىپ كۆزۈڭدىن ئايرىلىپ قالما. دادامىمۇ بوۋامدىن قالغان تەۋەرۈكنى تاشلىۋېتىپتىكەن. تۇزكورلۇق تۈپەيلى ھاياتلىقىدا مۇھتاجلىقتا چۈشۈپ قېلىپ ئەلەمدىن بوغۇلۇپ

تىرىكلا تۇرۇپ ئۆلدى. . . يىگانىلىقمۇ ئادەمگە دەرتكەن. ئۆزۈڭنى قوچۇغۇمغا ئات! ئىككىمىز قول تۇتۇشۇپ ئاۋۋال دەستۇرنى تېپىپ ئاندىن سەپەرنى داۋاملاشتۇرايلى، گەرچە كىچىككەن بولساقمۇ ئۇزۇن يولدا ئالدامچىلارنىڭ ھىيلە- تۇزىقىغا ئىلىنمىساق، يولىمىزغا ئورا كولايدىغانلاردىن پەخەس بولىدىغان بولساقلا مەنزىل يىراق ئەمەس.

## بەخت ئىزدىمە، ئۇ ئالقىنىڭدا

بىر چاغلاردا ئانامنىڭ يىللىق قۇچىقىدا بەخىرامان ئولتۇرۇپ، تاتلىق ئەمچەكنى تالىشىپ ئەمگەندە ئانام ئىككىمىزنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ باغرىغا يېنىشلاپ، يېنىشلاپ باسقان ئىدى. ئۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ باغرىغا تارتىشنى ئامراقلىق دەپ ئويلاپتىكەنمىز. ئەسلىدە بىزگە پەخىر، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد نەزىرى بىلەن قارىغان ئىكەن. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىن سىرغىپ چىققان ھالال سۈتىنى ئارمانسىزلىق بىلەن ۋۇجۇدىمىزغا ئاقتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چېكىسىگە ياراشقىدەك چوغلۇق بەرپا قىلىشنى ئارمان قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئامراقلىقى، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ئەمدى قەدرىنى كۆرسىتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بېرىشتىن ئىزا تارتىۋاتىمىز. ئىزا دېگەنمۇ ئۆزىنى تونۇشنىڭ بەلگىسى. ئانام ئۇچراشتۇرغان بەختنىڭ لەززىتى تېخى ئاغزىمىزدىن كەتمەي تۇرۇپ، بەختنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىڭنى قانداق بىلدىڭ؟ ھاياتلىق بوسۇغۇسىدىن ئاتلاپ كىرگىنىڭدە بەخت ئاغزىڭدىن ئالقىنىڭغا ئۆتكەن ئىدى. ئانام ئۇنى مەھكەم تۇتۇشنى قايتا، قايتا جىكىلىگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە، سەندىكى ھاياتقا پەرۋاسىزلىق ئالقىنىڭدىكى بەختنىڭ نۇرىنى سېھىرلىدى، سەن ئۆزگەلەرنىڭ قولىدىكى بەختكە ئىچىقارلىق بىلەن نەزەر تاشلىدىڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ نەزىرىڭدىن تەمەنى ھېس قىلىپ، ۋۇجۇدۇڭنى ئۆز بەختى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك پايمال قىلىشقا زورۇقتى. ئانامنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن! تۇرمۇشنىڭ قېقىندى - سوقۇندىلىرىغا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ، بىزنى ئۇنىڭ دالدىسىدا پەپىلەپ ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈن بەختنىڭ قەدرىنى بىلمەيمەن، ئۆزگەلەرگە تارتقۇزۇپ قويىدىغانلىقىمىزنى بىلىپىمدىكى، ئۆزگەلەر ئالقىنىڭدىكى بەختكە ئىنتىلگەندە ئۇنىڭدىن چاقنىغان نۇر يۈرىكىنى لەختە قىلدى. ئىلپىتىم، ئادەمنىڭ غەمسىزلىكىمۇ بىر ئاپەت! بۆرىتى خەت تارتقانلىق قىرانىغا يەتكەنلىكتىن بىشارەت! كۆچىگە تولغان بىر يىگىتنىڭ ئۆز قولىدىكى بەختنى نۇرلاندۇرالماي، ئۆزگەلەرنىڭ قولىغا تەلمۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك يوق. ئانامنىڭ پېشانىسىدىكى تال - تال قورۇقلار، بېشىدىكى غۇبارسىز كۆڭلىدەك ئاقلار باشپاشتاق ئوغۇللىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئانىنىڭ ئەجرىگە بىپەرۋالىق قىلىش ئەرنىڭ ھىممەتسىزلىكىدىن بىشارەت. ھىممەتسىزلىكىمىز تۈپەيلى ئانامۇ ئۆزگەلەر ئالدىدا ساغىرىپ قالمىسۇن. ئاندەك ئەپۇچان، ئاندەك باغرى يىللىق، ئاندەك مىننەتسىز مېھنەت ئىگىسىنى ئىككىنچىلەپ يەنە بىر يەردە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. كىچىكىمدۇق. ئىلپىتىم، قولۇڭنى بەر! بىز قول تۇتۇشايلى. قول تۇتۇشۇپ، قولىمىزدىكى ئاشۇ بەختنى ئىجىللىقتا نۇرلاندۇرۇپ، ئانىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرايلى. ئوغۇللىرىنىڭ شىجائەتسىزلىكى تۈپەيلى مىسكىنلەشكەن كۆڭلى ياشىرىپ، بەخت ھەققىدە ئىككى ئېغىز، بەختنى بىلىش ھەققىدە بىرەر ئېغىز، ئۆزىنى بىلىش ھەققىدە ئاز-تولا نەسىھەت بەرسە ئەجەپ ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنى بىلىش ئادەملىكىمىزنىڭ ئىسپاتى ئىدى. بىراق. . . . ھەي! مۇشۇلارنى ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈپ قويۇپتىكەنمىز، بىرسىمىز ئادىشىپتۇق، بىرسىمىز ئالدىنىپتۇق دەپ قۇرۇق قول نېمە دەپ بارارمىز؟ سىلەرنى ئالدانمىسۇن، ئاداشمىسۇن دەپ قۇچىقىمدا تەڭلا پەپىلىگىنىم، تاتلىق ئەمچەكنى تەڭ بەرگىنىم نەگە كەتتى دېسە، نېمە دەرمىز؟

ئاھ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مالاللىق بارمىدۇ؟

- I -

كۆلبەمدە يىگانە ھالدا ئالدىمغا خىيالەن بېقىپ ئولتۇرغىنىمدا، ئۆتكەنلەر ھەققىدىكى ئەستىلىك كۆڭلۈمگە غۇۋا سايىنى سالدى. خىيالەن بولسىمۇ شەكلى ئېنىق سايىلاردىن سەپەرداشلىرىمنىڭ دىدارىنى ئېنىق تونىيالىدىم. سايىلارنىڭ ھەممىسى قارا بولىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئۆز پېئىلى بىلەن قەلبىمدە ھاياتلىق پىرامىداسىنى تىكلەپ كەتكەن ئىلپەتلىرىم گويا ماڭا ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتىكى چاقماقتەك بىلىندى. ھاياتلىقمۇ ئادەمنىڭ شەۋكىتى. مىدىرلاپ تۇرۇشنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقنىڭ ئىسپاتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتلىقىغا ئىشىنىش تەس. ئىلپىتىم، ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئادەم شەكلىدە ئاپىرىدە بولغان بىلەن ئاشۇ شەكىلگە ئادەملىك سۈپەت بەرمەك بەسى مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى يالغۇزلۇقىمدىن تېڭىرقاپ، ساڭا زارىققاندا بىلدىم. قاپ - قارا سايىلار ئىچىدىن سەندە ئادەم سايىسىنى ئىلغا قىلالىغان كۆزىمنىڭ بولۇشى بىر ئامەت. شۇنداق ئىكەن، سەن بىلىشنى ئارزۇ قىلغان گۈزەللىك، ئاقكۆڭۈللۈك، پاكلىق، .... قاتارلىقلارنىڭ سايىسىنى ئىزدەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ گۈزەللىك، ئاقكۆڭۈللۈك، پاكلىق ئالقىنىڭدا نۇرلۇنۇپ تۇرسا، ئۆزگىلەرگە تەلمۈرۈپ مەسلىھەت سوراشمۇ ھاماقەتلىك. ئەجەلنىڭ سايىسى كۆڭلۈڭنى قاراڭغۇلاشتۇرسىمۇ، ئۈمىتىنىڭ چاقمىقى ئۇنىڭ باغرىنى يورىتىدىغانلىقىنى ئۇنۇتما! دەقىق ئارىلىق ھايات بىلەن ماماتنىڭ ئاچىلى ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ، سەن ئىلغا قىلغان سايىلارنىڭ بەختىڭگە بەلگە بولغانلىقىنى بىلەلەيسەن.

- I -

مۇھتاجلىق كۆڭلۈمدە ھەمىشە تۇرمۇشۇمدىكى كەمتۈكلۈك ئۈستىدە بولاتتى. گۆدەكلىكىمدە، بوينىغا جىلتا ئېسىپ مەكتەپكە ماڭغان باللارنى كۆرۈپ، ئۆزەمگە چىرايلىق يارىشىدىغان چاچ قويدۇرۇپ، كىيىملىرىم ئاددى بولسىمۇ پاكىز يۇيۇپ، رەتلىك كېيىنىپ، بوينۇمغا قىپ - قىزىل گالىستۇكنى تاقاپ ئاشۇ سەپكە قوشۇلغۇم كېلەتتى. مەكتەپ دېگەن گۈلزارلىق ئىكەن. رەڭمۇ - رەڭ گۈللەرنى كۆرۈپ، لىۋىدە شەبنەم توختايدىغان غۇنچە بولغۇم كەلدى.

ۋۇجۇدۇڭدا بوۋاقنىڭ قېنى بولسا، تومۇرۇڭدا شىجائەتنىڭ ئۇرغۇپ، غۇنچە ئەمەس، شەرەپ ئىگىلىرىنىڭ كۆكسىدە جۇلالىنىپ، ئۇلارغا شاراپەت ئاتا قىلىدىغان گۈلگە ئايلانماقمۇ تەسكە توختىمايدىكەن.

تىرىشچانلىقىم ئاشۇ گۈلنى كۆكسۈمگە تاقىغاندا، ۋۇجۇدۇمدا ئۆزۈم دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەيدىغان بىر غورۇر باش كۆتۈردى. شەرەپنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىغان، قاقاس سايلىق، كەلكۈن يالاپ ئۆتكەن ئېدىرلىق ۋە سازلىق ئىچىدىن يازمىلىق بىر پارچە قاشتېشىنى ئىلغاقىلايدىغان كۆزلەرگە ھەۋەسىم كېلىپ، ئەنە شۇنداق بىر ئىقتىدارغا ئىنتىلىدىغان بولدۇم. بىدارلىقتا ئۆتكەن تالاي كېچىلەر، كۆرمىگىلىغان ئۇچرىشىشلار ئاخىرى ماڭا ئەشۇ ئىل ئىقتىدارىنىمۇ ھەدىيە قىلدى.

مەن ئالەمنىڭ سىرىنى بىلىش ئىچىدىكى ئىزدىنىشتە دەپ ئويلايتىم. مۇھتاجلىقىم شۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. مەن بىلىشكە، ئىزدىنىشكە پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈمنى بەدەل قىلىشقا بەل باغلىدىم.

- ئىرادە دېگەن پولات تاۋلايدىغان پېچ، - دەيتتى دادام، - يىگىت دېگەندە مۇستەھكەم ئىرادە بولسا ھەر قانداق قىيىنچىلىق ئۇنىڭ ئالدىدا پايمال بولماي قالمايدۇ.

ئىرادەمگە ئۈمىدىمنى يار قىلىپ، ئاشۇ مۇھتاجلىقىم ئۈچۈن ئىزدەندىم. يىگانىلىق ۋۇجۇدۇمنى ئازابلاپ، تېنىمنى شىكەستىلىگەن بولسىمۇ، ئارزۇيۇم يەنىلا ماڭا كۈچ ئاتا قىلاتتى. ئۇزۇن يولدىكى چارچاش، چارچاش ئىچىدىكى ھارغىنلىق بىلەن تەڭ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان بىرەر ئىلپەت ئىزدەپ

ئەتراپىمغا تەلمۈرسەممۇ، بىراق ھەممە نەرسە ماڭا ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ نىقاپلانغاندەك، تېگىپلا قويسام سالجىدەك يېپىشىپ ۋۇجۇدۇمنى قۇرۇق سىكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئادەملەرنىڭ قىيا بېقىشلىرى، چېھرىدىكى غەلىتىلىك، مىجەزىدىكى غەيرىلىك مېنى تېخىمۇ شۈبھىلەندۈرۈپ، ۋۇجۇدۇمدىكى مۇھتاجلىقنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

تۇۋا! ئىنساننىڭ ئۆز يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ زادى نېمىگە مۇھتاجلىقىنى، ئۇنىڭدىكى مۇھتاجلىقنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىسى كېلىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدىكەن. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئاشۇ سېھىرلىك نەرسىلەر، قىيا بېقىشلارمۇ ساڭا ھېچقانداق دەخلىسىنى يەتكۈزەلمەيدىكەن. قەلبىمدىكى مۇھتاجلىق ئۇچۇن ئىزدىنىشكە بەل باغلىغان ئاشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ، كۆڭلۈمگە ئەستىلىك سۈپىتىدە يالداما قالغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن تېنىم ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدۇمغا ھارغىنلىق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇنى مەن پەقەت ئاشۇ ئاددى مەشغۇلات ئۈستىلىدە كەچمىشلىرىم ۋە تۇيغۇلىرىمغا ئورتاق بولۇپ، ئۆز مېھرىنى ماڭا مىننەتسىز ھەدىيە قىلىۋاتقان شامنىڭ نۇر مەنبىئىنى ئۆزىۋەتكەندىلا ھېس قىلالايتتىم. شاتلىق، كۈلكە، راھەت، ھوزۇر، ھالاۋەت، مەئىشەت. . . بۇلار ئەلەم بىلەن دەرتكە قوش گېزەك ئىكەنلىكىنى بىلسەن. بۇلارغا ئورتاقلاشقاندا ساپايىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ئاۋازى قۇلۇغۇم تۈۋىدە جاراڭلاپ، ۋۇجۇدۇمدىكى مۇھتاجلىقنى كۈچەيتتى.

ئاھ، مەندىكى قاشاڭ مۇھتاجلىق!

**مۇتەللىپ سەيدۇللا**

# ئىككى نەسىر

## ئۈلۈشكۈن، تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن

ئۈلۈشكۈن «ياشلىق باغچىسى» ئالدىدا سېنى ئۇچراتتىم. مەن سېنى كۆرگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. چۈنكى سېنىڭ ئىشقىڭ ماڭا كۆچكەن ئىدى. مەن سېنىڭ يېنىڭدىن «سۆرەمگە سالغان كالا» دەك نەچچە رەت ئۆتتۈم ۋە ئوغرىلىقچە كۆزلىرىڭگە قارىۋالدىم. لېكىن، سەن مەندەك بىر ئاددى ئىشچىلىق كىيىمى بىلەن تۇرغان يىگىتنى نەزىرىڭگىمۇ ئېلىپ قويمىدۇڭ، سەن تولىمۇ مەغرۇر تۇراتتىڭ. سەن مېنىڭ تولا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىمدىن بىزار بولساڭ كېرەك. ئاستا كېتىپ قالدىڭ. مەن مۇھەببەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ يېتىپ قالدىم. ئاھ، سۆيۈملۈك جانان، قەلبىڭدە كىم باردۇر؟

تۈنۈگۈن چاچلىرىمنى يېڭى پوسۇندا ياساتتىم. چەت ئەل پوسۇنىدا تىكىلگەن كاستۇم - بۇرۇلكا كەيدىم - دە ئالدىراپ «ياشلىق باغچىسى» غا قاراپ ماڭدىم، «ياشلىق باغچىسى » ئالدىدا جانان سەن تۇراتتىڭ. سەن ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدىڭ ۋە ئايلىنىپ كېلىش تەلىپىمگە ماقۇل بولدۇڭ، بىز باغچىنى تازا ئايلاندۇق، سەن ماڭا يۆلىنىپ تۇرۇپ دېدىڭ:

- نىجات، سىزنىڭ ماڭا پاك مۇھەببىتىڭىز كېرەك!

مەن سېنىڭ ئاشۇ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىڭگە قاراپ كەلگۈسى بەختىمنى تاپقاندەك بولدۇم، چىن ئەقىدە، ساداقەت بابىدىن ئۆچمەس قەدەملەرنى ئېچىپ ساڭا چىن دىلىمدىن مېھرىمنى بەردىم.

بۈگۈن كوچىنى سۈپۈرۈۋېتىپ، يول بويىدىكى گۈللۈكتىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قالدىم:

- ئەكبەر، سىزنىڭ ماڭا پاك مۇھەببىتىڭىز كېرەك!

- نىجات بىلەن .....

- نىجاتقا مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن يوق، چۈنكى، ئۇ يىگىتلىك غورۇرى يوق بىر كىتاب خالتىسى،- بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنىم سوۋۇپ كەتتى. بۇ سېنىڭ ئاۋازىڭ ئىدى. توۋا، دەپ ياقامنى تۇتتۇم، تۈنۈگۈن ئاشۇ سۆزلىرىڭ بىلەن مېنى ئالداپ، بۈگۈن ئاشۇ سۆزلىرىڭ بىلەن بىراۋنى ئالداۋېتىپسەن، بۇ ۋاقىتتا جىبراننىڭ مۇنۇ سۆزلىرى غەزەپتىن ئۆرتىنىۋاتقان قەلبىمگە تەسەللى بەرگەندەك بولدى: «ناھايىتى نۇرغۇن قىزلار يىگىت قەلبىنى ئۆتنىگە ئالالايدۇ، ناھايىتى ئاز قىزلار يىگىت قەلبىنى ئىگەللەيدۇ». خەير - خوش، ئەلۋىدا، سۆيگۈ! خەير - خوش جانان! سەن مېنىڭ قەلبىمنى ۋاقىتىنچە ئۆتنە ئالغان قىزلارنىڭ بىرى سەن، مەندەك بىر ئاددى ئىشچىنىڭ قولىدىن ئەيىبلەش ياكى سوراق قىلىش كەلمەيدۇ ھەم ئۇنداق قىلمايمەن، مەن پەقەت چىن ۋىجدانىمدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇنۇ سوئالنى دېيەلەيمەن: «قىزچاق، سىزگە قانداق مۇھەببەت كېرەك؟»

## غالىبلار

بىز بۈگۈن ئەتىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا يىغىن ئاچتۇق، سەن ئۆزۈڭنىڭ لوگىكىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇڭ، مەن ئۆزەمنىڭ مەنتىقىسى ئارقىلىق سېنىڭ خاتا قاراشلىرىڭغا رەددىيە بەردىم. سېنىڭ پىكىرىڭگە مەن قوشۇلمىدىم، مېنىڭ پىكىرىمگە سەن قوشۇلمىدىڭ، شۇنداق قىلىپ بۇ يىغىن خوراز چىلىلىغاندا ئاياقلاشتى، داۋامىنى ئەتە ئاچىدىغان بولدۇق. بىز يىغىندىن غالىبلارچە گىدىيىپ قايتتۇق. چۈنكى بىز كەلگۈسىنى ئويلىغۇچىلار ئەتە بىلەن بولۇپ كېتىپ بۈگۈننىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدۇق، بىز ئەنە شۇنداق غالىبلار ئىدۇق.

دولقۇن ئاۋۇدۇن

# چۈشلىرىم

(نەسىر)

1

ئۇخلاۋاتىمەن.

بىز، بىر قانچە دوست ئەسلىدىكى پىلان بويىچە، دەم ئېلىش كۈنىمىزدىن پايدىلىنىپ تولۇق تەييارلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدۇق.

ئۇچۇۋاتىمىز، ئەنە، بولۇتنى تېشىپ كىرىپ كەتكەن كۇئىنلۇن تاغلىرى، ئۇنىڭ ئېتىكىدىكى ئوتقاش گىلەمدەك جەننەت باغلىرى، بىز چۈشتۇق، ۋاھ، ئايروپىلاندىن قاراپ گۈل ئۆستۈرۈش مەيدانىمىكىن دەپتۇق، تۈپى بىلەن يايلاۋاتقان ئات، قوي، كالا پادىلىرىكەن.

كۈن چىقىشتىكى ئاقباش چوققا ئۈستىدە ئۇششاق چېكىتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىز سىنچىلاپ قارىدۇق ۋە ئۇنىڭ ئاچلىقتىن پەيلىرى چۈشۈپ جۆيلىتەكلىشىپ كەتكەن قارا قاغا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، ئۇ خۇددى ئۆزىدىن باشقا جانلىقلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەۋاتقاندەك بىز تەرەپكە ئۇچۇپ قانىتىنى يىغاتتى

ۋە كەينىگە قايتىپ ئۆز ئورنىغا قونۇۋېلىپ سەت ئاۋازىدا قاقىلدايتتى.

بىز بىر دەم بۇ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپسورۇنىمىزنى راسلىدۇق، كاۋاپلارنى تارتتۇق ۋە ئىچىشكە باشلىدۇق ، بىر يەشىك تۈگىدى، بىر قانچە پارچە رەسىمگە چۈشتۇق، كاۋاپ قىلىشقا بولىدىغان تاغ قۇشلىرىدىن بىر نەچچىنى ئاتتۇق، بىز خۇشال، يەنە ئىچىـــشكە ئولتۇردۇق، ئىچىۋاتىمىز. ھەممىيلەن شىر كەيىپ. ياش تۇرۇپلا دۇمباقتەك قورساق سېلىپ سەمرىپ كەتكەن بىر دوستۇم ئالدىدىكى ئېسىل قاپلىق تاماكا خۇمارىنى باسالمىغاندەك يانچۇقىدىن قەغەزگە ئوراغلىق نەشىنى چىقىرىپ ئۇششاق ئۇۋاپ پىلەك قىلىپ يۆگىدى ۋە تۇتاشتۇرۇپ ئۈچ شورىغاندىن كېيىن، نۆۋەت بىلەن ئايلاندۇردى، ساق ۋاقتىتا پۇرىغىدىمۇ سەسكىنىدىغان دوستلار ھاراق كەيپىدە رەت قىلماي چېكىشتۇق، كۆزلەر خۇمالاشتى، يەنە ئىچتۇق، مەس بولدۇق، بايىقى دىل ئارامى ساز ۋە قىزىق چاقچاقلار ئەمدى غەيۋەتكە، پو ئېتىشقا ئۆزگەردى، مېنىڭ بىرسىگە قىلغان چاقچىقىم ئېغىر كەتتى بولغاي يەڭلىرىنى شىمايلاپ چۆجە خورازدەك ئېتىلدى، بىرسى مەن تەرەپتە تۇرۇپ ئاجراتتى ۋە ئۇمۇ ئۇرۇشتى، مانا، كەيپچىلىكتە يېقىن دوستلار بىر-بىرىمىزنىڭ كاللا- باشلىرىنى يېرىشتۇق، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى چەيلىدۇق، تېخى بىر- بىرىمىزگە ئاتقان تاشلار ئايروپىلاننىڭ بىر قانىتىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

بىز ھارغىنلىقتىن يىقىلدۇق، بۇ چاغدا بايىقى قاغىلار ئۈستۈمىزدە ئەگىپ مەشرەپكە چۈشۈپتۇ، كۆزۈم ئالايدى، تاغلار پىقىراشقا باشلىدى، بېشىم زىڭىلداپ ھوشۇمدىن كەتتىم، بىر چاغدا ئۈستۈمدە بىر نەرسە ماڭغاندەك قىلدى، كۆزۈمنى ئاچالمىدىم، ئۇ پېشانەمگە قونۇپ ئولتۇرۇپ كامادەك ئېچىلىپ قالغان ئاغزىمغا ئۆچلۈق تىكەندەك تۇمشۇقىنى سانچىپ تىلىمنى چوقۇلاشقا باشلىدى، مەن تىلسىز ۋاقىرالمىدىم، ئاغرىققا چىداپ نۇرسىز كۆزۈم بىلەن ئەتراپقا قارىدىم، باشقا دوستلىرىمنىڭمۇ تىلى ۋە كۆزلىرى يوق، ئۇ، ئەمدى مېنىڭمۇ كۆزۈمنى چوقۇلىدى، پەقەت چىدالماي پۈتۈن كۈچۈم بىلەن «ئاھ، ئادەمنىڭ، دوستلۇقنىڭ، ۋاقىتنىڭ دۈشمىنى ھاراق، كەيپچىلىك» دەپ ئۈنسىز نىدا قىلدىم ۋە قاتتىق سىلكىندىم، قارىسام ئۆز ئۆيۈمدە داق يەردە يېتىپتىمەن.

تويۇقسىز كەلگەن بۇ ئامەتتىن تېرەمگە سىغمايلا قالدىم، ئۆتكەنكى تازا كەيىپ قىلغان مېھماندارچىلىقنىڭ پايدىسى بولسا كېرەك، سېختىكى ئادەتتىكى ئىشچىلىقتىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا، بىخەتەرلىككە مەسئۇل كادىرلىققا، ئاندىن سېخنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، پارتىيىگە كىرىپلا زاۋۇتنىڭ ئىقتىسادقا مەسئۇل باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلدۈم، ئۆي ۋە يانچۇقۇم تولۇق، قولۇمنى نەگە سوزسام يېتىدۇ، بىرگە ئوينايدىغان دوستلىرىممۇ ئۆزىنىڭ تەلىپى بىلەن ئىشقا قويۇلدى، بىر يۇرتلىقلىرىممۇ خۇشال، بەزى تەتۈر قارايدىغانلارمۇ «ئاينى ئېلىپ چۈشۈڭ» دېسەم لەبەي دەپ ماڭىدۇ، ئەملىڭ چوڭ بولسىمۇ ياخشىكەن، يەرلىكتىكى ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست بۇرادەرلەرنىڭ ئىشسىز باللىرىنىمۇ ئىشقا قويىۋەتتىم. بىراق، ئەمەلنىڭ كۆرسىتىدىغان راھىتى ئۇزۇنغا بارمىدى، يۇقۇرىدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىپ مېنىڭ ئۈستىمدىلا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ۋاھ، ئۆيدىكى قىممەت باھالىق ئۆي جاھازلىرى، بانكىدىكى نەق پۇللار بولۇپ ھەددى ھېسابسىز، پارتىيىدىن تازىلاندىم. بارلىق ھوقۇقۇم ئېلىپ تاشلاندى، يەنە بۇرۇنقى ئاددى ئىشچى، توۋا، ئادەم دېگەن غەيرى مەخلۇقكەن، بۇرۇنقى ئايلىق يەردىن ئېگىلىپ كېلىدىغانلار باشقا كۈن چۈشۈپ، قانۇن تورىغا ئېلىنىپ، قەرزدىن جۇلتەكلىشىپ كەتكەندە كۆرمەس ، تونىماس بولدى، بارلىق قىلمىشلىرىم پاش بولۇپ قانۇن سىرتمىقى بوينىمنى بوغدى، تىنىقىم سىقىلدى. كۆزۈمنى ئاران ئاچتىم، قارىسام ئايالىم بوينىمغا چىڭ گىرە سېلىۋاپتۇ.

مەن ھاراق سورۇنىدىلا ئۆلدۈم، ئۆلپەتلىرىم ئاغزىمغا ھاراق تېمىتتى، بىرسى دەلدەڭشىپ

چىقىپ يولدىن بىر ئات ھارۋىسىنى چاقىرىپ مېنى قول قولچە باستى ۋە يانچۇقۇمنى يوقلاپ پۇلۇمنى ئېلىپ بىرسىنى ھاراقىا بۇيرۇپ، ھارۋىكەشكە پارچە بىر سومنى تۇتقۇزدى ۋە ئۆينىڭ ئادرېسىنى تولۇق دەپ ھارۋىنى ماڭغۇزدى. مانا، ئۆيۈمدە ئاق كېپەن ئىچىدە ياتىمەن.

ئاتا-ئانام، ئۇرۇق، تۇغقان، قولۇم-قوشنىلار ئېغىر مۇسىبەتتە. ئۇلپەتلىرىمچۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ ھارىقى تۈگەپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بوپ قالدى، ئۇلار بەلكى ھېلىغىچە، سۇيۇق-سەلەڭ نەزىر ئېشىغا ئۈلگۈرۈپ كېلەر ياكى قىزىق چاقچىقىدا مېنى تىرىلدۈرۈپ كۆلدۈرمەكچى بولىشار.

مانا، ئۇلپەتلىرىممۇ قار-يامغۇر يىغلاپ كېلىشتى، ئۇلار دەلدەڭشىپ كېلىپ مېنى ئارىغا ئالدى، ئۇلارنىڭ نەچچىسى نەلەردىن تاپقاندۇ، ئاق، سېرىق ياغلىقلارنى بېلىگە چېگىۋاپتۇ، ھېلىقى، قاتناشتا ئىشلەيدىغان دوستۇممۇ يەڭ بەلگىسىنى تاقىۋاپتۇ، بۇنى كۆرۈپ كۈلىۋېتەيلا دېدىم، لېكىن يەنىلا ئەرۋايىم ئۇچۇپ، ئۇلاردىن ئاغرىندىم، يىرگەندىم.

ئۇ، يىرىك قولى بىلەن يېرىم ئوچۇق تۇرغان كۆزۈمنى ياپماقچى بوپ يۈزۈمنى سىلىدى، چۆچۈپ ئويغاندىم، قارىسام يول ياقىسىدا يېتىپتىمەن، بايىقى يۈزۈمنى يالاۋاتقان ئىتمۇ غىڭشىپلا بەدەر قاچتى.

مەن ئايالىمنىڭ تۇققىلى كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بۇ چىرايلىق قىزغا بۇزۇلدۇم، ئۇ مېنى قاملاشقان ئۇستىخىنى، شوقلۇقى ۋە مەسخۇش نازى بىلەن ئۆزىگە رام قىلغانىدى. بىز ۋەدىلەشتۇق، ئايالىم قايتىپ كېلىشىگە بىرەر سەۋەب تېپىپ قويىۋەتمەكچى بولدۇم، دېگەندەك تۇنجى ئوغلۇم يېتىم بولدى، يېڭى توي ھەشەمەتلىك ئۆتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىش ئۇستىدە پۇتۇمغا تۇرۇبا چۈشۈپ كېتىپ بالنىستا كىرىپ قالدىم. يېڭى ئايالىمدا تولۇق ئۆزگىرىش بولدى. تامىقىمنى ۋاقتىدا بەرمەيدىغان، ياش تۇرۇپ توكۇرغا نىسىپ بولدۇم دەيدىغان بولدى ۋە ئاجرىشىش تەلىپىنى قويدى، پۇتۇمنىڭ ساقىيىشىغا قاراپ ئايالىممۇ ئەسلى ھالىتىگە قايتىشقا باشلىدى. ھاسا بىلەن سىرتلارغا چىقالايدىغان بولدۇم ، ئۆي بىلەن دوختۇرخانا ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا بىر كۈنى كەچ ئىچىم پۇشۇپ ئۆيگە كىرىپ يېپىق قانالنىڭ سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرۈشنى خالاپ قالدىم، تۆتىنچى قەۋەتكە ئاران چىقىپ ئىشكنى ئېچىپ كىرسەم تېلېۋىزورنىڭ قىزىقىغا ئۈلگۈرۈپتىمەن:

ئايالىم، باشقا بىر ئەركەك بىلەن ئولتۇرۇپتۇ.

ئاھ خۇدا، بۇ يېتىم ئوغلۇم ۋە تۇل ئايالىمنىڭ قىساسىمىدۇ ياكى چىرايلىق ئايالىمنىڭ ئوت يۈرەكلىكىمىدۇ، مەن ھاسامنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇلارغا تاشلاندىم، ئويغانسام مېھرىبان ئايالىم بېشىمدا تەرىمنى سۈرتىۋېتىپتۇ.

ئېزىز تۇرسۇن

# ئىككى نەسر

## رەڭدار چۈش

گەل جانان، چىن مۇھەببىتىمىزنىڭ سېھرى قۇدرىتىدىن مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلەيلى.

ئەگەل قولۇڭنى، ساماغا پەرۋاز قىلىپ ئۇچايلى، ھىجران دەردىنى يەتكىچە تارتىشقان ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ رىشتىنى چاتايلى، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى بەكلا يىراقمۇ ياكى يۈزى تۆۋەنمۇ، ئۇلارنىڭ

سىرلىرىنى ئاچايلى.

شەپەققە پۈركەلگەن رەڭدار ئۈپۈق بىزنىڭ بىرىنچى بېكىتىمىز بولسۇن، ئاندىن ئىككىمىز ئىككى يولغا يەنى كۈندۈزلۈك ئالىمى بىلەن كېچىلىك ئالىمىگە سەپەر قىلايلى.

نېمىشقا دەمسەن جانان، تېخى بىز ئايرىلماي تۇرۇپلا ھىجران ئازاۋى تارتىۋاتقىنىڭنى قارا، باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن-ئۆزىنى ئاتىغان ھاتەملەر ئۈچۈن ياش تۆكۈش نومۇس، كۈلگىنە ئۈمىدىم، گۈلگۈن چىرايىڭدىن بەختىمنى كۆرەي.

سەۋر قىل جانان، ئاۋۋال گەپلىرىمگە قۇلاق سال. بىز ئايدىڭ كېچىلەردە بىرگە سەيلى قىلغان چاغلىرىمىزدا، بىردە ئايدىڭ كېچىنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھىر ئالساق، بىردە ئاينىڭ تەنھالىقىدىن ھەسرەت چېكىشەتتۇققۇ؟

بارغىن دىلدار، كېچىلىك ئالەمنىڭ مەلىكىسى ئاي سەنەم قېشىغا. ئۇنىڭغا ئېيتقىن، قۇياشنىڭ ئۇنىڭ ئىشقىدا ئاتەش بولۇپ يانغىنىنى، ۋىسالغا تەلپۈنۈپ كۆزلىرىنىڭ تالغىنىنى.

مەن كۈندۈز ئالىمىنىڭ شاھزادىسى قۇياشنىڭ ئالدىغا باراي، ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ سىرلىرىنى ئاچاي، ئۇنىڭغا ئاي مەلىكىنىڭ چاقناپ تۇرغان مەرۋايىتلار ئارا ئۈپۈقتا قاراپ ئىنتىزارلىقتا مىسكىن بېقىشىنى ئېيتاي!

ئۇلارنى ساما يولىدا ئۇچراشتۇرايلى، ئۇلارنىڭ گىرەلەشكەن قوللىرىدىن، لەۋلىرىدىن پاك سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسىنى تىكلەيلى، پۈتكۈل ئالەم شاتلىققا تولسۇن! شۇ كۈن بىزنىڭ ۋىسال كۈنىمىز بولسۇن.

خەير...

## ئايدىڭدىكى تەنھا سايە

كېچە، ئەتراپ تىم-تاس، چىقمايدۇ ھېچ قانداق سادا، ئادىتىم بويىچە كېتىۋاتىمەن تەنھا.

بۈگۈنمۇ ئۇچراتتىم يەنە، قارشى تەرەپتىن ئۇمۇ چىقتى تەنھا، كۈندە ئۇچرىشىپ قالىمىز مۇشۇ دوخمۇشتا، كەچلىك سېيىلدىن ئالماشقىنىمىزدا.

بۈگۈنمۇ قىيا بېقىپ ئۆتۈپ كەتتى يېنىمدىن. كۆزۈممۇ رىغلىكىسى بىلەن ئەگەشتى، تۈندە ئۇزاۋاتقان غۇۋا نىگاھىمدا، نېمىشقىدۇر، شۇ قىز شۇ ئاددى ئىش كېيىمى بىلەنمۇ گويا كېچە پەرىشتىسى بولۇپ كۆرۈنىدۇ ماڭا، شۇڭىمۇ بىر-بىر ئارزۇلۇق نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك، چۈشىنىكسىز ھېسسىيات كۈچى بىلەن قارايمەن قايرىلىپ، قارايمەن ئاڭا.

بەلكىم ئۇمۇ قارايدىغاندۇ، چۈشىگىمۇ كىرەمدىم تېخى. بۇ ماڭا سىرلىق تېپىشماق.

كۈندە ئۇچرىشىمىز شۇنداق، بېقىشتىن سىرت سۈرمەيمىز زۇۋان.

ئۆتتى تالاي ئاي-كۈن، ئۇچرىشىمىز شۇنداق ئۇمۇ تەنھا، مەنمۇ تەنھا. ئوتلۇق ھېسسىمىزنى زورمۇ-زور بېسىپ، تەلۋىلەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى، مەن ئۆزەمنىڭ مەغرۇرلىقىنى ساقلاپ..

ئايلىنىپ ھەر خىل خىياللار ئىلكىدە كېتىمەن ياتاق تامان، باغۋەن بولۇپ ئىجادىم بېغىغا گۈللەر تېرىيمەن، شۇ گۈللەرنى كۆرەمدىكىن سەيلىگاھ ئەيلەپ، شۇ گۈلزارنىڭ گۈلىنىگارى سۆيۈملۈك جانان.

ئايگۈل غوپۇر (ماھى)

# سەسكەنمە!

(نەسر)

ماڭا قارا دوستۇم ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

ئانىڭ ئانىلىق مېھرى بىلەن بېشىڭنى سىلاۋاتسا، بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىڭنى تاراۋاتسا، ساڭا تويىماي تىكىلىۋاتسا، ئەجەپ ئۆزەڭنى قاچۇرۇپ تۇرىسەنغۇ؟ خۇددى سەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان نەرسىدىن قورققاندەك، سەسكەنگەندەك بارا، بارا يىراقلىشىۋاتىسەنغۇ؟!

دوستۇم، ئېيتە، نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىسەن؟ ھە! ئەمدى بىلدىم، كۆزلۈرۈڭ ئاناڭنىڭ ئورۇق قوللىرىغا، يول-يول سىزىقچىلار قاپلاپ كەتكەن يۈزلىرىگە، نۇرسىز، خۇنۇك كۆزلىرىگە، ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىغا سەسكىنىش نەزىرى بىلەن تىكىلىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ، دېمەك سەن ئاناڭدىن، ئاناڭنىڭ مۇشۇ تۇرقىدىن سەسكىنىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

سەسكەنمە دوستۇم، ھەرگىز سەسكەنمە.

ساڭا بۈگۈنكى بۇلۇتتەك يۇمشاق، پاختىدەك ئاپپاق قوللىرىنى ئاتا قىلغان مۇشۇ ئورۇق، قاتمال قوللار، بىلەمسەن، بىر چاغلاردا ئانىڭ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ماموق قوللىرى بىلەن داداڭنىڭ قورۇقسىز يۈزلىرىنى قاپ قارا چاچلىرىنى بىر ھازاغىچە سىلاپ تويىماي پۇراتتى، لېكىن ھازىرچۇ؟ ھازىر سەن ئاشۇ قوللىرىڭ ئارقىلىق يىگىتىڭنىڭ يۈزلىرى، چاچلىرىنى سىلاۋاتىسەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

بىر چاغلاردا ئانىڭ دېڭىزدەك چوڭقۇر ھېسسىيات يوشۇرۇنغان شەھلا كۆزلىرىنى داداڭغا تىكىپ ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن مۇھەببەت ئىزلەيتتى، داداڭ ئاناڭنىڭ قىزارغان ئالمىدەك سۈزۈك يۈزلىرىگە، نېپىز لەۋلىرى يوشۇرۇپ تۇرغان سەدەپتەك چىشلىرىغا، بېلەكتەك توملۇقتىكى ئۇزۇن چاچلىرىغا تويىماي قارايتتى، لېكىن، ھازىرچۇ؟ ھازىر ئانىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئاشۇ گۈزەللىكلەرنى ئاللىبۇرۇن ساڭا ئاتا قىلىۋەتكەن، ئۆزى بۈگۈنكىدەك قاقشال دەرەخكە ئوخشاپ قالغان. . .

دوستۇم، سەن يىگىتلەرگە كۆز-كۆز قىلىپ يۈرگەن «پەخرىم» دەپ ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ گۈزەللىك، بۇ زىبالىقتىن شاتلىنىشنى بىلىسەنغۇ، ئەجەپ، بۇ بايلىقنى كىمنىڭ ئاتا قىلغانلىقىنى بىلمەيسىنا؟ يىگىتىڭنىڭ سائەتلەپ تەلمۈرۈشلىرىدىن، يۇمران قوللۇرۇڭنى سىلاشلىرىدىن ئۆزەڭنى چەكسىز بەختلىك ھېسابلايسەنۇ، سېنى كىمنىڭ بۇ بەختتىن بەھرىمەن قىلدۇرغانلىقىنى ئويلىمامسىنا؟ سەن تېخى ئاشۇ بىچارە ئاناڭدىن سەسكىنىۋاتامسەن؟ ئۆزىدىكى بارلىق گۈزەللىكلەرنى ساڭا ئاتا قىلىۋېتىپ سېنى گۈزەللىك ئىلاھىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى بولسا تىرىك مۇردىغا ئوخشاپ قالغان ئاناڭنىڭ بۈگۈنكى تۇرقىدىن سەسكىنىۋاتامسەن؟ ئەگەر سەن ئانا بولغان ۋاقتىڭدا باللىرىڭ سېنىڭ كېيىنكى تۇرقۇڭدىن سەسكەنسە، سەن قانداقمۇ قىلارسەن، ئازاپلىنارسەنمۇ؟ ياكى مەنمۇ ئانامدىن سەسكەنگەن، ئەجەپ قىلىپ قويۇپتىكەنمەن، دەپ پۇشايمان تارتىپ قالارسەنمۇ؟!

ئاھ، «گۇناھكار» ئانىلار! . . .

پەقرى

# ئـانـا

(نەسر)

ئانا، ئاھ، جان ئانا!

ئانا دېگەن بۇ ئۇلۇق نام ئەجەپ سۆيۈملۈك، گويا ئۇ تاڭدىكى چولپان. ئانا مېھرى

يۈتمەس-تۈگىمەس ئوتلۇق ۋۇلقان. بۇ ۋۇلقان شۇنداق نۇرلۇق، شۇنداق تەڭداشسىزكى، زېمىن-كۆكنى يورىتار، بۇ ۋۇلقان شۇنداق ھەيۋەتلىك شۇنداق كۈچلۈككى يەر قەھرىدىكى ماگمىلارنى قاينىتار.

ئانا مېھرى بىر باغۇ-بوستان، ئۇ ئۆز قوينىدا ئۆستۈرەر ھەر خىل گۈلىستان. ئانا مېھرى ئىپار-ئەنبەر، ئۇنىڭ چەكسىز پۇراقىدىن بەھىر ئالار تۈمەنلەپ دىلبەر. ئانا مېھرى نۇرىن چاچقان بىر شەمس، چەكسىز ۋە چوڭقۇرلۇقتا پايانى يوق بىر دېڭىز. پەرزەنت بولسا دېڭىز يۈزىدىكى بىر كېمە ئانا ئۆز باغرىدا قوغدايدۇ ئۇنى كېچە-كۈندۈز.

ئانا مېھرى كۆكلەم باھاردىكى مەيىن سابا. پەرزەنت دىلىغا ھەر قاچان ئۇ مەلھەم-داۋا. ئانا مېھرى ئۆركەشلىگەن دولقۇنلۇق دەريا، پەرزەنتنى قايناملارغا سىلىپ تاۋلايدۇ ئاستا، ئۆزۈن، تۈگىمەس تۈنلەردە ئويلايدۇ ئۇ ئۆرە ئولتۇرۇپ: جېنىم قوزام ئىشقا يارار بىر ئەزىمەت بولسا. ئۇلۇغ ئانىجان شۇڭا قەدىرلىك ئەگەر پەرزەنت قەلبى شۇنى بىلەلىسە، كېچىلىرى ئۆزى قوپۇپ، ئۆز بۆشۈكنى ئۆزى ئەللەيلى-يەلىسە!

شۇڭا دەيمەن، ئاھ، جېنىم ئانا! مېھرىبانىم، دىلخۇمارىم، خۇشاللىقىمسەن. ئانا دېسەم، يۈرۈكۈمدە ياندۇ يالقۇن، ئانا! دېسەم، تومۇرىمدا ئىسسىق قانلىرىم ياسايدۇ دولقۇن، ئاھ، ئانا، ئۆزۈڭغا بارماي پۈتتى مانا خۇشال ئەركىلىشىم، نەقىلاي ئەمدى، ئەجەپ تەتۈر كەلدىڭغۇ پەلەك گەردىشىن.

ئاھ، جان ئانا، ئەلۋىدا ساڭا!

بىۋاقىت شۇم ئەجەل ئېلىپ كەتتىڭغۇ سېنى، كەچكۈزدە سولغان ئوتتەك قايرىدى مېنى. سېنى ئىزدەپ ئاسمانۇ-يەرگە تەلپۈندۈم، نۇرلۇق رۇخسارىڭنى قايتا كۆرمىدىم. يېتىملىك بەش ياشتىلا چۈشتى بېشىمغا. دىلدارلىرىم ئاھلار ئۇرۇپ كەلدى قېشىمغا. ئاھ، جان ئانا دەپ پىغانلار چەكتىم. يىللىق قوينۇڭ، ھىدىڭغا تويماي تۇرۇپ بولدۇم بىر يېتىم. ھەر تەرەپكە چېپىپ بوتلاقتەك بوزلاپ قارىدىم، گۈزەل ھۆسنى جامالىڭدىن نۇر ئەمسەم دېدىم، بىراق، بۇ دۇنيا سېنى ماڭا نېسىپ قىلمىدى، ئانا! دەپ قۇچاغلاپ سېنى سۆيۈشكە تەقدىر قويمىدى.

ئەلمىساقتىن بار ئىكەن ئەسلا، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، ئاتا-ئانا دىلرابادىن ھەمدە ئايرىلىش، ئۆتكەن ۋاقىت قايتىپ كەلمەس ئىكەن ئەزەلدىن، قالغانلارغا ۋاجىپ ئىكەن قايغۇدا قېلىش.

كۈنلەر-تۈنلەر كەينىدىن ھەپتىلەر ئۆتتى، ئايلارنىمۇ قوغلىشىپ يىللارمۇ كەتتى. ئۈمىدىنى باغلىغان ئېزىز ۋەتىنىم، نېمەتلىك بۇ دىيارىمدا بەخت بەخش ئەتتى.

قەدىردانىم جان ئانا، سۈتۈڭنى ئاقلاپ، مايبۇلاقنىڭ كۆزىنى جان دەپ ئاچىمەن. ئەلنىڭ ئوغلى پەقىرى بوپ بۇ كەڭ دېڭىزدا، ئەبەدى بىر تامچە بوپ دايىم ئاقىمەن!

گۈلباھار قادىر

# ھەسرەتتىن تۇغۇلغان ھېسلار

(نەسر)

مەن شوخ كۆلكە ئىچىگە يوشۇرۇنغان پىغانلىق كۆزلىرىم بىلەن ساڭا نەزەر تاشلىغىنىمدا، سەن شۇ كۆزلىرىمدىن قان - قان يىغلاۋاتقان يۈرىكىمنى كۆردۈڭمۇ؟ گۈزەل باھار باشلانغان بۇ ۋاقىتلاردا قەلبىم زېمىنى قېلىن قار ئاستىدا تۈنجۇقۇپ ياتىدۇ. يىللىق قۇياش تەبىئەت زېمىنىدىكى قار-

مۇزلارنى ئېرىتىپ گۈزەل باھارغا باشلاپ كىردى، ئەپسۇس قەلب زېمىنىمدىكى شۇ قار-مۇزلارغا پەقەت سېنىڭ قەلب ئاسمىنىڭدىكى ئىشەنچ قۇياشىلا ئېرىتىپ تاشلىيالايدىغانلىقىنى بىلگەن بولساڭ ئىدىڭ. . .

بىراق، سېنىڭ قەلب ئاسمىنىڭدا بىر پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئىشەنچ قۇياشىڭنى توسۇۋالدى. شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ قەلب زېمىنىم ئىللىق ھارارەتتىن مەھرۇم. مەن ھەقىقىي پاك مۇھەببەت چاقمىقىنىڭ بىرلا چېقىپ قارا بۇلۇت يامغۇرلارنى تۆكۈۋەتسە، ئىشەنچ قۇياشىڭ پارلاپ قەلب زېمىنىڭنى يىللىتىسكەن دەيمەن، لېكىن سېنىڭ يۈرىكىڭ ئازابلىق نىدالىرىمدىن تامام خەۋەرسىز پەقەت نەپرەتلىك كۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا تىكىلگىنىڭ تىكىلگەن. . .

مەن ئۆزەمنىڭ سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن، ئىشەنچىڭدىن مەھرۇم قالغان كۈنىدىن باشلاپ ئۆلگەن دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ مىدىرلاپ تۇرغان گەۋدەم بىر تىرىك جان. لېكىن قەلبىم، بەختىم، مۇھەببىتىم ناھەقچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكىنى نەۋاق، ئايرىلىش ئالدىدا سەن ماڭا بەخت تىلىگەن ئىدىڭ، ئەگەر سەن ھەقىقىي بەختنى چۈشەنگەن بولساڭ. ئەخمىقانە ھالدا ماڭا بەخت تىلىمەس ئىدىڭ. مەن سېنىڭ نادان تۇرقۇڭغا قاراپ ئېچىنىمەن، ماڭا سالغان ھەسرىتىڭنى ئويلىسام ساڭا چەكسىز نەپرەتلىنىمەن. بىراق نېمىشقىدۇر سېنىڭ يامان گېپىڭنى ئۆزگىلەر قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىسام، سەن ئۈچۈن ئورا كولاۋاتقان قارا يۈزلەرنى كۆرسەم يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ئېچىشىپ چىدىيالماي قالىمەن. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى ئەيىبلەشكە قەلبىمنىڭ روھى يول قويمايدۇ، چۈنكى سەن بىلەن مەن بۇرۇنقى ئاشىق - مەشۇقلار ئەمەس ئەكسىچە باشقا-باشقا يولدا كېتىۋاتقان بەندىلەرمىز؟!

ۋوي، نېمىگە يىغلايسەن؟ ئۆزۈڭگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن پارلىغان مەغرۇر كۆزلىرىڭدىن ياش ئاققىنىغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ! ئەسلىدە بۇرۇنقى نادانلىقلىرىڭدىن ئۆكۈنىپسەندە؟! توختا! مەن سەندىن سوراي؟ ساڭا مېنىڭ جىسمىم كېرەكمۇ ياكى قەلبىممۇ؟ قەلبىم ئاللا بۇرۇن ئۆلگەن، سەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيسەن، جىسمىم تېخى ھايات، مۇھەببەتسىز، ھېسسىياتسىز تىرىك مۇردىنىڭ ساڭا بەخت ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟ نېمە؟ سېنىڭ بارلىقىڭ ماڭا مەنسۇپ دەمسەن؟! ئەينى ۋاقىتتا قەلبىم شۇ سۆزنى ئۈنسىز تەكرارلاپ، بىغۇبار كۆزلىرىم ساڭا تەلمۈرۈپ قارىغىنىدا سەن پەرۋامۇ قىلمىغان ئىدىڭ. . .

بولدى قوي يىغلىما، يىگىتتەك غەيرەتلىك بول. ھايات ئادەمنى بىردە كۈلدۈرسە بىردە يىغلىتىدۇ، ئەگەر ماڭا بولغان ئىشەنچىڭ سېنى ئازابلاۋاتقان بولسا قەلبىڭ قەلبىمنى ئۇ ئالەمدىن ئىزلىسۇن، ناۋادا قەلبىم ئايال زاتىغا خاس باغرى يۇمشاقلىق بىلەن سېنى ئۇ ئالەمدە كەچۈرىۋەتسە ئەجەپ ئەمەس، لېكىن پانى ئالەمدە يۈرگەن بۇ تىرىك مۇردا ساڭا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ، قايسى بىر كىتابتا مەن مۇنداق بىر سۆزنى ئوقۇغان «قەلبىڭنىڭ مۇھەببەت شامى ۋاپاسىزلىق شاملى بىلەن ئۆچۈرۈلگەندە ئۇنىڭدىكى قاراڭغۇلۇق چىراغ ئەمەس گۈلخان ياندۇرغان بىلەنمۇ يورۇمايدۇ» سەن قەلبىڭنى ئۇ ئالەمگە ئۇزۇتۇشتىن ئىلگىرى مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنى ئويلاپ باق، كونىلارنىڭ «ھەق ئېگىلەر، سۇنماس» دېگەن سۆزى ناھايىتىمۇ دانالىق بىلەن ئېيتىلغان ئىكەن. شۇ مەزگىللەردە ھەقىقەت ئىگىلگەن بىلەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە سېنىڭ ئىگىلىشىڭنى كىممۇ ئويلاپ باققان؟!

مېنىڭ بۇ تىرىك جىسمىم ئەمدى مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئەل قەلبىدە ئۆلمەس روھنى تىكلىگەندىن كېيىنلا ئاندىن مەمنۇنىيەت بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئۇ ئالەمگە قەلب ئىزلەپ مېڭىشى مۇمكىن. . .

ھەسەنجان بوساق

# ئىزدىنىش ساھەسىدىكى ئوي-خىياللار

## (سۆھبەت خاتىرىسى)

بوۋاقلىقىمىزدا بۆشۈكنىڭ يېنىك تەۋرىنىشى ۋە «ئەللەي» مۇڭلىرى بەكمۇ يېقىملىق تۇيۇلاتتى. ئۇ چاغدىكى يۈرەك ھەم قۇلاق چاپانلارمۇ ئۆزىمىزگە تولىمۇ يارىشىملىق ئىدى. . .

ئانىمىزنىڭ ئاق سۈتى بىلەن لەززەتلىك بولماقلىرى ئەمدى بىزنى بۆشۈك ۋە قۇلاق چاپانلارغا پاتمايدىغان قامەتلىك يىگىتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئىشتىھامىزغىمۇ بولماقلار كار قىلماس بولۇپ قالدى، بىز ئەمدى، باشقىلارغا ئوخشاشلا قامىتىمىزگە چۈشلۇق يارىشىملىق چاپان ۋە ئىشتىھامىزغا يارىشا غىزا ئىزدەشكە تىرىشماقچى بولىۋاتىمىز ھەم شۇنداق قىلماقچىمىز! مانا بۇ، بىزنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىشىمىزنىڭ خېمىرتۇرۇچى شۇنداقلا بىز ئىنتىلىۋاتقان بەدىئىي ھەقىقەت. . . .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەر بىر ئەدەبىيات سۆيەر قەلب ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل ھەققىدىكى نەزىرىيىلىرىنى، ھەر خىل ژانىرلارغا بېرىلگەن تەبىرلەرنى قاتمال قائىدە ۋە بىرلا خىل قېلىپ بىلەن بوغۇپ قويۇشنىڭ تولىمۇ بىمەنە ھەم بىر تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا، ھەر بىر بەدىئىي تەپەككۇر ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى-يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنازىرىلىشىشكە، رىقابەتلىشىشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىز گۈلزارلىقىدىكى بۇلبۇللارمۇ (ھېچ بولمىغاندا قارا غۇجىنى دوراپ بولسىمۇ) ئۆز ئاۋازىدا سايراپ بېقىشقا ھەقلىق، نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىز ئۆز ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلاپ باقسۇن! «خورازمۇ بىلگىنىنى چىللايدۇ» ئەمەسمۇ؟!

مېنىڭ بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى تەييارلىشىمدىكى مەخسەتلەرنىڭ بىرى: بىر قىسىم ئاپتورلارغا ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىش ئارقىلىق مۇنازىرە ۋە غۇل-غۇلا پەيدا قىلىپ، نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشكە تىرىشىش: يەنە بىرى بۇ ئاپتورلارنىڭ سەۋىيىسى ھەققىدە كىتابخانلارنى مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت، بۇ سۆھبەت خاتىرىسىدە نېفىتلىك ئاپتورلىرىنىڭ مۇئەييەن قارىشى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى كۆز-قاراشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

سىراجىدىن سېيتنىياز ئاكا: نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىز مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت سەۋىيىسىگە سېلىشتۇرغاندا تەرەققىيات ئاستا، ھەتتا خېلىلا ئارقىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمىز، سىز شەھەر-ئىدارە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «مايبۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆردىڭىزمۇ؟ ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشىگە تۈرتكە بولىدىغان كونكرېت پىلان، تەدبىرلەرنى ئويلىشىۋاتامسىز؟ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەپ باقسىڭىز.

جاۋاب: بۇنى بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلەپ كەتمەك تەس، شۇنداق بولسىمۇ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي، بۇ شەخسەن مېنىڭ كۆز قارىشىم، ھېچقانداق تەشكىل ۋە شەخسكە ۋەكىللىك قىلمايدۇ.

نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىز 50- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان بولۇپ، تارىخنىڭ بىر قانچە

داۋالغۇشلىرىدىن قېقىلىپ-سوقۇلۇپ ئۆتۈپ بۈگۈنكى سەۋىيەگە يەتتى. سىز سوئالىڭىزدا ئوتتۇرىغا قويغاندەك سەۋىيە جەھەتتە خېلىلا ئارقىدا تۇرىدۇ، لېكىن كەلگۈسىدىن ئۈمىتىمىز زور. ھازىر ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىمىزدا ياش ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇلاردىن كەلگۈسىدە ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتكە تونۇلغىدەك مۇنەۋۋەر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ياشلارنى توغرا يۆنىلىش بويىچە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش، تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە ئۆز-ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم، بۇ ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خىزمىتىدىن سىرت ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە، ھازىرقى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مەسىلە، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يۈكسىلىش ياكى يۈكسەلمەسلىكىدىكى مۇھىم ھالقا. بۇنى كۆپچىلىكنىڭ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، چارە-تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىشىغا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋالغا ئاساسەن بۇ شارائىتتا كونكرېت پىلان تۈزمەك تەس، شۇڭا، ھازىرچە ئاپتورلارنى ئەدەبىي مۇھاكىمىلەرگە، تۇرمۇش ئۆگىنىش، بىلىم ئاشۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش، تەھرىرلەرنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكچىمىز. ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن نۇقتىلىق تەربىيىلەشنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىپ، پىلانلىق، نىسبەتلىك ھالدا تەربىيىلەپ نېفىتلىك ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمىنى بەرپاقىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكچىمىز.

ئا. ئالماس ئاكا، سىز نېفىتلىكىمىزدىكى پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، مەيلى پىروزىچىلىقتا بولسۇن ياكى شېئىرىيەتتە بولسۇن، سىزنىڭچە قانداق قىلغاندا يېڭى پىكىرلەرنى قازغىلى بولىدۇ؟ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىڭىزگە بىرلەشتۈرۈپ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: مېنى شائىر دېگەندىن كۆرە ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ياكى ئاشىقى دېسە بەكمۇ شادلىنىمەن، چۈنكى يازغۇچى، شائىر بولۇش ھەقىقەتەن تەس، كۆپ قان-تەر ئاققۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ، ساختىپەزلىك قىلىشقا مۇتلەق بولمايدۇ، بىر نەچچە ئەسەر ئېلان قىلىپلا ئۆزىنى يازغۇچى، شائىر دەپ تونۇيدىغان، قورسىقىدا ئومۇچى ئاز بىر قىسىملار بار، بۇلار ئاجىزلىقلىرىنى بىلىشنى خالىمايدۇ، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى سەممىي قوبۇل قىلمايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن مۇساپىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرمەسكە سالىدۇ، بۇ خىلدىكى يولداشلارنىڭ يازغۇچى، شائىر دېگەن نامىنى ئۆزلىرىگە زورمۇ-زور قويىۋالماي، چوڭ گەپنى ئاز قىلىپ، كەمتەرلىك بىلەن ئەتراپلىق، مول بىلىم ئېلىش، كۈندۈزى داڭلىق ئەسەردىن بىرنى ئوقۇپلا، كەچتە كىتاۋى ئىلھام بىلەن ئەسەر يازماسلىقىنى، ئەدەبىياتنىڭ بۇلىقى بولغان تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاندىن ئەسەر يېزىشنى، ئۆزى بىلمىگەن ھايات ھەققىدە ئەسەر يازىمەن دەپ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماسلىقىنى، ئەدەبىياتتىكى تۇرمۇش چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىشنى، ئەسەرنى چالا-پۇلا يېزىپ بولۇپلا ئېلان قىلدۇرۇشقا ئالدىرىماي كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تالاي قېتىم ئۆزگەرتىپ ياكى تۈزىتىپ، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا يارىغاندىن كېيىن ئاندىن مەتبەگە يوللىشىنى، ئىلگىرى باشقىلار يېزىپ بولغان تېمىلارنى قايتا تەكرارلىماي، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ يېڭى ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن، يېڭى ئەسەر يېزىش ئۈچۈن، تۇرمۇش دېڭىزىدىن ھېكمەت جەۋھەرلىرىنى سۈزۈپ چىقالايدىغان چىدام ۋە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا ئەختەم ئۆمەردەك يېڭى-يېڭى

ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ.

ئا. قاسىم ئاكا، سىزنىڭچە، نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىزدا ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەر يوق دەپ ئوبزورچىلىقىمىز كۈتۈش ھالىتىدە تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ بۇ، ئوبزورچىلىقنىڭ ئەدەبىياتتىكى يېتەكچىلىك رولىنى ئىنكار قىلغانلىق بولماسمۇ؟ ئوبزورچىلىق ساھەسىدىكى بۇ بۇرۇقتۇملۇققا قانداق خاتىمە بېرىش كېرەك؟

جاۋاب: نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىز 50- يىللاردىن باشلاپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئازلىقتىن كۆپىيىشكە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىششقا يۈزلەندى، بەزى ئەسەرلەر قېرىنداش مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە تارقىتىلدى. بەزىلىرى تاللىنىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياخشى ئەسەرلەر قاتارىدا مۇكاپاتلاندى، مانا بۇ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە يول ھازىرلىغانلىق. . .

نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىزدا يۈكسىلىش، ئىلگىرلەش، راۋاجلىنىش بولغىنىدەك يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت. ئەدەبىياتىمىز ئۇزۇن يىللىق سولچىللىقنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغاچقا تا ھازىرغىچە بۇنىڭدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز، ئوبزورچىلىقتا تېخىمۇ شۇنداق، ئوبزورچىلىقىمىز تېخىچە بىغ ھالىتىدە تۇرىۋاتىدۇ، ئىجادىيەتكە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ، ياخشى ئەسەرلەرگە باھا بېرىش، يېتەرسىزلىكلەرنى بايقاش، ناچارلارنى تەنقىتلەش، نۇقسانلارنى تۈگىتىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ، شۇنداقلا قەلەمكەشلەر ئارىسىدا ئوبزورچىلىق، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىتچىلىككە خاتا پوزىتسىيە تۇتۇش ئەھۋاللىرى خېلىلا ئېغىر، تەنقىتچىلىكتە ئەسەرلەردىكى يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا تەنقىت ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئاپتورغا تىغ ئۇچى قارىتىلمايدۇ. ئەمما، بەزىلەر بۇنى ئۆزىگە ئېلىۋالغاچقا، ياخشى ئىش، يامان ئىشقا ئايلىنىپ، ئىتتىپاقسىزلىق، قېيداش كېلىپ چىقىۋاتىدۇ، بۇمۇ بىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ بىرى، «ئېقىن سۇ سېسىمايدۇ» توختام سۇنى يەڭگۈشلەش ئارقىلىق سۇنى بۇزىدىغان يامان مىكروپلارنى يوقۇتۇپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى، ئىستىلىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىش لازىم ، بۇنداق قىلمىساق ئوبزورچىلىقتىكى بۇرۇختۇملۇق ھالەت ساقلىنىپ تۇرىۋېرىدۇ، تىترەپ تۇرغان قول بىلەن ياخشى نەرسە يازغىلى بولمايدۇ، تەنقىتچىلىكتە بەزى سۆزلەر قاتتىقراق كېتىشى مۇمكىن، بۇلارنى پايدىلىنىشقا تېگىشلىك پىكىرلەر دەپ قارىساقلا، كېيىنكى نۇقسانلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

مۇھەممەت مەمتېلى، بەزى ھېكايىلارنى ئوقۇغۇنىمىزدا، ياخشى بىر شېئىردىن لەززەتلەنگەندەك سۆيۈنۈپ كېتىمىز. بۇ، شۇ ھېكايىدا شېئىرى رېتىمنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدىن بولسا كېرەك؟ ھېكايىدىكى شېئىرى رېتىم ھەققىدە كۆز قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز.

جاۋاب: ھېكايىلاردا شېئىرلاردىكىدەك قېلىپلاشقان شېئىرى رېتىم بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى لەرزىگە سالالايدىغان شېئىرلاردەك يېزىلغان ياخشى ھېكايىلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن.

رېتىم ئەسلى ئىش-ھەرىكەتنىڭ قائىدىلىك ساداسى بولغاچقا ھەر قانداق نەرسىدە رېتىم بولىدۇ؛ تومۇرچىنىڭ بازغان ئۇرۇشىدىمۇ، يۈرەكنىڭ سوقۇشىدىمۇ بەلگىلىك بىر ۋاقىت ئىچىدە بىر خىل تەكرارلىنىش رېتىمى بولىدۇ. بىز چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتقان ھېكايىدىكى شېئىرى رېتىم شۇ ھېكايىدىكى ئىچكى ئاھاڭدارلىقنىڭ كىشىنى جەلىب قىلالىشىدىكى، كىتابخاننىڭ قەلب تارىنى چېكەلىشىدىكى سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ يەردىكى ئاھاڭدارلىق ھېكايىدىكى رېتىمنىڭ دەل ئۆزى، ئوبزورچىلىرىمىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك زۇردۇن سابىرنىڭ «ئېھ، توپىلىق يول» دېگەن

ھېكايىسى، كىتابخاننى شۇنداق بىر كۈتۈلمىگەن ھېسسىياتقا چۆمۈلدۈرۈپ، ئۇنى نەچچە كۈنلەپ مەسخۇش ھالەتتە يۈرگۈزگىنى، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرۇتلاپ كەتكەن كۆل» دېگەن ئەسىرى كىتابخانلارنى ھەر كويلارغا سېلىپ، تەسەۋۋۇرنى توختاۋسىز غىدىقلاتقىنى دەل يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇنى ھېكايىنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىگىچە سىڭدۈرگەنلىكىدە، شۇنداقلا ئانا تىلىنىڭ سېھرى كۈچىنى كۆرسەتكەنلىكىدە. بىزنىڭ ئەدەبىياتنى تىل سەنئىتى دېيىشىمىزدىكى سەۋەبمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

كونىلاردا «ئانا تىل ئىككىنچى ۋەتەن» «ئەلنى بۇزغان ئەبجەش تىل» دېگەن سۆز بار، شۇڭا تىل قانچىكى ساپ ئاممىباپ، خەلقچىل، قانچىكى مەھەللىۋى بولسا، ئۇ ھېكايىلا ئەمەس، پوۋېست، رومانلارنىمۇ خۇددى تاتلىق يېزىلغان شېئىر ياكى ئەڭ ئېسىل مۇزىكىلاردەك ئادەمنىڭ ھۇجەيلىرىگىچە سىڭىپ كىرىپ كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ، زوقلاندۇرىدۇ، دېمەك ھېكايىدىمۇ ئۆزىگە خاس تىل، ئۆزىگە خاس رېتىم بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇ ھېكايىنىڭ ۋەزنىمۇ، تەمىمۇ بولمايدۇ.

ئوسمان قاۋۇل، ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى بولغان شېئىرىيەت ئىنتايىن گۈزەل، نەپىس تىل ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ، قىسقا مىسال ئارقىلىق شېئىرى تىل ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: شائىر ئالدى بىلەن تىلنى قازغۇچىدۇر، شۇنداقلا تىل تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز ئىستىمال قىلىنىغۇچىدۇر.

مەن ئادەتتە ئەڭ گۈزەل ئىبارىلەر ئۈستىدە توختىماي ئىزدىنىمەن. كلاسسىكلىرىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر تىل جەۋھەرلىرى قەلبىمنىڭ دائىملىق ئېزىز مېھمىنى. شائىر تىلنى ياراتمايدۇ بەلكى تىل شائىرنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ، تىلغا ئۆزىنى بېغىشلىيالىغان شائىرلا ھەققى شائىردۇر، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى مەنىسىز دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس. شائىر تىل ئارقىلىقلا ئالەمنىڭ مەركىزىگە يېتەلەيدۇ. باشقا ھەر قانداق كۈچ بۇنداق قۇدرەتنىڭ ئالدىدا ھېچنىمە ئەمەس، دىققىتىڭىزنى ئالەم ھەققىدە ئىزدىنىلگەن مۇنۇ مىسرالارغا ئاغدۇرۇڭ؛

ئۇۋمەن
كېچىلىرىڭ گۈپۈلدەيدۇ تىنىقلىرىمدا.
ھەپتىلىرىڭ
ئۆركەشلەيدۇ تومۇرلىرىمدا!
چۈشلىرىم
چۈشلىرىڭدە بولامدۇ ئايان؟
دەقىقىلەر
تېنەپ قالغان سەرسان بەرگىمۇ؟!
كۆز ئۆڭۈمدە قاتقان شوخ ئۇنۇڭ
ھېجران رىسالىسىنى
يىغلاپ-يىغلاپ قىلامدۇ بايان!؟...

بۇ خىل پەلسەپەنى يەنى قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادە قىلىش مۇمكىن-ھە؟!...

ئىبرايىم نىياز، شېئىرى مۇھىت ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز.

جاۋاب: مەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەھەتتە يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە ئەمەس، لېكىن، شېئىرى مۇھىت ھەققىدە ئۆزەمنىڭ مۇنداق قاراشلىرىم بار: شېئىرى مۇھىتنى شائىر يارىتىدۇ، ئۇ ئەڭ

ئاۋۋال شائىرنىڭ روھى دۇنياسىدا پەيدا بولۇپ، شائىر قەلبىدىكى شېئىرى ئىلھام ۋايىغا يەتكەن ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزىدە بالاغەتكە يېتىپ، دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. ئۇ شائىر ئىچىدە يېتىلىنىش، پىشىقلىنىش، قايتا تۈرلىنىش ئارقىلىق قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلىنىدۇ-دە ياخشى بىر شېئىرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. گەرچە تەبىئەتتىكى تۈرلۈك-تۈمەن رەڭلەر شائىرغا ئىلھام ئاتا قىلسىمۇ، ئۇ شېئىرى مۇھىتنىڭ ئۆزى ئەمەس، شېئىرى مۇھىت بىلەن شېئىرى ئىلھام ئاشىق-مەشۇقلاردۇر، شېئىرى مۇھىتقا «تۈگىمەس ناخشا» ياخشى مىسال بولالايدۇ.

ئايبېك ئۆمەر: مەلۇم ئىستىتىك قىممەتكە ئىگە بولمىغان ئەدەبىيات ھەققى ئەدەبىيات ھېسابلانمايدۇ، شېئىرىيەتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئەلۋەتتە، قىسقا مىسال ئارقىلىق شېئىرىيەت ئىستىتىكىسى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: شېئىرىيەت ئىستىتىكىسى نوقۇل تاشقى گۈزەللىكنى مەقسەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدا نەپىسلىك بىلەن يۈكسەكلىك، تىراگېدىيىلىك ئامىل بىلەن كومېدىيىلىك ئامىل بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ.

شېئىردىكى ھەسرەت، قايغۇ، ئازاب نوقۇل ئۈمۈتسىزلىكنى، يىغلاڭغۇلۇقنى ئىپادىلىگەنلىكتە ئەمەس بەلكى، مۇئەييەن ئۈمۈتۋارلىقنى جەڭگىۋارلىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىدا ئىستىتىك قىممەتكە ئىگە بولىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ گۈزەل شېئىرى تۈسكە ئىگە مەنا كەڭلىكىنى بەدىئىي زوق دۇنياسىغا يايالايدۇ.

يىغلايدۇ باللار شېئىر ئۈچۈنلا،
مەن ئىشچان پەقەتلا قوساق تويغۇچە...

بۇ مىسرالاردىكى «يىغلاش» بىلەن «قوساق تويۇش» قارىماققا پىسسىمىستىك تۇيغۇلارغا تولغان ھەسرەتنى ئىپادىلەۋاتقاندەك قىلىدۇ، لېكىن، بىز بۇنىڭ شېئىرى تىلىدىن ئاڭلىتىلغان كەڭ مەنا مۇمكىنلىكىگە دىققەت قىلساق، ئىچىنىش بىلەن ئىنتىلىش، ساددا گۈزەللىك بىلەن يۈكسەكلىك چىرمىشىپ كەتكەنلىكىنى شۇنداقلا، شېئىرى تەسەۋۋۇرىمىزدىكى مۇئەييەن پارتلاشنى، ئىزدىنىشنى بىلىندۇرمەي ھەدىيە قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

مېنىڭچە شېئىرىيەت ئىستىتىكىسى-مەزمۇن ئەمەس، بەلكى شەكىل، ئۇ مەڭگۈ يېڭى مەزمۇنغا مۇھتاج بولىدۇ ھەم مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە بولىدۇ، ئالايلى: ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىرلىرىدا بىر خىل «باللارچە يىغلاڭغۇلۇق» چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىتىك قىممەتكە ئىگە شېئىرىيەت دۇنياسى.

كۆز ئالدىمىزدىكى شېئىرى مۇھىتتا ھەرىكەت قىلىۋاتقان «چىرايلىق مەس»، «گەپ قىلىدىغان پىۋا»، «قانىتىنى يېيىپ ئولتۇرغان مەن» قاتارلىق شېئىرى ئوبرازلار بارا-بارا پسىخولوگىيىلىك ئوبرازلار خاراكتېرىنى ئېلىۋاتقانلىقىنى، بىزنىڭ روھى دۇنيايىمىزغا بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى، شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ھەم ئوماق، نەپىسلىككە تولغانلىقىنى، شېئىردىكى ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ قىزغىن سۆيۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، يالىڭاچ شېئىرى تەسەۋۋۇردىن تارتىنىش ھېس قىلىمىز.

قىسقىسى، شېئىرىيەت ئىستىتىكىسى شائىرنىڭ ئىستىتىك ئېڭىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ شائىر تەلپۈنۈۋاتقان دۇنيانىڭ ھەرىكەتتىكى گۈزەللىكى ھەم گۈزەللىكتىكى ھەرىكىتى بولۇپ، بۇلار شېئىرى مۇھىت ئىپادىلەۋاتقان مەنا بوشلۇقىغا بىمالال ئېقىپ كىرگەن بولىدۇ، بىرلا ۋاقىتتىكى ئازاب، ئىچىنىش، شادلىق، ھېسداشلىق، تىلەك-مۇڭ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن شېئىرى بوشلۇق بىزنىڭ تۇيغۇمىزدا ئۇزاققىچە ئۇنتۇلماس لېرىك چۆكمىنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭا، «ئازاب يېزىلغان شېئىرلار چۈشكۈنلۈكنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ قاراش تولىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك ھەم بىمەنە! زوقلانغۇچىنىڭ

قىممەت قارىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما، «سېنىڭ مەسىلىلەرگە بەرگەن باھالىرىڭ كۆپ ھاللاردا سېنىڭ قانداق نەزەرىيىگە ئاساسلانغانلىقىڭغا باغلىق»...

ئەركىن مەممەت كامالى، ھېسسىيات-شېئىرنى پەرۋاز قىلدۇرىدىغان قانات، قىسقا مىسال ئارقىلىق شېئىرى ھېسسىيات ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: بەزى شائىر ياكى ھەۋەسكارلىرىمىز ھېسسىيات كەلمىسە شېئىر يازغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. مەن ئۇنداق قارىمايمەن.

مېنىڭچە شائىردا ئىككى خىل ھېسسىيات بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى بىۋاستە ھېسسىيات، يەنە بىرى ۋاستىلىق ھېسسىيات، بىۋاستە ھېسسىيات-شائىرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك-تۈمەن ھادىسىلەردىن ئالغان بىۋاستە تەسىراتىنى كۆرسىتىدۇ: ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۇ مىسرالىرىنى كۆرۈڭ:

سەھەردە باقىمەن ئۆز مەھەللەمگە،
كىرپىكىم، كۆزۈمدە ئالماستەك زىيا.
باقىمەن ئۆيۈمگە، لاپاس، چەللەمگە،
مەن ئۈچۈن ئۇ يايلاق، باغ، ئالتۇن قىيا...

مانا بۇ، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئالغان بىۋاستە تەسىراتى بولۇپ، ئۆزىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت ئاتا قىلغان مەھەللىسىگە بولغان چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

ۋاستىلىق ھېسسىيات بولسا، شائىرنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىغان ياكى كىتاب، ماتېرىياللاردىن كۆرگەنلىرى بىلەن پەيدا بولغان ئىچكى ھېسسىياتنى كۆرسىتىدۇ: بىز يەنە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «شائىر خاتىرىسىگە» شېئىرىدىن بىر كۇبلېت كۆرۈپ باقايلى:

شېئىرلىرىڭ ئالدىمدا، كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى.
پاجىئەڭگە پاك قەلبىم ئوت بوپ ياندى، ئۆكۈندى.
ۋەزنىسىزدۇر بۈيۈك تاغ قارشىسىدا ۋەزنىڭنىڭ،
قامىتىڭدىن ئېگىمدا كۈن قىسىنىپ مۆكۈندى...

مانا بۇ ۋاستىلىق ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆزىدىن بىر نەچچە ئون يىل بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ۋەتەنپەرۋەر، ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن شائىرغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشى، دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى ئىختىيارسىز پارتلاپ بۇ شېئىرنى يېزىپ چىققان.

قىسقىسى، شائىر ھېسسىياتنىڭ كۈتكۈچىسى ئەمەس، بەلكى ئۆز ھېسسىياتىنىڭ خۇداسى بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇ، ھېسسىيات كەلگەندە شېئىر يازىمەن دەپ ئولتۇرىۋېرىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ شائىر ئەمەس، ئەكسىچە، قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن مېۋىسىز دەرەختىن مېۋە كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىنتايىن بىچارە، تاماخور بەندىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس!

تۇرسۇنجان ھاشىمى، يېڭى شېئىرىيەت مەيدانىغا كەلگەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ تەسىرى تېخىمۇ زور بولماقتا، يېڭى شېئىرىيەت ئۆز ئالدىغا يېڭىچە نەزەرىيىگە مۇھتاج، سىز «شېئىرى بوشلۇق» يەنى «لىرروس بوشلۇقى» ھەققىدە تەسىراتلىرىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز.

جاۋاب: يېڭى شېئىرىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس، ئۇ بۈگۈنكى ئېلېكترون دەۋر تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە ماس كېلىدىغان ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ مەھسۇلى، شېئىرىيەتتىن ئىبارەت بۇ سەنئەت ۋاستىسى قانداقتۇر مەلۇم بىر نۇقتىدىن باشلىنىپ، مەلۇم بىر نۇقتىدا

ئاخىرلىشىدىغان تۇز سىزىق بولماستىن، بەلكى، ئىككى تەرەپكە يېيىلغان، باش-ئاخىرى ئېنىق بولمىغان تىراگېدىيىلىك كۆپ چېكىتتىن ئىبارەت، خىيال بىلەن غايىنىڭ توقۇنۇشى تۆپ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تىراگېدىيىلىك توقۇنۇش بولۇپ، شېئىردىكى جىلۋىلىنىپ تۇرغان ھەر بىر كۈلكە، مەدھىيە، ئازاب، يىغىلار مۇشۇ توقۇنۇشنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا، شېئىرى بوشلۇقنىڭ ئەسلى مەنبەسى نەدە؟ ئۇنىڭ مەنبەئەسى دەل شېئىردىكى تىراگېدىيىلىك توقۇنۇشنىڭ ئىچىدە! گەرچە، شېئىردىكى كۈلكە بىلەن يىغا، ئازاب بىلەن خۇشاللىق بىر-بىرىدىن مۇستەسنا نەرسىلەردەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى «بوشلۇق» ئۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تىراگېدىيىلىك ھادىسىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. بۇ يەردىكى «بوشلۇق» ھەرگىزمۇ فىزىكىلىق بوشلۇق بولماستىن، بەلكى، ماددىلاشقان شېئىرى بوشلۇقتىن ئىبارەت، مېنىڭچە شېئىرى بوشلۇق-غايەت زور كەڭلىكتىكى تەسەۋۋۇرنى ئىچكى مەنتىقە ئارقىلىق بىردەكلىككە ئىگە قىلىدۇ، تەسەۋۋۇر قانچە ئاددى بولغانسېرى شېئىرى بوشلۇق تارىيىپ بارىدۇ، تەسەۋۋۇر چوڭقۇرلاشقانسېرى شېئىرى بوشلۇق شۇنچە كېڭىيىپ بارىدۇ. شۇڭا، شېئىرى بوشلۇق بىلەن تەسەۋۋۇر ئۆلۈك تاناسىپ كېلىدۇ، لېكىن، شېئىرى بوشلۇقنىڭ قىممىتىگە سەل قارىلىپ، ئۇنى مەجبۇرى تەسەۋۋۇرغا باشلاپ كىرگەندە، خۇددى ئۇماچنى بولىشىغا ئىچىپ، ئارقىدا ھالۋا يەپ قۇرساقنى كولدۇرلاتقانغا ئوخشاش ئىش بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن:

1

مەن

2

سېنىڭ يارىڭ...

بۇنىڭدىكى «مەن» بىلەن «سېنىڭ يارىڭ» ئوتتۇرىسىدا ھېچقاچانمۇ شېئىرى بوشلۇق مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى، بۇنىڭدا كىشىگە شېئىرى تۇيغۇ بېغىشلىغىدەك شېئىرى تەسەۋۋۇر يوق. شۇڭا، بۇ شېئىرنىڭ قىممىتى ھېچنىمىگە تەڭ ئەمەس،

قېنى...

مېنىڭ...

ئەكس...

سادايىم؟!...

بۇ شېئىرنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى ئاپتور غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ تىراگېدىيىلىك توقۇنۇشنى باي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق شېئىرى كەڭلىككە باشلاپ كىرىپ، ئاجايىپ كەڭ شېئىرى بوشلۇق ياراتقان، بۇ «بوشلۇق» زوقلانغۇچىلار ئۈچۈن خىلمۇ-خىل پىكىر دۇردانىلىرىنى ئاتا قىلغان.

كىممۇ شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرى ئىلكىدە يۈرىكىنى يېرىپ چىققان ئاچچىق تىنىقلىرىنى شېئىر ئەمەس، دەپ ئېيتالىسۇن!؟

ئابدۇرشىت نىياز، سىز سېھرى رېئالىزم توغرىسىدا قانداق چۈشەنچىگە ئىگە؟ ئۇنى نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىزدا قوللىنىشقا بولامدۇ؟ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىڭىزنى قىسقىچە بايان قىلىپ باقسىڭىز.

جاۋاب: «تارىم» ژۇرنىلى ۋە باشقا ئەدەبىي ژۇرناللار سېھرى رېئالىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەم ئۇنىڭ ئىجادچىلىرى ھەققىدە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ ئۇنى تونۇشتۇرغان. بۇ يەردە قايتا

تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

مېنىڭ چۈشەنچەمدىكى سېھرى رېئالىزىم. ئىپادىلەش ئۇسۇلى (شەكىل)ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش (مەزمۇن) جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

ئەدەبىيات-سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى چەتكە قاقىدۇ، تىلدا ئەركىن بولۇشنى، بىنورمال تىل شەكلى بىلەن تىلنىڭ مەنا كەڭلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى؛ ۋاقىتنىڭ ھەتتابەزىدە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقنى؛ ئىدىيىنى ئاڭسىز ياكى ئاقما ھالەتتىكى ئاڭسىز ئىدىيىنى ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان، ئەمما، تەبىئىي قانۇنىيىتى بولمىغان نەرسىلەرنى، بۇ«تەبىئەتتىن تاشقىرى مەلۇم مەنىۋى كۈچنىڭ تەسىرىدىن بولغان» دەپ سىرلىقلاشتۇرىدۇ؛ ئادەم پىسخىكىسى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ يۇشۇرۇن ئاڭ، تۇراقسىزلىق، تۇغماقابىلىيەت -ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بۇلىقى، ئەدەبىيات-سەنئەت سېھرى پىكىرلەرنى ئىپادىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

ئومومەن، سېھرى رېئالىزىم مەيلى فروئىدنىڭ روھى ئانالىز تەلىماتىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان بولسۇن، ياكى بىنورماللىقنى، غەلىتىلىكنى تەشەببۇس قىلسۇن، ئىتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، ئۇ، دۇنيا ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ سېھرى رېئالىزىم ھەققىدىكى قىسقىچە چۈشەنچەم، ئەمدى ئۇنى نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىزدا قوللىنىشقا بولامدۇ؟ دېگەندە، مېنىڭچە تامامەن بولىدۇ. چۈنكى. ئەدەبىيات-سەنئەتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى سىڭگەن بولىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن مىسالغا ئالساق: نەسرىدىن رابغۇزىنىڭ «قىسسە ئۇل ئەنبىيا»، چۆچەكلەردىن «ئورتۇقمۇقۇم»، داستانلاردىن «فەرھات-شېرىن» قاتارلىق ئەسەرلەر سېھرى رېئالىزمنىڭ ھەممە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن.

دېمەك، نېفىتلىك ئەدەبىيات-سەنئىتىگە نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، سېھرى كۈچكە ئىگە بولغان نۇرغۇن كەچۈرمىشلىرى سىڭگەن. بۇنى نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىزدا قايتا ئىپادىلىسەك نېمىشقا بولمايدىكەن؟! گەپ، ئاپتورلىرىمىزنىڭ نېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋەقانداق ۋاستەبىلەن ئىپادىلىشىدە، نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىزدا كىتابخانلار ياخشى كۆرىدىغان ئاپتورلار مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ سېھرى رېئالىزملىق ئۇسلۇبتا ئەمەس، بەلكى رېئالىزملىق ئۇسلۇبتا ئەسەرىيېزىپ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشتى.

دېمەك، بىرپارچە ياخشى ئەسەر مەيلى ئۇ، سېھرى رېئالىزملىق ئۇسلۇبتاياكى باشقا رېئالىزملىق ئۇسلۇپتايېزىلسۇن، مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى، ئالاھىدىلىكىنى، قايغۇ-ھەسرىتىنى، شاتلىق-كۈلكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرەلىسىلا ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى مەڭگۇ ساقلاپ قالالايدۇ. مانا بۇ رېئالىزىممۇ، سېھرى رېئالىزىممۇ قويىلىدىغان ئورتاق تەلەپ.

ئاخىرىدا نېفىتلىك ئەدەبىياتىمىزدا سېھرى رېئالىزىم گۈللىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇۋاھىت ئوسمان، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھازىر سىناق ھالىتىدە تۇرىۋېتىپتۇ ھەم ھەر قايسى ژانىرلار بويىچە ئۆزلىرىگە تەجرىبە «ئىتىزى» ھازىرلاۋېتىپتۇ، بەزى ئەدەبىي ژۇرناللار بۇ ھەقتىكى يېڭىلىقلارغا ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىپ ئىزدەنگۈچى ئاپتورلارنى قوللاپ كەلمەكتە. سىز «مايبۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز.

جاۋاب: نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا چىقىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرناللار بەس-بەستە رىقابەت تۈسىنى

شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز سەھىپىلىرىنى كېڭەيتىپ، تۈرلۈك پائالىيەت سورۇنلىرىنى ھازىرلاپ، ئەدىبلىرىمىزنى، ئىزدەنگۈچى قەلەمكەشلىرىمىزنى يېڭىدىن-يېڭى ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلماقتا، مېنىڭچە بۇ بەكمۇ ياخشى ئەھۋال، يېڭى يۈزلىنىش. بىر تال ياخشى ئۇرۇقچىنىڭ بىخلاپ، يىلتىز تارتىپ، مېۋە بېرىشى ئۈچۈن تازىمۇ ياخشى بىر مۇنبەت تېجرىبە ئېتىزى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. باشقا ئەدەبىي ژۇرناللار قاتارىدىكى «مايبۇلاق» ژۇرنىلىمۇ نېفىتلىك ئاپتورلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئاپتورلارغا بىر ياخشى مۇنبەت تۇپراق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ھەم بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغۇسى، لېكىن، كەڭ ئاپتورلىرىمىز قانداقتۇر، ئەدەبىياتتىكى ئۇنداق «ئىزىم» مۇنداق «ئىزىم» لارنىڭ كاتېگورىيىسىگە كىرىۋېلىپ، قول-پۇتلىرىنى چۈشەپ قويماي، ئەركىن، ئازادە، يۈرەكلىك ھالدا قەلەم تەۋرىتىپ، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ سۆيۈملۈك مەنىۋى ئوزۇقنى مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزگە تاپشۇرىدىغان پىداكارلاردىن بولۇشى كېرەك. «مايبۇلاق» ژۇرنىلى ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن تەجرىبە ئېتىزى، مۇۋاپىيەقىيەت ئىگىلىرى ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار!

ئارسلان تالىپ، ئەدەبىي تەھرىرلىك خىزمىتىڭىزدىكى تەجرىبىلىرىڭىزگە بىرلەشتۈرۈپ، تەھرىرلىك ئىستىلى ۋە تەھرىرلىك مەجبۇرىيەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: مەن تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىلى ئون يىل بولدى، دېمەك مەن تېخى پىشمىغان تەھرىر، تەھرىرلىك ئىستىلى ۋە تەھرىرلىك مەجبۇرىيىتى ھەققىدە گەپ سېتىش لاياقىتىم ھازىرلانمىدى، شۇنداق بولسىمۇ كۆز قاراشلىرىمنى سۆزلەپ باقاي:

بەزىلەر تەھرىر بۆلۈمىنى «تۈگمەن»گە ئوخشىتىدۇ، مېنىڭچە، بۇ ئوخشۇتۇشتا مەلۇم ئاساس بار. چۈنكى، تەھرىر بۆلۈم ھەر كۈنى دېگۈدەك نەچچە ئونلىغان ئاپتورنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىغا نائىل بولىدىغان، ھەر تۈرلۈك قاتناش ۋاستىلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن ئەسەرلەر يېتىپ كېلىدىغان بىر ئىجتىمائىي ئورون شۇنداقلا خىزمەتتە دادىللىقنى، يۈرەكلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئورگان، شۇڭا بۇ جايدا ئىشلىگەن كىشى تەھرىرلىك ئىستىلى ۋە تەھرىرلىك مەجبۇرىيەت جەھەتتە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك، دەپ قارايمەن.

1. مۇھەررىر چىقىشقاق بولۇشى كېرەك، چۈنكى تەھرىر بۆلۈمىگە سىز تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان ئاپتورلار، ھەۋەسكارلار كېلىشى تەبىئىي، سىز ئۇلارغا تەبىئىي ھالدا ئوچۇق چىراي ئېچىپ، قىزغىن قارشى ئېلىشىڭىز، ئەسىرىنى كۆرۈپ پىكىر بېرىشكە تېگىشلىك بولسا پىكىر بېرىپ، ياكى كۆز قاراشلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى قايىل قىلىشىڭىز ھەتتا قايتقاندا ئىشىك تۈۋىگىچە چىرايلىق ئۇزىتىپ چىقىشىڭىز كېرەك، بۇنىڭ ئاپتور بىلەن تەھرىر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشتە، ياخشىلاشتا، ئۆز ئارا ئىشەنچ ھاسىل قىلىشتا ئۈنۈمى زور بولىدۇ.

2. مۇھەررىر راست سۆزلۈك بولۇش كېرەك، ھەرگىز يالغان سۆز ئارقىلىق بەزلەپ ئاپتورنى ئالدىماسلىق لازىم. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تازا ياخشى يېزىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپمۇ، «ئەسىرىڭىز يامان ئەمەس يېزىلىپتۇ، كېيىنكى سانلارغا بىر ئامال قىلارمىز» . . . ياكى «مۇنچىنچى سانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي» دېگەندەك ياغلىما گەپلەر بىلەن ئاپتورنى ئالدىماسلىق كېرەك، بۇنداق ياغلىما گەپلەر ئاپتورنى ۋاقىتلىق خۇشال قىلسىمۇ، كېيىنچە ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنماي قېلىشى ياكى ۋەدە قىلغان سانغا چىقماي قېلىشى سەۋەبلىك مۇھەررىرگە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ ياكى شۇ مۇھەررىرگە بولغان ھۆرمىتى ئاجىزلىشىپ، مۇھەررىرنىڭ ئاپتور ئالدىدىكى ئىناۋىتى يوقىلىدۇ.

3. مۇھەررىر دادىل پىكىر بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، مۇھەررىر ئۈچۈن دادىللىق ناھايىتى

مۇھىم، تەھرىر بۆلۈمىگە پىشقەدەم يازغۇچى، شائىرلاردىن تارتىپ، ئەمدىلا قولىغا قەلەم ئالغان ھەۋەسكارلارغىچە كېلىشى تۇرغان گەپ. ھەۋەسكارلارغا پىكىر بېرىش، سۆزلىشىش ئاسان بولسىمۇ، پىشقەدەم يازغۇچى-شائىرلارغا پىكىر بېرىش ئانچە ئوڭايغا توختىمايدۇ، چۈنكى، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىمىز ئەسىرىگە نىسبەتەن پىكىر بېرىش ھېسسىياتىمىزنى بوغۇپ قويىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئەسىرىگە بولغان قاراشلىرىمىزنى، پىكىرلىرىمىزنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، يۈرەكلىك ھالدا قەلەم تەۋرىتىپ، نۇقسانلىرىنى تۈزۈتۈشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇش كېرەك.

4. مۇھەررىر بولغان كىشى ژۇرنالچىلىق بىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغاندىن سىرت، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئۆزلۈكسىز قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى كۆچلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇلارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

مۇھەررىر بولماق تەس، لېكىن تەھرىرلىك ئىستىلىنى توغرىلاپ ئۆز ئەتراپىغا بىر ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەدەبىي سەھنە ئىچىدە ياخشى يېتەكچى بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلەشكە، تېخىمۇ كۆپ تەجرىبە. ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا نۇرغۇن جەريان كېرەك. يۇقىرىقىلار مېنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدە ھېس قىلغان يۈزەكى قاراشلىرىم.

مۇھەممەت سابىت

# نېفىتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە ئۇنى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

نېفىتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيانقى تارىخ سەھىپىسىنى ۋاراقلايدىغان بولساق كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان نەتىجىلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. يەنى بۇ مەزگىلدە نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئاپتورلار خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۆندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىزدىنىپ ، سان - ساپاسى خېلى زور بولغان ياخشى ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى . نېفىتلىكىمىز تەۋەسىدە چىقىرىلىدىغان گېزىت ، ژۇرناللار بۇرۇنقى « تاپقاننى ئىشلىتىش » تىن «تاللاپ، چېكىپ ئىشلىتىش» كە يۈزلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز يازغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئاپتونوم رايون ھەتتا مەملىكەت دەرىجىلىك گېزىت ژۇرناللا، ...غۇ كۆپلەپ ئېلان قىلىنىدىغان بولدى ھەتتا ئالاھىدە مۇكاپاتلىنىشلارغىمۇ نائىل بولدى. ئۆز تەۋەيىمىزدە چىقىرىلىۋاتقان گېزىت ، ژۇرناللاردىن ئۆز ئاپتورلىرىمىز ئىجاد قىلغان پوۋېست ، داستان، باللادا، ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات ، فوتو سۈرەت فاتارلىق ژانىردىكى ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ئورۇن ئېلىپ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى ۋە ئەدەبىي ژۇرنال ، گېزىت ئەدەبىي بەتلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى.

كىشىنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى بىر تۈركۈم جۇشقۇن، ئۈمىدلىك ياش ئەدەبىي ھەۋەسكارلار ئارقا - ئارقىدىن بۇ سەپكە قوشۇلۇپ دەۋر روھىغا ماس يېڭىچە مەزمۇن، يېڭىچە

روھتىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ نېفىتلىك ئەدەبىياتنى يېڭى، كۆركەم گۈل - غۇنچىلار بىلەن بېزەشتە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، ئۆز ۋۇندىن بۇيان بىر خىل تەرىزدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قاتمال، بىكىنمە ھالەتكە خاتىمە بەردى.

ھازىر بىز تارىختىكى ھەر قانداق ۋاقىت بىلەن ئوخشىمايدىغان شارائىتتا يەنى ئىسلاھات، ئىچىۋېتىش چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان شارائىتتا تۇرماقتىمىز. ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزمۇ باشقا ھەممە ساھەگە ئوخشاشلا بۇ شارائىتقا يېقىندىن ماسلىشىش يېڭى ئىزدىنىش، يېڭى قەدەم بىلەن گۈللىنىش، يولىغا مېڭىشى كېرەك.

كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسى، قىممەت قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدا يېڭىلىنىش ۋە ئۆلگىرىلەش بولدى. ئىشىكنىڭ سىرتقا ئىچىۋېتىلىشى بىلەن چەت ئەل يازغۇچىلىرى ۋە قېرىنداش مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلەپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى، كىنو تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇ قاتارلىق زامانىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ كەڭ ئاممىنىڭ كۈندىلىك مەدەنى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىشى قاتارلىقلار، كەڭ ئاممىنىڭ سەنئەت گۈزەللىكىدىن بەھرى ئېلىش، سەنئەت گۈزەللىكىنى پەرق ئېتىش ۋە ئۇنىڭغاباھا بېرىش سەۋىيىسى ۋە تەلىپىنى ئۆستۈردى. ئاما ئەسەرلەرنىڭ شەكلىگە قاراپ باھا بېرىشتىن مەزمۇنى، بەدىئىلىكى، ئىچكى باغلىنىشلىرىغىچە تەھلىل قىلىپ، ئەسەرلەردىكى ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان مەسىلىلەرنىمۇ پەرق ئېتىۋالالايدىغان دەرىجىگە يەتتى. مانا بۇلار بىز ھەر بىر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىمىنىڭ ئىدىيىمىزنى ئازاد قىلىپ، تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ قارىشىمىزنى يېڭىلاپ يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ ۋەزىيەتنىڭ ئالدىدا مېڭىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا.

بىز نېفىتلىك ئەدەبىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە بۇ نەتىجىلىرىمىزنىڭ ئازراقمۇ قانائەتلىنىشكە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى كۆپ خىللىشىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن كۆپ يىراق ئىكەنلىكىنى، لىللا گەپنى قىلغاندا خېلىلا ئارقىداقالغانلىقىمىزنى ھېس قىلىۋاتىمىز. مەن نېفىتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ، ياشنىشىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئەدەبىي زوقمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن يۈزە بولسىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ۋە بۇ ھەقتىكى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. نېفىتلىك ئەدەبىياتنىڭ تېمىسى مەسىلىسى. بۇ مەسىلىدە ھازىرغىچە بەزى مۇجمەل قاراشلار ساقلىنىپ ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي كەلدۇق. يەنى ئەسەرلىرىمىزدە نېفىتلىكنى، نېفىتلىك تۇرمۇشىنى يېزىش، نېفىت پۇرىقى بولۇش دېگەن بۇ تەلەپ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاشتىن - ئۆستۈن قىلىۋېتىلىپ بىر خىل رامكىغا سولىنىۋېلىش ئەھۋالى ئېغىر بولدى. تار رامكا دائىرىسىدە تەپەككۇر قىلىپ ئىلھام قۇشى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇلمىدى. نەتىجىدە بەدىئىي پۇرىقى بولمىغان، ئىستېتىك قىممىتى يوق، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت، ئاخبارات، ۋەزىيەت تەربىيىسىگە خاس مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەپ كىشىلەرنى بىزار قىلىۋەتتى. بەزى ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى كونا، تەكرار بولۇشى، قېلىپلاشقان شەكىلدىن خالى بولالماسلىقى، ياسالما سۆزلەر كۆپ قىرائەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن كىتابخانلارنى قىزىقتۇرالمىدى. بەزى ئاپتورلىرىمىزدا ھازىرغىچە ئەسەرلىرىگە پىششىق ئىشلىمەي تەھرىرنىڭ ئىشلىۋېتىشكە ئامانەت قىلىدىغان، تەھرىرلەر ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە «ھۆرمەت» قىلىپ شۇ بويىچە چىقىرىۋېتىدىغان، نەتىجىدە بەزى خام، ناچار ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار خېلى ئېغىر، يەنە ئەسەرلەرنى تەھرىرلەش، چىقىرىشتا يۈز قاراش، ئېتىبار قىلىش، نۆۋەتلەشتۈرۈشتەك چاكىنا، ئىلمىيبولمىغان ئۇسۇللار تېخىمۇ ساقلىنىپ

كەلمەكتە. بۇ بىزنىڭ ئىلگىرىلەش، گۈللىنىشىمىزدىكى تولىمۇ ئېغىر پۇتلىكاشاڭ. يېڭى ۋەزىيەتتە بىز بۇ خىل كونا پەدىدە مېڭىۋېرىشىمىزگە بولمايدۇ. بىز نەپىتلىك ئەدەبىياتى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كاللىمىزنى چىرماپ كەلگەن كونا ئىدىيىۋى پىكىر ئېقىمى، قاتمال ئۇسۇللارنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، باشقىلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ، ئاممىنىڭ بىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز لازىم. باشقىلار نۆۋەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە قوبۇل قىلىش، ياقتۇرۇش سەۋىيىسى جەھەتتە بىزدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. شۇڭا بىز بۇنى تونۇشىمىز، كۈتۈپ-تۇرماي دەرھال بۇرۇلۇش ياسىشىمىز لازىم. يېزىش ئۈچۈن، ئېلان قىلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يازماستىن، ياخشى يېزىپ ئاممىغا يارىتىپ ئۇلارنىڭ ھەقىقى ياخشى باھاسىغا ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش مەخسىتىدە قەلەم تەۋرىتىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، نەپىتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدە ناھايىتى ئۈمىدلىك بىر قوشۇن يېتىشىپ چىقىۋاتقان، ئۇلار ھەر تەرەپلىمە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان بولسىمۇ ئۇلارنى قوللاش، تەشكىللەش، يېتەكلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىدى. يېڭى كۈچلەرنى قوللايمىز، يېڭى پىكىر ئېقىملىرىنى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ ياش كۈچلەرنىڭ ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كەڭ زېمىن ئاجرىتىپ بېرىمىز دېيىلگەن بولسىمۇ بۇ ئەمەلىيەتتەئىشقا ئاشۇرۇلمىدى. ئەگەر بىز مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز. يېڭىلاش، ئۆستۈرۈش ئىشى ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭدا بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە يۈرەكلىك ئىزدىنىش بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋە تەھرىرلەر ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، يۈرەكلىك ئىشلىشى، ئاممىنىڭ ئېھتىياجى، ساداسىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئاپتورلارنى دادىل قوللىشى، ئۇلار ئويلىغاننى، ھېس قىلغاننى چۈشىنىشى كېرەك. ئىجادى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى ئەخلاقى ـ پەزىلەت، شەخسىيەتسىزلىك، خالىسلىقنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. بىزدە ھەرخىل قاراش ۋە ئىدىيىلەرنىڭ چۈشكىگە باغلىنىپ قىلىپ باشقىلارنىڭ ئىجادى قىزغىنلىقى، ئىلگىرىلەشكە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەسلىكى كېرەك. قەرەللىك ھالدا مۇھاكىمە مۇزاكىرە يىغىنلىرىنى ئېچىپ پىكىر، تەجرىبە ئالماشتۇرغاندىن باشقا دائىملىق كەڭ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئاپتورلار بىلەن سىردىشىپ تۇرىشىمىز، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق پىكىر، تەلەپلىرىنى قەتئىي قوللاپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ماقالىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئالماشتۇرۇش ياكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

مىللىي ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش ـمىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. نەپىتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى تىزراق يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كەڭ مىللىي يازغۇچى ھەۋەسكارلارنى يېقىندىن قوللىماي، تەربىيىلەپ يېتەكلىمەي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

3. ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش. كەمتەرلىك، قانائەتلەنمەسلىك، بېرىلىپ ئۆگىنىپ پىششىق كەسپىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش- كەسپىي جەھەتتە ئىلگىرىلەشنىڭ ئاساسى. بىزنىڭ بىر نەچچە پارچە ئەسەرلىرىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغانلىقى بىزنىڭ خېلى «پىشىپ»، «كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان» لىقىمىزنىڭ ئىسپاتى بولالمايدۇ. مەسىلە بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزنى كەڭ ئاممىنىڭ ھەقىقى ياقتۇرۇپ كۆرۈشىدە. خەلق ئاممىسى ھەقىقى تۇردە يارىتىپ ئوقۇيدىغان بىر پارچە ئەسەرنى تەقدىم قىلىش ئوڭاي ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە كىتابخانلارنىڭ كۈندىن

- كۆڭگە ئېشىۋاتقان زوقلىنىش تەلپۈنۈشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، كىشىلەرنى قاتتىق ھاياجانغا سالالايدىغان بىرەر ئېسىنى، تۇرمۇش چىنلىقىغا ھەقىقى ئۇيغۇن ھالدا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئەسەرلەر ئاز بولۇۋاتىدۇ. بىز بۇلارنى ھېس قىلغان ۋە ئويلىغىنىمىزدا خىجالەت ۋە بېسىم ھېس قىلىشىمىز، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تۇرمۇش ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاممىنىڭ تەلەپ، ئېنكاسلىرىغىمۇ قۇلاق سېلىپ ئۇلار ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان ئەسەرلەرنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

نېفىتلىك -گۈزەللىك ، ئىناقلىق ، باياشاتلىقتا ۋە رەڭگا- رەڭلىككە تولغان تۇرمۇش بۇلىقى. بۇ يەر مىلىڭ داستان بىلەنمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نەتىجىلەر يارىلىۋاتقان جەڭ مەيدانى . «گۆھەر ياتىدۇ سايدا ، تونىمىسا نېمە پايدا» دېگەندەك بۇ سېخى، باي زېمىندىكى يېزىشقا تېگىشلىك مەردانە، ئىشچان ، پالۋان سۈپەت ئادەملەرنى ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ئۆز پۇراق، رەڭگى، ماھىيىتى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتە بىز ھېچ ئىش قىلالمىدۇق. قېنى يۈكسەك مەسئۇلىيەت، يېڭى روھ بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقەپ بۇ ئېچىلمىغان «بوز»نى بىرلىكتە ئاچايلى، ئۇنى گۈل- گۈلۈستانغا پۈركەيلى.

ئىمىن تۇرسۇن

# ئاچچىق قامچا، چۇچۇك دەۋەت

«دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭغا «يېڭىلىق يارىتىش» دېگەن ئىبارىنى ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرسا قوپسا يېڭىلىق يارىتىشنى سۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى «يېڭىلىق يوق» دەپ ئەيىبلەيدىغان بولىۋالدى» . ئاپتور بۇ جۈملە ئىچىگە ئەسەردىكى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزىي مەسىلىنى ۋە شەخسنى، دەۋرنىڭ كىشىلەردىن كۈتىدىغان تەلىپى قاتارلىقلارنى سىڭدۈرگەن، يېڭىلىق يارىتىشنى خالايدىغان ئەمما قانداق قىلغاندا يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ھەتتا نېمىنىڭ يېڭىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان چالا ساۋات «كادىر»نىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

يولداش سىراجىدىن سېيىتنىيازنىڭ بۇ فىلىيە تونى «قاراماي ئەدەبىياتى» 1991- يىل 3- سانىدا ئېلان قىلىنغان، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن «يېڭى نورمەتوۋ» «ئەللىگىنچى يىللاردا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئامتى كېلىپ خەت ساۋاتلىق ئادەملەرنىڭ كەملىكىدىن كادىرلىققا ئۆستۈرۈلگەن» ھەر قايسى تارىخىي شارائىتلاردا ئىبارە يادلاپ جان بېقىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىپ كالللىسى قاتماللىشىپ كەتكەن ئوبراز بۇ خىل ئادەملەرنى ھەر بىر زاۋوت، كارخانا، بۆلۈم، ئىشخانىلاردا بىرەر يېرىمىدىن ئۇچرىتىشقا بولىدۇ، بۇنداق كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر ئىزدا توختاپ قالغاچقا ئەتراپىتىكى شەيئىلەرنى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ماھىيىتى، باغلىنىشى بىلەن چۈشىنەلمەيدۇ، شۇڭا يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان كۆرمىڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىلارنى «ئىشلىرىدا يېڭىلىق يوق» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

ئاپتور يېڭى نورمەتوۋنى دوستلار ئارا مۇناسىۋەت، يۇقىرىدىكىلەرگە قارىتا باھا، خوتۇن-باللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت دائىرىسى ئىچىدە داۋاملىق قوسۇر ئىزدەپ، «يېڭىلىق يوق» دەپ بىزار قىلىش، ھەتتا مەچىتكە بېرىپ نامازنى بۇزۇپ ھەيدىلىش، دوختۇرخانىدا دورا، كېيىم - كېچەكلەرگە

قارىتا نارازىلىق بىلدۈرۈشتەك مۇھىتلار ئىچىدە تەسۋىرلەپ ئۇنىڭغا بولغان بىزارلىق، يىرگىنىش تۇيغۇلىرىنى كىتابخانغا تەقدىم قىلغان.

جۇڭگونىڭ ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان تارىخىي جەريان ئىچىدە، دۆلەت قىياپىتىگە، ئۇستقۇرۇلمىسىغا، ئىدىيىۋى كەيپىيات، دۇنيا قاراش، مەسىلىلەرگە باھا بېرىپ ھۆكۈم قىلىشتىن تارتىپ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە قەدەر يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۇكسۇلىشى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ گۈللەپ-ياشناپ روناق تېپىــــشى، سانائەتكە تەرەققىيات-يېڭىلاش، خەلق تۇرمۇشىغا پاراۋانلىق، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشتەك مەنزىرە بەخش ئەتتى، بۇنى بولسا ئۆز خاھىشى بويىچە باھا بېرىدىغان يېڭى نورمەتۇۋلار كۆرۈپ خۇشال بولۇش ئورنىغا «يېڭىلىق يوق» دەپ گاھ ئەيىبلەپ، گاھ ئۇمۇتسىزلىك دېڭىزىغا غەرىق بولىشى ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن بارلىققا كەلگەن، كەسپلەشكەن، ئادەتكە ئايلانغان قاتمال خاھىش يول قويمىغاچقا خوتۇن-بالىلىرىنى، خەلق ئاممىسىنى، تەشكىلنى بىزار قىلغان، ئۇ گەرچە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلسىمۇ ئەمما ئېمىنىڭ يېڭىلىق بولىدىغانلىقىنى، يېڭىلىقنىڭ قانداق يارىتىلىدىغانلىقىنى كاللىسىدا ھەل قىلالمىغاچقا كېسەل بولۇپ بالنىستدا يېتىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ ئادىتى بويىچە داۋالاش ئۇسۇلى، دورا، دوختۇرلارنىڭ كېيىم-كېچەكلىرىنى يېڭىلاش پىكىرلىرى بىلەن تېخىمۇ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، ئاپتور بىر تەرەپتىن ئاممىنىڭ كۆڭۈل رايىنى چىقىش قىلىپ قائىدە-يوسۇنلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ئىپادە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەت بىلەن كارى بولمايدىغان ئۆز بېشىمچىلىق، ئۆز خاھىشى بويىچە مەسىلىلەرگە قارايدىغان، باھا بېرىدىغان، ھۆكۈم چىقىرىدىغان كىشىلەرنى قامچىلاپ، ئۇلارنىڭ ئەجەللىك تارىخى مەغلۇبىيىتىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئەسەردە يېڭى نورمەتۇۋ دوختۇرخانىدا «مەن» بىلەن ئۇچرىشىپ قىسقا ۋە مېغىزلىق بىر نەچچە دىئالوگ بىلەن ئۇنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ روشەنلەشكەن، ئاخىرىدا ئىشلىتىلگەن دىئالوگلار دەل جايىدا قويۇلۇپ نورمەتۇۋ خاھىشىنىـــڭ ئېچىلىشى ۋە ئەجەللىك مەغلۇبىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

- ئۇنداق دېگىنىڭلا بىلەن ئادەمنىڭ كۆزىگە كېپەندەك كۆرۈنىدىكەن ئەمەسمۇ؟... ئۇنىڭ نەزەرىدىكى دوختۇرنىڭ خالىتى بىلەن رېئاللىقتىكى ئاق خالات توغرىسىدىكى بۇ بىر جۈملە دىئالوگ ئۇنىڭ دۆت، بىچارىلىقىنى ئېچىپلا قالماي ئۇنىڭ «يېڭىلىق يوق» دەپ ۋايساشلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە قۇرۇق، تۇتامغا چىقمايدىغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

- ئەنسىرىمەڭلار بۇرادەر، ئەزرائىل جان تەلەپ قىلىپ كەلسە، جان ئېلىشنىڭ دايىم بىر خىل، قاچانلا بولسا كۆزىگە كۆرۈنمەي كېلىپ جان ئالسەن، جان ئېلىشىڭدا يېڭىلىق يوق، جېنىمنى بەرمەيمەن دېسەڭلار بولمىدىمۇ!» ئاخىرىدا «مەن» نىڭ تىلى بويىچە بېرىلگەن بۇ دىئالوگ ئىچىگە مەسخىرىمۇ، كىنايىمۇ ھەتتا ئۆز سۆزى ئارقىلىق كاچاتلاشمۇ سىڭىپ كەتكەن، بۇ نېمە دېگەن جاراڭلىق خىتاب-ھە!

تۈزىتىش

1993 - يىل 3- سان مۇقاۋا 2- بەتتىكى ھۆسن خەتنى رىشات نائىل يازغان، ۋاقىپ بولغايسىزلەر.



مەزىيەم ئابدۇرېھىم

## بەخت

(ھېكايە)

ھەدە، ياخشىمۇسەن؟ مەن ساڭا يەنە خەت يېزىۋاتىمەن، بۇ قېتىم ئۆتكەندە ساڭا خۇشاللىقىمدىن خەت يازغىنىمدەك ئەمەس، بەلكى ھەسرىتىمنى تۆكىۋاتىمەن.

ھەدە، ئېيتقىنا، بۇ ئالەم نېمانچە تەڭشەلمىگەن؟! مەن ھازىر نېمە قىلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن. بىئاراملىقتا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، ئۆز گۆشۈمنى ئۆزەم يىگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن، مەن ساڭا ئىشنى باشتىن سۆزلەپ بېرەي:

ھەدە، ئۆتكەندە مەن ساڭا بىر پارچە ھېكايەم ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم، ئۇ چاغدا خۇشاللىقىمغا ھېچنەرسە تەڭ كەلمەيتتى، مەندەك بىر مېيىپ قىزغا بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق، بۇنىڭدىن ئارتۇق شاتلىق بولامدۇ؟!... تۇنجى قېتىم ساۋادىمنى سىن چىقىرىپ، ماڭا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى تونۇتقان ئىدىڭ، ھايات يولۇمنى كۆرسەتكەن ئىدىڭ، شۇڭا ئۇ خۇشاللىقىم سەنسىز مۇكەممەل بولمايتتى. ھەدە، ئاشۇ قېتىمقى ئەسىرىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن چىداپ تۇرغۇسىز ئۇششاق سۆزلەر مېنىڭ ئاشۇ ئەسىرىمگە، ئاشۇ ئەجرىمگە بېرىلگەن «مۇكاپات» بولدى. مەن ئۆزەم مېيىپ بولغاچقىمۇ كۆڭلۈم بەك نازۇك، مەن 18 ياشقا كىرگۈچە بۇنداق ئاھانەت ئاڭلىمىغان، سەنمۇ بىلىسەن، ئاپام، داداملارنىڭ مېنى دەپ قىلمىغىنى قالمايدۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ ئاغزى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىكەن.

ھەدە، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى بىلەمسەن، مەن ئېيتقۇ ئىزا تارتىۋاتىمەن، ھەقىقەتەن ئاشۇلار ئۈچۈنمۇ خىجىل بولىۋاتىمەن، ئۇلار دادام، ئاپامغا دارتىملاپ دېيىشكىنى ئاز كەلگەندەك ئىشىك ئالدىدا مېنى تازا ھاقارەتلىدى، مەن پەقەت چىدىمىدىم، ئۇلارنىڭ مېنى «ئۆيدە ئولتۇرۇپ بوزۇلۇپتۇ، كىچىككىنە بالا ئۇنداق بولسا، يوق ئىشلارنى قانداق يازالايدۇ؟» دەپ دېيىشمىگىنى قالمىدى، شۇنداق داڭلىق ئوبزورچىلارنىڭ ئەسىرىمگە ياخشى باھا بېرىشكىنىنى ئوقۇپ بەك خۇش بولغان ئىدىم. ئۇلار نېمە دېگەن نادان، ئۆيدە سەن ئەۋەتىپ بەرگەن كىتابلاردىن روھى ئوزۇق ئېلىۋاتقىنىمنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟! مېيىپ ئادەم كېسەل كارۋىتىدىن مەڭگۈ چۈشمەي كۆتۈشكە مۇھتاج بولۇپ ئۆتسە ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولار ئىكەندۇق، ھەدە، مەن ئۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن، ئۆمۈر بويى ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلماي تەييارنى يەپ يېتىش مەن ئۈچۈن نومۇس.

ھەدە، سەن مېنىڭ ئۇستازىم، يولباشچىم، ھەيرانمەن، سەنمۇ ئالغا ئىلگىرىلەش يولۇڭدا ئاشۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغانمىدىڭ؟! مەن ھازىر سىرتلارغىمۇ چىقالماس بولۇپ قالدىم. سىرتقا چىقمايمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قان يۇتىمەن، بىچارە ئاپام داداملار ماڭا تەسەللى بېرىشىدۇ، مېنى يەنە يېزىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، بىراق، مەن ئەتراپىمدىكىلەردىن قورقىمەن، ئېيتقىنا، قانداق قىلاي ھەدە!؟ ئۆتكەندە ئۆيدە ئولتۇرسام سىڭلىم بىر پارچە خەت ئېلىپ كىرىپتۇ، خەت ئىمزاسىز بولۇپ ئىككى قۇر خەت بار ئىكەن، ئۇنىڭدا: «سىڭلىم، قورقماي ئىلگىرىلەڭ، بەخت ئەنە شۇنداق جاپا ئارقىلىق قولغا كەلسە تېخىمۇ شېرىن بولىدۇ» دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن، بۇلارنى ئوقۇپ مېنى

قوللايدىغانلارنىڭ ھامان مەن تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ، چەكسىز خۇشال بولدۇم، ئاشۇ خەتنىڭ ئىگىسىگە كۆڭلۈمدە ھۆرمەت پەيدا بولدى، بىراۋغا قىيىن ئەھۋالدا ياردەم بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت بولسا كېرەك، بىراق ھەدە قولۇمغا قەلەمنى ئالساملا ئاشۇ مەسخىرىلىك چىرايلار ماڭا يەنە تەھدىت سالىدۇ، ئاپام دادامنىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىتتىك مېڭىۋاتقان قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

ئېيتە ھەدە، بەخت قانداق نەرسە؟! سەنمۇ بەختكە ئېرىشكەنمۇ؟ ئۆتكەندە ماڭا تۇنجى قېتىم قەلەم ھەققى كەلگەندە، خۇشاللىقتىن بەخت مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم مېنىڭچىمۇ بەخت دېگەن شۇنداق بولىدۇ، ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدىن لەرزىلىنىدىغان كىشى ئەڭ بەختلىك كىشى بولىدىكەن.

ھەدە، ماڭا تېزدىن خەت يازغىن، سېنىڭ خېتىڭ ماڭا چوقۇم يول كۆرسىتەلەيدۇ، مەن دائىمسېنى ئەڭ بەختلىك دەپ ئويلايمەن، بىلەمسەن، دائىم ساڭا ھەۋسىم كېلىدۇ، بەلكىم باشقىلارمۇ شۇنداق ئويلايدىغاندۇ.

ماڭا بەرگەن ياردىمىڭ، ئۆگەتكەنلىرىڭ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئاساسى، شۇڭا بۇ قېتىممۇ يەنىلا سېنىڭ قىممەتلىك پىكىرىڭگە تەشنامەن، جېنىم ھەدە، خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي، ئۇنتۇپ قالماي تېزراق خەت يېزىۋەتكىن.

ساڭا بەخت ۋە ئۇتۇق تىلەپ: سىڭلىڭ مېھراي.

سىڭلىم، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ياخشى تۇرىۋاتقانسەن، مەن سېنىڭ خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ساڭا خەت يېزىۋاتىمەن.

ئوبدان سىڭلىم، گېپىمنى ئاڭلا، مەن خېتىڭنى ئوقۇغاندىن كېيىن ساڭا ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىدى. ھايات دېگەن شۇنداق مۇرەككەپ، سىرلىق، سەن بىلەن مەن ئۇنىڭ سىرىنى بىلىپ بولغىچە بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىز چەكلىك، بۇ دۇنيادىن كېتىمىز، مەڭگۈ كېتىمىز....

سىڭلىم ، مەن سېنى چۈشىنىمەن، بىر ئىشلاردىن ئاسان ئاغرىنمايسەن، ساڭا بۇنى تۇرمۇش ئۆگەتكەن، تۇرمۇش ساڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى خالىساڭمۇ خالىمىساڭمۇ ھامىنى ئۆگىتىدۇ، بۇنى چوڭلار تەقدىر دېيىشىدىكەن، ئۇلار تەقدىر نېمە قىل دېسە ھەرگىز باش تارتمايدۇ، تەقدىرنىڭ قولى بولۇشقا رازىكى باشقىلارنىڭ ئۆز تەقدىرىگە ھۆكۈمران بولۇشىغا ھەسەت قىلىپلا قالماي، توسقۇنلۇق قىلىدۇ. سەن مەندىن «سەنمۇ شۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغانمۇ؟!» دەپ سوراپسەن، بۇ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، ھەر بىر ئادەم غەلىبە قازانغاندا، باشقىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا بۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ، مەنمۇ شۇنداق بولغان، سىڭلىم ، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمىگىن، بۇ يولۇڭدا ھارماي تىرىشقىن، تىرىشچان ئادەم ھامان ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرىدۇ. مەن ساڭا قايىل، سەندە رىقابەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، مۇشۇ خىل ھېسسىيات ساڭا توغرا يول كۆرسىتىدۇ، ھەرگىز بوشاشما، بىرلا بەل قويۇۋەتسەڭ ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىسەن.

سىڭلىم، سەن ئېيتقاندەك بەختنى تۇتقىلى، كۆرگىلى بولمايدۇ، سەن بەختكە ئېرىشىشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلىغاندا بەخت ئۆزى سېنى ئىزلەپ كېلىدۇ.

ھېلىقى ئىمزاسىز خەتنىڭ ئىگىسى توغرا ئېيتىدۇ، جاپا-مۇشەققەتسىز غەلىبە-ئاسان توزۇيدىغان قومۇش پۇپۇكى، جاپالىق كۆرەشتە تاۋلانغان غەلىبە سەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بەخت ھوزۇرىنى بېرەلەيدۇ، سىڭلىم ، تەسەۋۋۇر قىلىپ باق، ھازىرقى ئەھۋالغىلا قارىما شۇندىلا ئۆزەڭ توغرا يول تاپالايسەن، جەمئىيەت ھامان سېنى چۈشىنىدۇ، سەن پەقەت ئىگىلمەي تىرىشساڭلا ھاياتنىڭ گۈزەل ۋە رەزىل تەرەپلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالالايسەن، ھەم بەختسىزلىك ئىچىدىن ئۆز بەختىڭنى تاپالايسەن، چوڭلارنىڭ دېگىنىدەك «بەخت كېلىدۇ نەدىن؟ پېشانەڭدىكى تەردىن» بۇ ناھايىتى ئاددىي جاۋاب بولسىمۇ ھايات سىنىقىنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەملەر ئۈچۈن بىر ئۆلمەس ئۇقۇم. سەنمۇ بارا-بارا بۇلارنى بىلىپ قالىسەن.

سىڭلىم ، تىرىشقىن، سەن بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ، بۇلارنى بىلىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە بولۇشى كېرەك، مەن ساڭا ئىشىنىمەن، سەن چوقۇم بۇلارنى قىلالايسەن.

مەن سېنىڭ بەخت دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالىڭغا پەقەت مۇشۇنچىلىكلا جاۋاب بېرەلەيمەن، چۈنكى مەنمۇ بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ بىرسى. بەخت بەزىدە مېنى سايىدەك ئەگىيدۇ، بەزىدە توشقاندەك ئۈركىيدۇ، لېكىن مەن بۇلار ئۈچۈن ئەپسۇسلانمايمەن، ھاممىنى بىر كۈنى مەن كۈتكەن كۈنلەر كېچىكىپ بولسىمۇ كېلىدۇ، مانا بۇلار مېنىڭ ئۆمۈرلۈك نىشانىم. سىڭلىم، سەن روھىڭنى چۈشۈرمە، ھەسەتخورلارنىڭ قاۋاشلىرىغا پەسەنت قىلما، «ھەق ئېگىلەر سۇنماس» دېگەن گەپ بار، بىر كۈنلەردە سەنمۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە چوقۇم يۇلتۇز بولۇپ چاقنىيالايسەن، شۇنداقلا بەختنىڭ سېنىڭ ئۆز قولۇڭدا بولىدۇ.

خەير سىڭلىم، خېتىمنى ئاخىرلاشتۇراي، پات-پات خەت يېزىپ تۇرغىن، سېنىڭ ماڭا يەنە خوش خەۋەر ئەۋەتىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

ساڭا سالامەتلىك تىلەپ: ھەدەڭ مەلىكەم.

مايكۆل مازان

# دادا، يۈرەك سۆزۈمنى ئاڭلاڭ!

(نەسىر)

دۇنيادا قانداق قىز ئۆزىنىڭ دادىسىنى ھاقارەتلەيدىغاندۇ؟ دۇنيادا قانداق قىز ئۆزىنىڭ دادىسىنى تاش يۈرەك دەيدىغاندۇ؟! مانا مەن شۇنداق، دەيدىغانلارنىڭ بىرسى، مانا شۇنداق، ئاتىسىنى ھاقارەتلەيدىغان ۋاپاسىز قىزمەن، ھۆرمەتلىك كىتابخان، مېنىڭ بۇ يۈرەك سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ! مېنىڭ بۇ ئەرزىمەس خەتلىرىمگە كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇڭ! بۇ سۆزلىرىمنى دادام ئاڭلىسۇن، بۇ يۈرەك سۆزلىرىمنى دادام چۈشەنسۇن، ئۇنىڭ ئاشۇ تاش بولۇپ قالاي دېگەن يۈرىكى ئاز بولسىمۇ ئېرىسۇن! ئاشۇ كۆتىرىۋالغان بوتۇلكىسىنى يىراق-يىراق جايلارغا چۆرىۋەتسۇن!

دادا، جېنىم دادا، شۇ تاپتا بىچارە قىزىڭىز تامچە-تامچە ياشلىرىنى ئېقىتىپ سىزگە يۈرەك سۆزىنى تۆكۈۋېتىپتۇ. سىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ قويۇڭ، بولامدۇ دادا!؟ شۇنداق، تەقدىر قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بويسۇنمايمۇ ئامال يوقكەن، ئەگەردە تەقدىر قولغا تۇتقىدەك نەرسە بولىدىغان بولسا ئۇنى مىجىپ، يوقىتىۋەتكەن بولاتتىم، دادا، بىراق بۇ كۆرۈنمەي زەربە بېرىدىغان ئالۋاستىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن ئۆزەمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر شور پېشانە قىز ئىكەنلىكىمگە كۆز يۇمۇپلا قول قويالايمەن، «نېمە ئۈچۈن؟» دەمسىز؟ چۈنكى مېنىڭ ئانام نىمجان، دادام ھاراقكەش، ئاكام جىنايەتچى، ئۇكام، سىڭلىم گۆدەك يىغلاڭغۇ، ئاڭلاۋاتامسىز دادا، قىزىڭىز شۇنداق بەختسىز ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغان، يالغۇز مەنلا ئەمەس، تۆتىلىمىز بەختسىز باللار ئىكەنمىز، بىلەمسىز، سىز ھەر قېتىم ئاشۇ بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئىشىك بوسۇغىسىغا ئولتۇرىۋېلىپ ناخشا توۋلاپ تۇرۇپ ئىچكەن ھەر بىر رومكا ھارىقىڭىز ماڭا بىر ئازاب بولىدۇ، ئانام ماڭالماي، ئىچكىرىكى ئۆيدە نەچچە رەت يىغىدىن بوغۇلۇپ ھوشىدىن كېتىشلىرى مېنىڭ يۈرۈكىمگە يىڭنە سانچىغاندەك بىلىنىدۇ، دادا ئېيتىڭا، سىز «ئاناڭغا قارا! سېنى ئوقۇتىدىغان پۇل يوق» دەپ مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدىڭىز. ئەجەبا، ھاراققا پۇل چىقىپ ماڭا پۇل چىقمامدىكەن؟ ئەجەبا، سىز بۇلارنى ئويلىمىدىڭىزمۇ، 8 يىل، 8يىل ئوقۇغۇنۇم نەگە كەتتى؟! ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ تۇرسام مېنىڭ بەختىمگە ئولتۇرۇپ يولۇمنى توستىڭىز، بوپتۇ، بۇلارغا مەيلى دەي، ئانامغا قاراي، ئانام مېنى كىچە-كېچىلەپ ئەللەيلەپ باقتى، ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزى ماڭالماي يېتىپتۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئاق سۈتىنى ئاقلىشىم كېرەك. بىراق، سىزنىڭ يەنە دەلدەڭشىپ ئانامغا ھۆكۈرەپ قول يۈگۈرتىشىڭىزنى كەچۈرمەيمەن! بىچارە ئانام كېسەلنىڭ دەردىنى تارتامدۇ، ئاكامنىڭ دەردىنى تارتامدۇ، سىزنىڭ دەردىڭىزنى تارتامدۇ؟ ھەممىمىزنىڭ دەردىنى تارتامدۇ؟! ئانامنىڭ بىر يۈرىكى زادى قايسىمىزنىڭ دەردىنى تارتىدۇ؟ دادا، ھېچ بولمىغاندا ئىككى ئۇكامغا قاراپ بېقىڭا، دادا،

ئوبدانراق قاراپ بېقىڭا! ئۇلارنىڭ تەلەتىنى كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ بېقىڭ، سىز بىرەر قېتىممۇ ئۇلارنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز بىرەر قېتىم ئۇلارغا قاپاق ئېچىپ باقتىڭىزمۇ؟ ياق! سىز ئۇلارنى ئۇرۇشنىلا بىلىسىز، ئوقۇتۇشنىغۇ ئەسلا بىلمەيسىز، بىچارە ئۇكىلىرىمغا ئۇۋال، ئاكام قاراڭغۇ تۈرمىدە ياتىدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغىنىنى كىم بىلسۇن؟ بىچارە ئاكام پۇل تاپىمەن دەپ جىنايەت ئۆتكۈزدى، سىز بۇلارنى بىلەمسىز؟ سىزگە ئەڭ زور لەززەت هاراق، شۇنداققۇ؟ ئاشۇ هاراقنى كەشىپ قىلغان ئادەمگە نەپرەت ياغدۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئۇزادى قانداق نېمىدۇ؟ مەنمۇ بىر ئىچىپ باقسام بوپتىكەن دادا، سىزنى ساراڭ قىلاي دەپ قويغان ئاشۇ نەرسىنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باقسام، ئاشۇ مەخلۇقنىڭ سىرىنى بىلىپ باقسام!

دادا، ئىچمەڭ، بولامدۇ؟ ئۆتۈنەي ئىچمەڭ! ئىچكەندىن كېيىن ئۆلىمەن دەپ بىزنى قورقۇتماڭ، سىز ئۆلسىڭىز بىز قانداق جان باقىمىز، بىزنى مۇشۇنداق يېتىم قالدۇرغىڭىز بارمۇ؟ مەن كېسەل ئادەمگە قارىغان ئادەم مۇشۇنداق ئوخشايدۇ دېسەم ئۇنداق ئەمەسكەن دادا، مېنىڭ بىر دوستۇم بار، ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ ئاغرىقچان ئايال، بىراق دادىسى سىزگە ئوخشاش هاراق ئىچمەيدۇ، شۇڭا ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى خۇشال، قىزى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى، ئائىلىسى هەتتا بەشتە ياخشى ئائىلىمۇ بولدى، ئەجەبا، ئۇنىڭ دادىسى قانداق دادا، سىز قانداق دادا، مەن هېچ ئويلاپ يېتەلمىدىم، مېنىڭ ئەقلىم بۇ سىرلارنى زادىلا يېشەلمىدى.

ئەگەردە بەخت قوشىغا جاننى تېگىشىدىغان ئىش بولىدىغان بولسا، جېنىمنى بېرىپلا ئاشۇ بەخت قۇشىنى بىزنىڭ ئۆيگە قوندۇرۇۋالغان بولاتتىم، بىراق، ئۇ چۆچەكلەردىلا بار نەرسىكەن دادا، بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، بىزنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاڭ، ئانامنى يىغلىتىپ قارغۇ قىلماي دېسىڭىز هاراقنى ئىچمەڭ، بولدى قىلىڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي دادا؟!

مۇقەددەس ئىبراهىم

# ئۇستازغا مەدهىيە

(نەسر)

ئېخ! كۆيۈمچان ئۇستاز.

مەن ئۆزەمنىڭ تولىمۇ ناتىۋانلىقىمغا باقماي سىزنىڭ ئۇلۇق نامىڭىزنى مەدهىيىلەش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ئۇستازىم، سىزنىڭ تەڭداشسىز ئېسىل پەزىلىتىڭىزنى، ئالىيجاناپ خىسلىتىڭىزنى تەرىپلەشكە قەلىمىم ئاجىزلىق قىلىدۇ، چولتىلىق قىلىدۇ، لېكىن ، مەن سىزنى قانداقمۇ تەرىپلىمەي تۇرالايمەن، سىزدەك جاپاكەش، ئۇلۇغ ئىنساننى كىممۇ مەدهىيىلىمەي تۇرالىسۇن؟!

ئېخ! ئۇستاز، مەرىپەت گۈلزارىنىڭ ئۆمۈرلۈك تۆهپىكارى، سىز باهاردىنمۇ يېقىملىقسىز، مېهرىۋانلىقتا ئانامدىنمۇ ئارتۇقسىز، قەلبىڭىزنىڭ ئاقلىقى تەڭرى تېغىنىڭ ئاپئاق چوققىلىرىغا ئوخشايدۇ، دىلىڭىزنىڭ پاكلىقى دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان سەبىي بوۋاققىلا ئوخشايدۇ.

مەن سىزنىڭ ئاشۇ نۇرانە چېهرىڭىزنى قۇياشقا ئوخشىتىمەن ئۇستاز. ئىنسانلار قەلبىنىڭ ئۆمۈرلۈك نىجاتكارى سىزنىڭ ئاشۇ غايىۋانە سىمايىڭىز هەر دائىم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ، هەر بىر ئېغىز سۆزىڭىز خۇددى يېقىملىق مۇزىكا ساداسىدەك قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ، ۋۇجۇدۇم سوۋۇغان چاغلاردا سىزنىڭ ئانىلارچە مېهرىڭىز ماڭا خۇددى باهاردىكى قۇياشتەك يىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ. قەلبىمنى ئۈمىتسىزلىك تۇمانلىرى قاپلىغان چاغلاردا سىزنىڭ ئاتەشتەك نۇرلۇق كۆزلىرىڭىز ماڭا ئۈمىد ئۇچقۇنى ئاتا قىلىپ، قەلبىمگە گۈزەل ئىستىقبال چىرىغىنى ياقىدۇ، سىزنىڭ ئۇلۇغۋار روهىڭىز مېنى توغرا يولغا باشلايدۇ، قەلبىمدىكى كىرلارنى پاك-پاكىز يۇيۇپ تاشلايدۇ. . . شۇ تاپتا سىزنىڭ تۈگىمەس، سانسىز تۆهپىڭىزنى تەرىپلەشكە راستىنلا ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن، ئەمما سىزگە

بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشماقتا، چۈنكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ئوزۇقلۇقىدىن ئىبارەت بىلىم غەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى سىزنىڭ قولىڭىزدا.

شۇنداق، ئۇستازىم، بىر چاغلاردا ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ، مىڭ بىر جاپادا سۇ تېپىپ ئىچكەندە، قۇدۇق قازغۇچىنى ئەسلەيدىغانلار ئاز بولغىنىدەك شېرىن مېۋىلەرنى لەززەت بىلەن يېگەندە، مېھنەتكەش باغۋەننى ياد ئېتىدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئەمدى بولسا پەرۋىشىڭىز كۆچەتنىڭ تۈز ئۆسىدىغانلىقىنى، ئۇستازنىڭ مېھنىتى سىز مەرىپەت گۈلزارىنىڭ گۈللىنىدىغانلىقىنى كىشىلەر تونۇپ يەتتى. شۇڭلاشقا سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىزنى چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش ھەممە ئادەم ئەتىۋارلاپ تىلغا ئېلىشماقتا، سىزنىڭ ھالال ئەجرىڭىز جاپالىق قان-تەرىڭىز بارلىق ئىنسان قەلبىگە ھۆرمەت تۇيغۇسى بېغىشلىماقتا.

ئىخ! كۆيۈمچان ئۇستاز، سىزنىڭ نامىڭىز نەقەدەر ئۇلۇغ-ھە! مەن سىزنى مەڭگۈ مەدھىيىلەيمەن، سىز بىلەن پەخىرلىنىمەن، سىز مېنىڭ نىجاتكارىم، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغان ئۇلۇغ ئىنسانسىز!

گۈزەلنۇر مۇتەللىپ

# ئىككى شېئىر

## دوستۇمغا

تەقدىرداش ئىدۇق بىز، ئەزەلدىن شۇنداق،
شاتلىق ھەم قايغۇغا بولۇشۇپ ئورتاق.
بىر تۇغقان قېرىنداش ئاچا-سىڭىلمۇ،
بىزلەرگە يەتمىگەن ھېچقاچان-ھېچۋاق.

ۋە لېكىن ئۆزگەردىڭ، ئۆزگەردى كۆڭلۈڭ.
سەندە بار شۇ ھوقۇق مەندە يوق سەۋەب
ھەر سۆزۈڭ خەنجەردەك تىلار يۈرەكنى
شۇ ھوقۇق بىزلەرنى ئايرىدى ئەجەپ.

سەن كەتتىڭ باش تولغاپ، مەن قالدىم يىغلاپ،
تەنھالىق ئىلكىدە ئۆتكەننى ئويلاپ.
قايتىپ كەل جان دوستۇم قايتىپ كەل تېزراق.
دوستلۇقتىن ئېچىلغان گۈللەرنى پۇراپ.

## يول باشلىغۇچى پەرىشتە

قاراڭغۇ ئەمەستى دۇنيا ھېچقاچان،
ۋە لېكىن مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ ھەريان.
كۆزۈمگە ئۇچۇقتى كۆرمەيتتى بىراق،
كۆرۈشكە زېمىننى تەشناتى بۇ جان.

ماڭاتتىم چىدىر ھەم تاغلىق يوللاردا،
يىقىلىپ قالاتتىم بەزى چاغلاردا.
يوللارنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغاندا،
«نۇر بەرگىن كۆزۈمگە» دەيتتىم ئاللاغا.

ماڭدىم مەن بىر غايە ئېتىمغا مىنىپ،
ئىشەنمەي ئۆزەمگە توختىدىم يانا.
دەل شۇ چاغ بىر پەرى قولۇمنى تۇتۇپ،
باشلىدى يېتەكلەپ مەنزىلگە-ئالغا.

كۆردۈم مەن زېمىننى، كۆردۈم دۇنيانى،
ھەم كۆردۈم تاللىغان توغرا يولۇمنى.
پەرىشتە سەن ئۈچۈن قىلاي كۆپ تازىم.
چۈنكى سەن كۆرسەتتىڭ ئىستىقبالىمنى.

بۇ ساندىكى شېئىرلار ۋە «نىفىتلىك غۇنچىلىرى»
سەھىپىسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئابدۇۋاھىت ئوسمان

**شىڭ كې**

# چۇش

- ئاڭلاڭە، يان ئۆيدىن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتىدۇ! - دېدى ئايال ئېرىگە.

ئېرى ياستۇقتىن بېشىنى كۆتىرىپ، تىنماي تۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سالدى. دەرۋەقە ئۇ بىر ئايال بىلەن بىر ئەرنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

-سىز مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسىز؟- بۇ مېيى شىرىنىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

- شۇنداق، چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن!- دېدى ياش بىر قىز.

بۇ، قاتار كەتكەن كونا شەكىلدىكى ئۆيلەر ئىدى. ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرى قومۇش بىلەن كاتەكچە قىلىپ بوغۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بورا سېلىنغان، يەنى شىپ ھاسىل قىلىنغاندى، ئۆي بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى ئارا تام شىپقىلاتاقىلىپ، شىپنىڭ ئۈستى بوش بولغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ گەپ قىلىشقان ئاۋازى سەل يۇقىرى بولسىلا ئېنىق ئاڭلىناتتى.

- بۈگۈن ئاخشام مەن كەتمەيمەن!- قىزنىڭ ئاۋازى.

- ئۇنداق قىلساق ياخشى بولمايدۇ، بىز تېخى توي قىلمىدۇق، - دېدى مېيى شىرىن.

- سىز بەك زېرىكىپ كەتتىم، يالغۇزلۇق تارتىپ كەتتىم، دېگەنتىڭىزغۇ، مەن بۈگۈن سىزگە ھەمرا بولىمەن،- دېدى قىز نازلانغاندەك قىلىپ.

- ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بۇ بەك ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ، - دېدى مېيى شىرىن.

- ئەخلاقسىزلىق؟ ھى، ھى، ھى، سىز ئەخلاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟- سورىدى قىز.

- بۇ . . . .- مېيى شىرىن جاۋاب تاپالماي قالدى.

- ئەخلاق دېگەنلىك بىر خىل كۆز قاراش بولۇپ، ئوخشىمىغان ئېھتىياج چىقىش قىلىنسا، ئوخشىمىغان چۈشەنچە بەرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، ئالدامچىلىق خاراكتېرىمۇ بار، مېنىڭچە، ئەخلاق دېگەنلىك ئۆزىگە پايدىسى بولۇش، باشقىلارغا زىيان بولماسلىقتۇر، - دېدى قىز، سۆز ئورامىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆز سۆزىدىن مەمنۇن بولسا كېرەك.

- نېمە دېگەن ھاياسىزلىق!- دېدى ئېرى،- سائەت نەچچە بولدى؟

- ئون يېرىم بوپتۇ، - دېدى ئايالى ياستۇق تۈۋىگە قويۇلغان فوسفورلۇق سائەتكە قاراپ قويۇپ.

- ئاۋۇ ئايال جەزمەن ياخشى نېمە ئەمەس!- دېدى ئېرى زەردە بىلەن.

- ئاچ قالغان تاماق تاللىماس دېگەن شۇدە، مېيى شىرىن 30 نەچچىگە كىرىپ قالدى، ئايال كىشىنى كۆرسىلا. . .- دېدى ئايالى.

- يېقىندا بىرەرسى ئۇنىڭغا قىز دوست تونۇشتۇرۇپتۇ دېگەننى ئاڭلىمىغاندىم.

- بۇ زاماننىڭ ياشلىرى كوچىلاردىلا تېپىشىۋالىدىغان تۇرسا تونۇشتۇرۇش كېتەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە نەگىلا قارىسا تانسخانىلار تۇرسا، تاپماق تەسمىدى!

- سىز قايتىپ كېتىڭ، مەن دەم ئالىمەن - دېدى مېيىشىرىن.

- ياق، مەنمۇ مۇشۇ يەردە ياتىمەن،- قىزنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

- قاملاشمىغان!

- تازا قاملاشمىغان نېمىكەن!

ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن تەڭلا كايىدى.

«قاس-قاس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چىراغ ئۆچۈرۈلدى، بۇ ئاۋاز پىچاق بولۇپ بۇ ئىككى قېرى ئەر خوتۇننىڭ يۈرىكىگە سانچىلغاندەك بولدى.

ـ قارىمامدىغان، بۇ نېمە دېگەن تېتىقسىزلىق، ـ ئېرى ئورنىدىن غاچچىدە ئولتۇرۇپ سورىدى:

ـ سائەت نەچچە بولدى؟

ـ 12 دىن 20 مىنۇت ئۆتتى، ـ ئايالى سائىتىگە قاراپ دېدى.

ـ مەن چىقىپ قاراپ باقاي،ـ دېدى ئېرى تاقەت قىلىپ تۇرالماي.

ـ بولدى قىلىڭ، بىز كۆپ يىللىق تام خوشنا، ئۇنداق قىلسىڭىز سەت بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئەتە پەيچۇسوغا بېرىپ ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇلار كېلىپ تۇتسۇن، ـ دېدى ئايالى.

ـ توغرا، توغرا، ـ ئېرى يەنە ياتتى.

ـ ئاڭلىدىڭمۇ، كارىۋات غىچىرلاۋاتىدۇ،ـ دېدى ئېرى.

ـ غىچىرلىماتتى ئەمىسە!ـ ئايالى شۇنداق دېگىنىچە ئېرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلىدى.

ـ ئەتە ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىدا پاراڭلىشايلى، ئۇ ئايالنىڭ قانداق چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىر كۆرەيلى.

ـ شاۋ مېيدىن ئاخشام نېمانچە كەچ ياتتىڭ دەپ سوراپ باقايلى.

ـ ساڭا بىر قىز دوست تونۇشتۇرۇپ قوياي دەپ باققىنە، قېنى نېمە دەيدىكىن.

ـ ئەتە مەن ئاۋۋال پەيچۇسودىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي، ئەتە كەچتە ئۇ ئايال كەپقالسا، مەن بېرىپ چاقىرىپ كېلەي.

ـ شۇنداق قىلايلى، بىراق، ئەڭ ياخشىسى شاۋ مېي بىز پاش قىلغانلىقىمىزنى بىلىپ قالمىسۇن.

ـ ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما . . . . . پەيچۇسودىكىلەر كەلسە، ئۇنىڭ قانداقراق ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ چىقايمىكىن دەيمەن.

ـ مېنىڭمۇ كۆرۈپ باققۇم بار، ئۇ ئايال چوقۇم ئىشتىنىنىمۇ كىيىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ.

ـ ھى، ھى، ھى!

ـ ئۇششت، بوشراق كۈل.

ئىككىنچى كۈنى خېلى كەچ بولغاندا، مېي شىرىنىنىڭ ئۆيىدىن دېگەندەك يەنە ئايال كىشىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

يان ئۆيدىكى ھېلىقى بىر جۈپ ئەر-خوتۇن كارىۋاتتا كىيىمى بىلەنلا يېتىپ كۈتمەكتە ئىدى، ئېرى ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا غاچچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭماقچى بولغاندا، ئايالى ئۇنى توساپ:

ـ ئالدىرىماڭ، ئۇلار چىراقنى ئۆچۈرگەندىن كېيىن بارسىڭىز ئىشەنچلىك بولىدۇ.

ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن ئۇن چىقارماي سەۋىرچانلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى يېنىدا بولمىغاندىن كېيىن، بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئىچى بوشاتتى.

سائەت 11 دىن 40 مىنۇت ئۆتتى.

سائەت 11 دىن 50 مىنۇت ئۆتتى.

سائەت دەل 12 بولدى.

ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن تۇرۇپ-تۇرۇپ سائەتلىرىگە قاراپ قويىشاتتى.

«قاس-قاس» چىراغ ئۆچتى، ئېرى خۇددى ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالىنى ئاڭلىغاندەك، شۇئان ئىشىكنى ئاچتى ھەم ئارقىغا بۇرۇلۇپ بوش ئاۋاز بىلەن ئايالىغا:

ـ مەن چاقىرىپ كېلەي، سەن ئۇبدان قاراپ تۇرغىن، ـ دېدى.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ پەيچۇسوغا قاراپ تېز-تېز قەدەم تاشلىدى، چېچىلىپ ياتقان يوپۇرماقلار ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا شاراقشىيتتى، كۈز كېچىسىنىڭ سالقىن شامىلى ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا ئۇرۇلۇپ بەدىنىنى مۇزلىتاتتى، ئۇ بولسا ئۇلارغا پىسەنت قىلماي ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى، يول ياقىسىدىكى كۈز قۇرتلىرى ئۆزلىكىدىن تەشكىللەنگەن ھە-ھۇچىلاردەك، چىرىلداپ ئۇنىڭغا مەدەت بەرمەكتە ئىدى.

ساقچىنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولدى، بولۇپمۇ مۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە تېز بولىدۇ، يەنە كېلىپ كۈندۈزى ئەسكەرتىپ قويغان ئەمەسمۇ.

دۈڭ، دۈڭ، دۈڭ.

ـ ئىشىكنى ئاچ، ئىشىكنى تېز ئاچ دەيمەن! ـ ساقچى ۋارقىرىدى.

قېرى ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن ساقچىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇلار ساقچى بىلەن بىرلىكتە ئۆيگە بۆسۈپ كىرىشكە ھازىرلانغانىدى.

- كىم؟- مېي شىرىن ھورۇنلۇق بىلەن سورىدى.

- مەن، ساقچى!

قېرى ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشۈپ قويىدى.

چىراغ يېقىلدى.

ئىشىك ئېچىلدى.

مېي شىرىن ئۇيقۇلۇق خىرە-شىرە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ سورىدى:

- نېمە ئىش؟ يېرىم كېچىدە ئادەمنى ئويغىتىپ.

ئۇچەيلەن ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئۆيگە تەڭلا ئېتىلىپ كىردى، مېي‌شىرىن بىر ياققا قىستىلىۋېتىلدى.

ھالبۇكى، ئۈچ جۈپ كۆز بىر نۇقتىغىلا قادىلىپ قالغانىدى: كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر كەلمەيدىغان كارىۋاتتا مېي شىرىن يېپىنغان يوتقاندىن باشقا ھېچ نېمە كۆرۈنمەيتتى. ساقچى چەبدەسلىك بىلەن كارىۋات ئاستىغا كۆز يۈگۈرتىۋىدى، ئۇ يەردىمۇ ھېچ نەرسە چىقمىدى، ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوشۇرۇنغىدەك جاي يوق ئىدى.

ساقچى بۇرۇلۇپ قېرى ئەر-خوتۇنغا دەرگۇمان بىلەن قارىدى.

ئۇ ئىككەيلەنمۇ شۈبھىلەنگەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قالدى.

(«تۇۋجىياڭ سەنئىتى» نىڭ 1987- يىللىق 51- سانىدىن) تۇرسۇنجان سۇلايمان (ت)

# تەنھا قالمىسىلا ئوبېكتى تېپىلىدۇ

گېزىت بەزى ۋاقىتلار ئۆزى ئۈچۈن ئېلان قىلىدۇ، قاراڭ: «نىكاھ تەلەپ قىلىش ئېلانى» چىقارغۇچىلار بولسا، گېزىتىمىزنىڭ ئېلان بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ، ھەق ئېلىش مۇۋاپىق.

...

ھازىر، ئېلان بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى يېپىق، ئىشقا چىقىدىغان ۋاقىت تېخى بولمىغانىدەك تۇرىدۇ.

بىر ئايال ئىشىك ئالدىدا ئادەتتە پەقەت تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدىكى دوختۇر ئوپېراتسىيە ۋاقتىدا تارتىۋالىدىغان پەۋقۇلئاددە چوڭ ماسكىنى تاقىۋېلىپ كۈتۈپ تۇراتتى.

بىر ئەرمۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدا كۆزىدىن باشقا ھەممە يەرنى ئېتىۋالغان قېلىن كوراشەكىللىك قولاقچىنى كىيىۋېلىپ نېمىنىدۇر كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇلار ئۆز ئارا تونۇشمايتتى.

ئايال ئەرنىڭ بىر ئاز غەلىتىرەك ئادەم ئىكەنلىكىنى سەزدى.

ئەرمۇ ئايالنىڭ بىر ئاز غەلىتىرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئايال بىر ئاز خىجىل بولغاندەك قىلىپ، يانچۇقىدىن بىر كاللەك يۇڭ يىپنى ئېلىپ توقۇشقا باشلىدى.

ئەرمۇ بىر ئاز تارتىنغان ھالدايانچۇقىدىن بىر پارچە گېزىت ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى . يىپ كاللىكى ئايالنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئەرنىڭ پۇتى ئاستىغا يۇمىلاپ باردى.

ئەر ئېگىشىپ يىپ كاللەكنى ئېلىپ ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ، ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ئايالغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئايال يىپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بېشىنى بىر ئازلىكىشىپ رەھمەت ئېيتتى، يەنە بىر ئاز ئەدەپسىزلىك بولغانلىقىنى سېزىپ ماسكىنى ئېلىۋېتىپ ئاۋازىنى چىقىرىپ «رەھمەت» دېدى.

ئەرمۇ قېلىن كورا شەكىللىك قولاقچىنى ئېلىۋېتىپ «ئەرزىمەيدۇ! ئەرزىمەيدۇ!» دېدى.

ئايال ئۇنىڭ 40 ياشلاردا بولسىمۇ، ئەمما، چىراي شەكلىنىڭ يامان ئەمەس ئىكەنلىكىنى سەزدى.

ئەرمۇ ئايالنىڭ ئەڭ كۆپ بولسا 36-37 ياشلاردا بولسىمۇ، لېكىن ياشلىق باھارىنى ساقلاپ، ناھايىتى گۈزەل تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئويلىنىشقا باشلىدى.

- سىز. . . غا كەلگەنمۇ؟- دەپ سورىدى ئايال ئەردىن.
- سىزمۇ. . . غا كەلگەنمۇ؟- دەپ سورىدى ئەر ئايالدىن.
- مەن. . . دېدى ئايال دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.
- مەن، مەن . . .- دەپ ئەر تېخىمۇ جىددىيلىشىپ.

ھەر ئىككىلىسى كۆڭۈلدىكى گەپنى ئېيتالمىسىمۇ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشىنىشتى.

بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى گېزىتخانا باسما زاۋۇتىنىڭ ماشىنىلىرى رىتىملىق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى.

- سىز قەيەردە ئىشلەيسىز؟ - ئايال ئەردىن سوئال سورىدى.
- پولات زاۋۇتىدا، بىزنىڭ زاۋۇتتا. . ئەر بىلەن ئايالنىڭ نىسبىتى ئوندابىر،- دەپ جاۋاب بەردى ئەر كىشى.
- ھە، شۇنىڭ ئۈچۈنده. . .- دېدى ئايال.
- سىز قايسى زاۋۇتتا ئىشلەيسىز؟ - دەپ سورىدى ئەر كىشى.
- توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا، بىزنىڭ زاۋۇتتىكى پۇتبول كوماندىسىمۇ ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن، - دەپ جاۋاب بەردى ئايال.
- ھە، شۇنىڭ ئۈچۈنده . . .- دېدى ئەر كىشى.
- مەن ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم،- دېدى ئايال.
- مەنمۇ شۇنداق، ئاڭلىشىمچە، بۇنداق قىلىشنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇشى. . . . . ئەمەس، - دېدى ئەر كىشى بېشىنى چايقىغان ھالدا.
- بۇنىڭدىن باشقا ئامال بولمىدى،- دېدى ئايال ھەسرەت چەككەن ھالدا.
- قېنى كۆرۈپ باقايلى، -دېدى ئەر ئايالغا نەسىھەت قىلغان ھالدا.
- سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟- دەپ سورىدى ئايال يۈرەكلىك ھالدا ئەردىن.
- مەلۇم بىر ئەر، سىزچۇ؟- دېدى ئەرنىڭ يۈزى قىزارغان ھالدا.
- مەلۇم بىر ئايال،- دەپ جاۋاب بەردى ئايال ئاچچىقلانغان ھالدا.

ئەر دەرھال ئۆزىنىڭ ئەدەبسىزلىك قىلىپ كەتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى تونۇپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونىغان ھالدا يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ:

- بۇ مېنىڭ رەسمىيەت قەغىزىم، مېنىڭ ئىسمىم، مېنىڭ شەرتىم، مېنىڭ تەلىۋىم ھەممىسى بۇنىڭ ئىچىدە،- دېدى.
- ئۆيىڭىز قانچىلىك چوڭلۇقتا، قانچە مائاش ئالىدىغانلىقىڭىزنى يازماپسىزغۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ - دەپ سورىدى ئايال كۆزىنى يوغان ئېچىپ كۆرگەندىن كېيىن.
- ئۇنى يېزىپ نېمىش قىلاي؟ !- دېدى ئەر كىشى.

ئايال ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ چىقىپ:

- قاراڭ، مەنمۇ يازمىدىم،- دېدى.
- ئادەم ئۈچۈن ئېيپەتلىك بولۇش قىممەتلىك، - دېدى ئەر كىشى دەرھال.

ئايال ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەرگە بىر قۇر سەپ سېلىپ چىقتى.

ئەرمۇ ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ئايالغا بىر قۇر قاراپ چىقتى.

گېزىتخانا ئېلان بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر ئادەم بۇ ئىككەيلەننى ئىشخانىغا تەكلىپ قىلدى.

- بىز كىرىمىزمۇ؟- دەپ ئەر ئايالدىن پىكىر ئالدى.
- مېنىڭچە. . . دېدى ئايالنىڭ يۈزى قىزارغان ھالدا.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئەر بىلەن ئايال باشقا بىر ئىشىكتىن-باغچىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى. . .

ماشۇلياڭ (ت)

لىيۇ شاۋچىڭ

# مۇخبىر بىلەن بولغان جېدەل*

ئەمدى بۇ ئىشقا بىر نەچچە يىل بولۇپ قالدى. مەنمۇ شياڭگاڭغا كۆپ قېتىم باردىم، ھەر قېتىم بارغىنىمدا يەنىلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئىنتايىن زور ھۆرمەتكە ئېرىشتىم ۋە زىلزىلە پەيدا قىلدىم. ئۇ ئىش توغرىسىدا ھېچقانداق ئەكس سادا بولمىدى. مەن ھېلىقى شياڭگاڭلىق مۇخبىرنى تىلغا ئالدىم. ئۇنى ھېچكىم تونۇمايدىكەن.

بىراق، مەن ھېلىقى يەرلىك مۇخبىرنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىمەن، ئۇنى كەچۈرمەيمەن، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكىلەر چوڭ قورۇقلۇقتا ئەسلىدىنلا بۇنداق ئۆزگە ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيتتى، ئەجنەبىلەرگە چوقۇنۇپ چەت ئەلگە خۇشامەت قىلىدىغان ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئۇلارنى دانىشمەن بىلىپ، ئېتىقاد قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىچە كېرىلىپ، ئالچاڭلاپ كېتىدىغان قىلىپ قويىدى. ھالبۇكى ئەنە شۇنداق كىشىلەر بولسا ئۇلارنىڭ چوڭ قورۇقلۇق كىشىلىرىنى خورلىشىغا ياردەم بېرىپ يامانغا يانتاياق بولدى.

مەن ئەزەلدىن ئادەم ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلىشى كېرەك دەپ قاراپ كەلدىم، مەن ئۆزۈمنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇمايمەن ھەمدە دۆلىتىمىزدىن ئىپتىخارلىنىمەن، ھازىر دۆلىتىمىز تېخى بىر قەدەر ئارقىدا، جۇڭگولۇقلار، خۇسۇسەن چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلار ھەمىشە باشقىلار تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنماي كېلىۋاتىدۇ. ناۋادا بىزدە ۋىجدان بولمىسا، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كۆزگە ئىلمىساق، جۇڭگودىن قانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ؟!

مەن جۇڭگودا مېھمانخانىنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى، ھەممىسىدە ئەزىز مېھمانلارغىلا بېرىلىدىغان ئۆي بارلىقىنى، ئىشىك ئۈستىگە «چەت ئەل مېھمانخانىسى» دېيىلگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغانلىقىنى، جۇڭگولۇقلار ئۇنداق مېھمانخانىلارغا كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكە ئالدىم. نۇرغۇنلىغان ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلارغا پاسپورت بولمىسا كىرىپ چىقىشقا بولمايدۇ. بىر قېتىم ئامېرىكا تەۋەلىكىدىن كەلگەن بىر نەپەر جۇڭگولۇق بېيجىڭدىكى ئالىي دەرىجىلىك بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ «يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى»، «پەردە ئارقىسىدىكى خانىش» ناملىق فىلىملەرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىكەن. كېيىن ئۇ مېنى مېھمانخانىنىڭ تانسىخانىسىدا ناخشا ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلدى، دەرۋازىۋەن مېنى پاسپورتىڭىز يوقكەن دەپ توسۇۋالدى، ئۇنى پاسپورتى بولغاچقا كىرگۈزۈۋەتتى، ئۇ كىشى دەرۋازىۋەنگە ھەر قانچە چۈشەندۈرسىمۇ دەرۋازىۋەن قۇلاق سالمىدى، مەنمۇ پەسەنت قىلىنمىغان بولۇپ كېتىپ قالدىم.

يەنە بىر قېتىم فرانسىيەدىن ئىككى دوستۇم كەلدى. ئۇنىڭ بىرى فرانسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن بولۇپ پاسپورتى بار ئىكەن، يەنە بىرى فرانسىيە گىراژدانى بولالمىغاچقا پاسپورتى يوق ئىكەن. ئۇلار بېيجىڭدىكى بىر مېھمانخانىنىڭ تانسىخانىسىغا كىرمەكچى بولغاندا مەن ئۇچرىغاندەك ئىشقا يولۇققان. مۇھاپىزەتچى ئۇلارنىڭ پاسپورتىنى كۆرۈپ بىرسىنى كىرگۈزۈپتۇ. يەنە بىرى پاسپورتى بولمىغاچقا كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپتۇ-دە، فرانسىيىنىڭ بىر يەر ئاستى پويىز بېلىتىنى چىقىرىپ تاشلاپ بېرىپتۇ. مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭدىكى چەت ئەل يېزىقىنى كۆرۈپ ئىززەت ھۆرمەت بىلەن ئۇنىمۇ كىرگۈزۈۋېتىپتۇ.

جۇڭگودا نۇرغۇنلىغان ئالىي دەرىجىلىك مەيخانىلار، غەربچە رېستورانلارنىڭ تائاملار تىزىملىكىدە خەنزۇچە يېزىق يوق، ئىنگلىزچە، ياپونچە ياكى فرانسوزچە يېزىقلار بار. مۇلازىملىرى جۇڭگولۇق تۇرۇقلۇق ساپ ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ. بىراق دۇنيادا ھەر قانداق دۆلەت ھامان ئالدى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى، ئاندىن چەت ئەل تىل- يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. بىز دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەردە زىيارەتتە بولغاندا رېستوراننىڭ تائاملار تىزىمى ياكى مۇلازىمەت ئېلانىدا ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، نېمىسچە، ياپونچە يېزىقلارنى ئۇچرىتاتتۇق، خەنزۇچە يېزىقنى كۆرمىدۇق. بۇنىڭ سەۋەبى جۇڭگو نامرات بولغاچقا جۇڭگولۇق مېھمانلار ئەزەلدىن بۇنداق سورۇنلارغا قەدەم تەشرىپ قىلمىغان. شۇڭا مۇلازىمەت ئىشلىرىدا بۇ خىل يېزىقنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان. چەت ئەللىكلەرگە جۇڭگولۇقنى كۆزگە ئىلماسلىق ئادەت بولۇپ كەتكەن، چەت ئەلدە سېتىۋالماقچى بولغان نەرسەڭ قىممەترەك بولسىلا پىركازچىك ساپ ياپون تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئۇ مېنى ياپونلۇق ھېسابلايدۇ. مەن ئۇنىڭغا «مەن جۇڭگولۇق» دېسەڭ ئۇ مېنىڭدىن

* بېشى ئالدىنقىساندا

«خېنىم سىز تەيۋەنلىكمۇ» دەپ ئەدەپ بىلەن سورايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا «بىز بېيجىڭدىن، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن» دېسەڭ ئۇلار ھەيران بولۇپ ھېچنىمە دېيەلمەسلىكى ياكى «چوڭ قۇرۇقلۇق شۇنچە باي بولۇپ كەتتىمۇ؟ بۇنى ھەقىقەتەن خىيالىمىزغا كەلتۈرمەپتۇق» دېيىشى مۇمكىن.

ھازىر جۇڭگو پاسپورتى دۇنيادا ئەڭ ئەسقاتمايدىغان پاسپورتقا ئايلىنىپ قالدى، ئەگەر فرانسىيەدىن گېرمانىيەگە، شۋېتسارىيەگە ياكى باشقا ھەر قانداق دۆلەتكە بارسا جۇڭگو پاسپورتىغا قوشۇمچە قىلىنغان ئىقتىسادىي كاپالەت ۋە تەكلىپنامە بولمىسا بولمايدۇ، شۇ بولغاندىمۇ تېخى ئەستىقلىنىشى ناتايىن، ھالبۇكى، تەيۋەن پاسپورتى (ئۇلارنىڭ پاسپورتىمۇ جۇڭگو پاسپورتى دېيىلىدۇ) بولسا ۋە شياڭگاڭ گۇۋاھنامىسى بولسا ئۇنداق قىلمايدۇ. دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل تاموژنىلىرىدىن ئۆتكەندە سەن جۇڭگو پاسپورتى ئىشلەتسەڭ، ھەتتا چوڭ قۇرۇقلۇقتا تۇغۇلغان دېيىلسىمۇ ئاۋارىچىلىققا قېلىشىڭ، سېنى ھەر نېمەدەپ گالۋاڭ قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا سەن تاموژنىغا قايتىش بېلىتى ياكى باشقا دۆلەتكە بارىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى كۆرسەت، بولمىسا چېگرىدىن كىرىشىڭگە رۇخسەت قىلمايدۇ، سېنىڭ تاموژنىنى ئالدايمەن دېگىنىڭ بىكار، چۈنكى جۇڭگو پاسپورتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېنىق، ئۇنىڭدىكى ئىسىم خەنزۇچە فونېتىكىلىق ئېلىپبە بوغۇمى بىلەن يېزىلغان. بۇ ئېنگلىزچە تىل - يېزىقتىن ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ. بىر قېتىم شياڭگاڭدا تېلېۋىزور كۆرۈپ قالدىم، شۇ چاغدا شياڭگاڭنىڭ بىر كىنوسى بېرىلىۋاتاتتىكەن، ئۇنىڭدىكى مۇنداق بىر ۋەقەلىك ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە: شياڭگاڭلىق بىر قانچە ئادەم پويىزدا كېتىۋاتىدۇ. بىرسى يەرگە تۈكۈرگەندى يەنە بىرسى ئۇنىڭغا «ھەي، نېمە دەپ يەرگە تۈكۈرسەن؟» دېدى ھېلىقى شياڭگاڭلىق. «مەن دائىم مۇشۇنداق قىلىمەن، مەن دېگەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلدىم» دېدى يەنە بىرسى، «چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەنلەر ئۇنداق تۈكۈرمەيدۇ، مانا بۇنداق تۈكۈرىدۇ» دېدى ۋە يەرگە تۈكۈرۈپ ئۇنى پۇتىدا سۈرتۈپ باشقىلارغا كۆرسەتتى، ئۈچىنچىسى «سىلەرنىڭكى توغرا بولمىدى، مانا بۇنداق» دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ ۋە «خىق» قىلىپ دېرىزىدىن سىرتقا تۈكۈردى.

چەت ئەلدە، بارلىق جۇڭگولۇقلار تۇرمۇش ئەنجاملىرى ئۈچۈن ئۆياق - بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ جاپا تارتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ مۇھىمى تۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن كۆپرەك چاپىدۇ. فرانسىيە يەر مەيدانى ئاز كۆچمەنسىز دۆلەت، ئۇلار جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكىلەرگە ۋىزا بېرىشتە ئالاھىدە قاتتىق تۇرىدۇ، شياڭگاڭلىقلار، تەيۋەنلىكلەر بولسا ئاساسىي جەھەتتىن ئەركىن كېلىپ كېتىپ تۇرىدۇ، لېكىن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن بارغانلارنىڭ 99% تى قايتىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار فرانسىيەدە تۇرۇپ قېلىش ياكى فرانسىيە پاسپورتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قاتتىق باش قاتۇرىدۇ، چوڭ قۇرۇقلۇقتىن چەت ئەلگە چىقىشقا شارائىتى يار بېرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە سالاھىيىتى، مەرتىۋىسى، ئاز تولا پۇلى ھېچبولمىغاندا ئىقتىدارى بار كىشىلەر، بىراق ئۇلار چەت ئەلدە بالا باققۇچى، ھاجەتخانا تازىلىغۇچى بولىدۇ، قاچا - قۇچا، چىنە-تەخسىلەرنى يۇيىدۇ، ئىشقىلىپ ھەممە ئىشنى قىلىدۇ. مەن دائىم فرانسىيىلىك دوستلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بالا باققۇچى ياكى ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار مەن تونۇيدىغان ئارتىس ياكى ئاتاغلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈمەن، بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىچىم سېرىلىدۇ، بىر قېتىم فرانسىيەدە تاكسىغا چۈشتۈم. شوپۇرى بىر نىگىر ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇق بىر نەپەر ئايال ئارتىس بىلەن بىر ئۆيدە بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھالبۇكى ئۆزىنىڭ خانىمى، بالىسى بارلىقىنى ماڭا دەپ بەردى، ئۇ يەنە ھېلىقى ئايال ئارتىسنىڭ «سەن جۇڭگولۇقلارنى كۆرسەڭ مېنىڭ ئىسمىمنى دېمىگىن» دەپ قايتا - قايتا تاپىلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇنىڭغائىچ ئاغرىتىپ شۇنداق قىلغانلىقىنىمۇ دېدى. ئەسلىدە فرانسىيىلىكلەر جۇڭگولۇقلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ (ياخشى كۆرىدىغىنى ئەلۋەتتە چوڭ قۇرۇقلۇقتىكىلەر، ئۇلارنىڭ تەيۋەن، شياڭگاڭ دېگەنلىرى ھەرگىز جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ) ئۇلار ئامېرىكىلىقلارنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارنى بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەر، تارىخىي بەك قىسقا، مەدەنىيىتى يوق دەپ ھېسابلايدۇ، جۇڭگونى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك چوڭ دۆلەت، تارىخى ئۇزۇن، نۇرغۇن ئەنئەنىسى بار دەپ قارايدۇ. بىراق جۇڭگولۇقلار چەت ئەلدە خورلىنىدۇ، ھەتتا مەملىكەت ئىچىدىمۇ خورلۇق تارتىدۇ، بوزەك قىلىنىدۇ. خېلى كۆپ چەت ئەللىك دوستلار مۇنداق دەيدۇ «بىز چەت ئەلدە ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، جۇڭگوغا كەلدۇق، جۇڭگودىن چىرايلىق خانىملارنى تاپقىلى بولىدىكەن» دېمىسىمۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق، شياڭگاڭلىق، تەيۋەنلىك، چەت ئەللىكلەر مەيلى ھەر قانچە كۆرۈمسىز، مەدەنىيەتسىز بولسۇن، تىل ئۇقۇشمىسىمۇ ئۆيلىنەلمىگەنلىرى جۇڭگوغا كەلسىلا ئەڭ چىرايلىق قىزلارنى تاللاپ ئەمرىگە ئالالايدۇ. قىزلار سۆلەتۋازلىق قىلىپ ئۆز ئايىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئۇلارنىڭ چەت ئەل پاسپورتى، سالاھىيىتى ياكى ئازراق پۇلى بولسىلا كۇپايە. مەن

شياڭگاڭدىن ياكى چەت ئەلدىن جۇڭگوغا تېلېفون بەرسەم، تېلېفون بىۋاسىتە ئۇلىنىدىغان بولغاچقا، مەملىكەت ئىچىدە تېلېفون ئالىدىغان كىشى كۆپ ھاللاردا سەۋرچانلىق قىلمايدۇ، ئۇ يا ئۆزىنىڭ ئادەم ئىزدەپ چىقىپ كەتكىنىنى دەپ قويمايدۇ يا ئادەمنى تېپىپ بەرمەيدۇ، تېلېفون تىرۇبكىسىنى تاشلاپ بىر ھازاغىچە يوقاپ كېتىدۇ، ئەگەر مەن تېلېفوننى ئېلىپلا ئالدى بىلەن مەن فرانسىيە ياكى شياڭگاڭ دېسەڭ پوزىتسىيىسى نەچچە ئون ھەتتە يۈز ھەسسىلەپ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، مەقسىتىمۇ ئىشقا ئاشىدۇ. سېنىڭ ئورتاق تىل بىلەن قىلغان گەپلىرىڭ قۇلاشماي قالسا ياكى ئالدىدا بىر نەچچە ئېغىز چەت ئەل تىلىدا سۆزلىسەڭ نەتىجىسى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

چەت ئەللىك، شياڭگاڭلىق، تەيۋەنلىكلەرنىڭ بىزنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىدىن ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ، چۈنكى بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كۆزگە ئىلمايمىز، يېقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە جۇڭگو كىنولىرى خەلقئارا كىنو بايرىمىدا ئارقا ـ ئارقىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، دۇنيانىڭ ۋە پۈتۈن ئاسىيانىڭ نەزىرىنى تارتتى. ياپونىيە ئىلگىرى ئاسىيادا كىنو ئىشلەش بويىچە چوڭ دۆلەت ھېسابلىناتتى، ئەمدى ئورنىنى بىزگە ئۆتۈنۈپ بەردى، جۇڭگونىڭ سۈپىتى ياخشى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىنولىرى سان جەھەتتىن ياپونىيە، شياڭگاڭنىڭكىدىن ئاز، ئەمما، جۇڭگو ئارتىسلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئاسىيادىلا ئەمەس دۇنيادىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، جۇڭگونىڭ كىنوچىلىق ساھەسىدە ئىقتىساسلىقلار كۆپ بولسىمۇ لېكىن كىنوچىلىققا دائىر ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ كۆرسەك مەلۇم بولىدۇ، ژۇرنالغا بېسىلغان سۈرەتنىڭ 70ـ80 پىرسەنتى شياڭگاڭ، تەيۋەننىڭ كىنو چولپانلىرىنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى چولپان دېگۈچىلىكى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۈرىتىنى شياڭگاڭ، تەيۋەندە پۇل خەجلەپمۇ باستۇرالمايدۇ، بىزنىڭ ژۇرناللىرىمىزدا ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى مۇقاۋىلارغا بېسىلىپ كېتىدۇ، چوڭ قۇرۇقلۇق كىنوچولپانلىرىنىڭ سۈرىتى بولسا ئىنتايىن ئاز بېسىلىدۇ، كۆزگە چېلىقىدىغىنى مەن بىلەن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭلا سۈرىتى. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقتا كۆپ تەربىيە كۆرگەن ساپاسى يۇقىرى ئارتىس رېژىسسورلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ تەشۋىق قىلىنمايدۇ، مەملىكەت ئىچىدە تونۇشتۇرۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ چەت ئەلدە تەسىرى يوق، بىزنىڭ ھەۋەسىمىز شياڭگاڭ، تەيۋەنلىكلەرنىڭ ھەۋەسىگە باغلىق بولۇپ قالسا، بۇ تولىمۇ غەلىتە ئىش بولمايدۇ؟

سودا ئىشلىرىدا، ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنچىكە قىزىقارلىق مەسىلە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئادەتتىكى تاۋارلار «ئېكسپورت قىلىنىشتىن ئىچكى بازارغا سېتىشقا ئۆزگەرتىلدى» دېگەن بەلگە بېسىلسىلا قىممىتى ئېشىپ كېتىدۇ، مەملىكەت ئىچىدە ھېچبىر تۆھپىسى يوق بىر كالۋا چەت ئەلگە چىقىپ كەلسىلا، ئۇ چەت ئەلدە ھاجەتخانا تازىلىغان، يۇندىپۇرۇشلۇق قىلغان، تام ئاقارتقان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۆي ـ ئۆيلەرگە چاقىرىلىپ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنىدۇ. بەزىلىرى چەت ئەلگە چىقىپ بىر يىل بولا ـ بولمايلا ئاتپوسكىغا كەلسە ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىمەس بولۇۋالىدۇ. سۆزلىسىمۇ چەت ئەل تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ، مېنىڭ بىر دوستۇم فرانسىيىگە چىقىپ كەتكەندى، ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا چوكا تۇتالماس بوپقاپتۇ، غىزالىنىۋاتقاندا قولىدىكى چوكىنى قەستەن ئۈچ قېتىم چۈشۈرۈۋەتتى! چەت ئەلگە چىققانلار ئانا يۇرتىنى سېغىنىپ ياكى چەت ئەلنى ياقتۇرماي ۋەتەنگە قايتىپ كەلسە خەقلەر ئۇنى يارىماس نېمىكەن، چەت ئەلدە كۈننى ئالالماي قايتىپ كەپتۇ، دېيىشىپ يۇرتىدىكى پېشقەدەملەر بىلەن كۆرۈشىدىغان يۈزىنى قويماي يەنە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا باشقا ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، ماكانسىز قىلىپ، يا چەت ئەلدە تۇرالماي، يا يۇرتىغا قايتىپ كېلەلمەي رەسمىي مۇساپىرغا ئايلىنىدۇ.

جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر نەزىرىدە، چەت ئەل ياخشى، چەت ئەللىك ياخشى، چەت ئەل ماللىرى ياخشى، چەت ئەل پۇلىنىڭ كۇرسىمۇ جۇڭگونىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئايروپىلان ياكى پويىز بېلىتى ئالماقچى بولساڭ ساڭا «بېلەت يوق» دېگەن بولسا چەت ئەل پۇلىنى چىقارساڭلا بار بولىدۇ، بازارلاردا ھەر قانداق چەت ئەل پۇلىنىڭ خەلق پۇلى بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىشىدە ئەزەلدىن ئاشكارا نەرخى بولغان ئەمەس، ئەگەر سەن چەت ئەل پۇلىغا دوستۇڭ ئۈچۈن سوۋغا سېتىۋالساڭ ساتقۇچى ئۇنىڭ نەرخىنى خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلايدۇ. بۇ چەت پۇلىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتكىنىڭ بولماي نېمە؟ تاكسىغا ئولتۇرساڭمۇ چەت ئەل پۇلىنىڭ قىممىتى خەلق پۇلىغا قارىغاندا ئۈستۈن تۇرىدۇ، شىنجېن ـ گۇاڭجۇلاردا تېخىمۇ شۇنداق، بىر قېتىم مەن شىنجېندىن تاكسىغا ئولتۇرۇپ شېكوغا بارغان ئىدىم، يېتىپ بارغاندىن كېيىن شوپۇرغا خەلق پۇلى بەرسەم دەرۋەقە ئاچچىقى كېلىپ، پۇلنى يىرتىپ تاكسىنىڭ دېرىزىسىدىن تاشلىۋەتتى، بەزى شوپۇرلار ئورتاق تىلدىكى گېپىڭنى ئاڭلاپ قالسا چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، يا ئالماي قويىدۇ، يا بولمىسا باھانى ئۆرلىتىۋالىدۇ، شياڭگاڭدا شۇلار قويغان باھادا پۇل بەرسەڭ سېنى تاكسىغا سېلىپ نۇرغۇن يەرنى ئايلاندۇرۇپ

ئەكىلىدۇ. كىنوغا ئالغاندا، خۇسۇسەن بىرلىشىپ كىنوغا ئالغاندا تېخىمۇ شۇنداق، چوڭ قۇرۇقلۇق ئارتىسلىرى بىلەن چەت ئەل ئارتىسلىرىنىڭ باھاسى ئوخشىمايدۇ. «يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى»، «پەردە ئارقىسىدىكى خانىش» فىلىملىرىنى سۈرەتكە ئالغاندا مەن بىلەن ھەمكارلاشقان لىياڭ جىياخۇي تۇنجى قېتىم ئېكرانغا چىققان، تېخى نامى چىقمىغان ئارتىس بولسىمۇ ئۇ ئالىدىغان ھەق يۇقىرى ئىدى، ماڭا بىر تىيىنمۇ فىلىم ھەققى يوق ئىدى، شۇ چاغدا بىز غەربىي باغچا رېستورانىغا چۈشتۇق، مېنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىم ئەللىك يۈەن بولۇپ قوشۇمچە ياردەم پۇلۇمۇ يوق ئىدى، رېستوراننىڭ تاماق پۇلى يۇقىرى بولغاچقا چېنىي بىلەن ئىككىمىز يوقسىزلىقنىڭ دەردىدىن تاماقنىمۇ يېيەلمەيتتۇق، دائىم ناشتا قىلمايتتۇق، ھالبۇكى لىياڭ جىياخۇي ۋە شياڭگاڭلىق خىزمەتچىلەرگە كۈنلۈك تاماق بېلىتى تارقىتىلاتتى. ئۇلاردا تاماق بېلىتى كۆپ بولغاچقا ئىشلىتىپ بولالمايتتى. لىياڭ جىياخۇي ھېمىشە ئېشىپ قالغان تاماق بېلىتىنى تەرەت قاچىسىغا تاشلىۋېتەتتى، چېنىي بىلەن ئىككىمىز ئۇنى كۆرسەك ئېلىۋالاتتۇق ياكى بولمىسا ئۇنىڭدىن تاماق بېلىتى ئېلىۋالاتتۇق، سۈرەتكە ئېلىش مەيدانىدا بىز چوڭ قۇرۇقلۇق ئارتىسلىرى بىلەن خىزمەتچىلەرگە ھەر ۋاقىتلىقىمىز ئۈچۈن ئىچكە ئىككى موما، بىر تال كولباسا، قاپقارا تۇزلانغان سەي سېلىنغان بىردىن مولياۋ خالتا بېرەتتى، ھالبۇكى شياڭگاڭلىق خىزمەتچىلەرگە بولسا بېلىق گۆشلۈك قورۇما ۋە گاڭفەن ئېتىپ ھارۋىدا ئېپكېلەتتى. ئۇلار نېمىنى يېمە شۇ بار ئىدى، ئىككى مىنۇتنىڭ ئالدىدا بىرلىكتە ئويۇن كۆرسەتكەن، يەنە كېلىپ بىز چوڭ قۇرۇقلۇق ئارتىسلىرى باش رولدا، خىزمەتچىلىرى ئاساسىي كۈچ بولغان بولسىمۇ بىردەمدىلا ئاسمان زېمىن پەرقلىنىپ قالاتتۇق. مەن سىچۈەنلىك بولغاچقا موما يېيىشكە ئادەتلەنمەپتىكەنمەن، سۈرەتكە ئېلىش مەيدانىدا ھېمىشە قورسىقىم ئېچىپ باشلىرىم قېيىپ كېتەتتى، بىر كۈنى قورسىقىم بەك ئېچىپ كېتىپ زادىلا بولالمىدىم، لى رېژىسسور ئەھۋالنى كۆرۈپ بۇرۇنراق يىغىشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنى تاماق يېيىشكە بۇيرىدى. بىزگە يەنىلا شۇ موما، كولباسا، تۇزلىغان سەي تارقىتىلدى. مېنىڭ بۇنى زادىلا يېگۈم كەلمىدى، قارىسام شياڭگاڭلىق خىزمەتچىلەرگە ھارۋىدا گاڭفەن ئەكىلىپتۇ، بېرىپ ئۇلارنىڭ تامىقىدىن بېرىشنى ئۆتۈندۈق، ماڭا بىر قاچا گاڭفەن بەرگەن بولسىمۇ گۆشلۈك قورۇمىنى بەرمىدى. بۇ ماڭا ھار كېلىپ، چاناقلىرىمدا ياش ئەگىدى، شياڭگاڭلىق چىراغچى ۋە ياردەمچىلەر ھەدەپ ماڭا بولۇشۇپ بەردى بىراق مەن تېخىمۇ ئىزا تارتىپ، قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى - دە قولۇمدىكى قاچىنى چۆرۈپ تاشلاپ بىر چەتكە چىقىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم، ھەممەيلەن مېنى بەزلەيتتى، فىلىم مۇدىرى مېنىڭدىن «قانداق تاماق يەيسىز؟» دەپ سورىدى. مەن «گاڭفەن، گۆشلۈك قورۇما» دېۋىدىم. ئۇ ماڭا ئەكىلىپ بەرمەكچى بولدى. بىراق مەن «يالغۇز مەنلا ئەمەس چوڭ قۇرۇقلۇق خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى يېيىشى كېرەك» دېدىم، ئاخىرىدا مەن موما، كولباسا، تۇزلىغان سەي يېيىشتىن قۇتۇلدۇم، لېكىن باشقىلار قۇتۇلمىدى.

«يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى»، «پەردە ئارقىسىدىكى خانىش» فىلىملىرىنى سۈرەتكە ئالغاندا ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى. چىراغچىلاردىن بىر نەچچىسى ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ ئاغرىپ قالدى. چىراغچىلار تومۇز ئىسسىقتا داغ سۇ ئېچىپ، كۆڭلى ئېلىشىدىغان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قايناق سۇ چېلەكىگە ئازراق چاي سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ چاي پۇلىنى ئاتچوت قىلىدىغان يەر بولمىغاچقا بىر ھەپتىگىچە سالىدىغان چاي ھەل قىلىنمىدى، كېيىن فىلىم مۇدىرى بىلەن چىراغچىلار جېدەللىشىپ قالدى، ئىككى تەرەپنىڭ جېدىلى بارغانسېرى چىڭىغا چىقتى، چىراغ گۇرۇپپىسىدىكىلەر «سالىدىغان چاي ھەل بولمىسا ئىشلىمەيمىز!» دېدى، فىلىم مۇدىرى ئاچچىقلاپ «ئىشلىمىسەڭلار مەرھەمەت» دېدى، كۈتۈلمىگەندە چىراغ گۇرۇپپىسىدىكىلەر 20 مىنۇت ئىچىدە بارلىق ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇق يىغىشتۇرۇپ بولدى. كۆپچىلىك بۇ ئىشتىن ھاڭ - تاڭ قېلىشتى، لى خەنشياڭ كۆپچىلىكنى يىغىپ خان ساراي مەركىزىنىڭ سىرتىدا ئىككى سائەت يىغىن ئاچقاندىن كېيىن سالىدىغان چاينى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ھەل قىلدى، رېژىسسور لى خەنشياڭنى قاتتىق ئويغا سالغىنى سالىدىغان چاي ئۈچۈن كۈنىگە بىر نەچچە يۈەن پۇل خەجلىنىدۇ، خان سارىيى ئىجارىسى ئۈچۈن كۈنىگە نەچچە مىڭ يۈەن چىقىم بولىدۇ، نېمە ئۈچۈن بىر نەچچە يۈەننى دەپ سۈرەتكە ئېلىشنى توختىتىپ نەچچە مىڭ يۈەننى ئىسراپ قىلىدىغاندۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مەن ئۇنىڭغا «رېژىسسور لى خەنشياڭ، بۇنى چۈشەنمەيسىز، چاي دېگەن پاراۋانلىققا ياتىدۇ، بىر نەچچە فۇڭ بولسىمۇ ئاتچوت قىلىدىغان ئورۇن يوق. خان سارىيى ئىجارىسىنى ھۆكۈمەت بېرىدۇ، كۈنىگە نەچچە ئون مىڭ يۈەن كەتسىمۇ ھېسابقا تارتقىلى بولىدۇ، بۇ ئىشنى سىلەر كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكىلەر چۈشەنمەيسىلەر» دېدىم.

ھەممىگە ئايان، مەن «يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى»، «پەردە ئارقىسىدىكى خانىش» ناملىق ئىككى فىلىمدە مۇتلەق باش رول ئالغاندىم، بۇ ئىككى فىلىم مەملىكىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە بىر مەزگىل زىلزىلە پەيدا قىلدى، تاھازىرغىچە، مېنىڭ ھەق ئالمايمەن دېگەن گېپىمگە شياڭگاڭلىقلارمۇ ئىشەنمىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە گۇرۇپپىمىزدا شياڭگاڭدىن كەلگەن بىر ئارتىس بار بولۇپ، ئۇ بىز سۈرەتكە ئېلىۋاتقان فىلىمدە ئازغىنە قوشۇمچە رولغا چىققانىدى، بىر كۈنى ئۇ مېنىڭدىن «بۇ فىلىمنى ئېلىشتا سىز قانچىلىك پۇل ئالىسىز؟» دەپ سورىدى. مەن «پۇل ئالمايمەن» دېدىم، ئۇ ئىشەنمەي كۆزلىرىنى چۆچەكتەك قىلىپ مېنىڭدىن

«شۇ قەدەر داڭلىق چولپان تورۇقلۇق پۇل ئالامسىز؟» دەپ سورىدى. مەن «بۇنىڭ پۇلىسى يوق» دېدىم. ئۇ بېشىنى چايقاپ خورسىندى. مەن ئۇنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىگىنىگىمۇ ياكى ماڭا ئىچ ئاغرىتقىنىنىمۇ بىلەلمەي قالدىم.

كېيىنچە، چېينىي چەت ئەلگە چىقماقچى بوپتۇ، مەن ئۇنىڭ ئامېرىكىغا بارماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ، قاپقاراڭغۇ كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم، مەن ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە يەر شارائىتى بىلەن تونۇشمايدىغان يۇرتقا بارماستىن، كىنوغا ئېلىشتا بىز بىلەن بىللە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭغا گاللىرىم قۇرۇپ كەتكىچە نەسىھەت قىلسام ئۇ نەسىھەتىمنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى، گېپىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مېنىڭدىن «مېنىڭ تۇرىدىغان ئۆيۈم يوق، ئايلىق مائاشىم ئاران 47 كوي، سىز مېنى نېمە قىل دەيسىز؟ ماڭا بۇلارنى ھەل قىلىپ بېرەلەمسىز» دېدى، ئۇنىڭ بۇ بىر ئېغىز گېپى مېنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى.

1983- يىلى، مەن ئامېرىكىدا شەخسىي كىنو كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدۈم، بۇ چوڭ قورۇقلۇق ئارتىسلىرىنىڭ ئامېرىكىدا ئۆتكۈزگەن تۇنجى قېتىملىق كىنو كۆرگەزمىسى بولغانلىقتىن، بۇنىڭغا ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ئالاھىدە دىققەت قىلدى. مەن كىنو كۆرگەزمىسى ئاچقاندىن سىرت يەنە تەكلىپكە بىنائەن «لىيۇشاۋچىڭ كېچىلىكى» دېگەن بىر مەيدان شەخسىي ئويۇن قويدۇم، بۇ ئويۇن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، تاماشىبىنلار باس - باس بولۇپ كەتتى، مەن چاڭ، پىئانىنو قاتارلىق بىر قانچە خىل سازنى يالغۇز چالدىم، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئوينىدىم، جۇڭگو ناخشىسى ۋە ئەيۋەننىڭ كەڭ تارقالغان ئىككى ناخشىسىنى ئېيتتىم، مېنىڭ ھەر تەرەپلىمە ماھارىتىم ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنى ھەيران قالدۇردى، چۈنكى ئۇلار كىنو ئارتىسلىرىنىڭ بۇنداق ھەر تەرەپلىمە ماھارەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. مۇخبىرلار ئارقا - ئارقىدىن «سىز قانداق قىلىپ مۇشۇنداق تالانتلىق بولۇپ يېتىلدىڭىز؟ سىز چوڭ قورۇقلۇقتا ئالاھىدە يورەمسىز؟ باشقا ئارتىسلار سىزدىن كېيىن تورامدۇ قانداق» دەپ سورىدى، ئۇلار تېنچلانغاندىن كېيىن، مەن ئۇلارغا: «ماڭا ئوخشاش ئارتىسلار جۇڭگودا ئىنتايىن ئىنتايىن تولا، ھەممىلا يەردە بار، مەن شاللىنىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، سىلەرچە جۇڭگو چوڭ قورۇقلۇقنىڭ يەر مەيدانى كەڭ، 1 مىليارد 100 مىليون خەلقنىڭ ئارىسىدا ئەقىللىق تالانتلىقلار بولمىسا بولامتى؟!» دېدىم.

بىز فرانسىيەدە نانت كىنو بايرىمىغا قاتناشتۇق. جۇڭگوكىنو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئوت كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەن ئۆمەك باشلىقى ئىدىم. ئەڭ ئاخىرىدا مۇكاپات تارقىتىلىدىغان كۈنى ئىككىيلەن ۋەتەنگە قايتتى. يۇخۇڭ بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. جۇڭگونىڭ «كۆلپەتلىك مۇھەببەت» ناملىق كىنوسى بۇ نۆۋەتلىك كىنو بايرىمىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، ئەڭ ياخشى مۇزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، مۇكاپات تارقىتىش يىغىنى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى بىز جۇڭگو كىنو مۇكاپاتىنى فرانسىيەدىكى بىر نەپەر چوڭ قورۇقلۇقتىن كەلگەن ئوقۇغۇچى تارقىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ فرانسىيىلىك بىركىنو ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن مەلۇم خىلدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن، شۇكىشى كىنو بايرىمىغا پۇل ئىئانە قىلىپ ئۇنى جۇڭگو مۇكاپاتىنى تارقىتىشقا كۆرسەتكەنلىكىنى ئۇقتۇق، مەن كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن كىنو بايرىمى ئىشلىرىنىڭ رەئىسى بىلەن سۆزلىشىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆز «مۇناسىۋىتى» دىن پايدىلىنىپ جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىگە مۇكاپات تارقىتىشىغا قوشۇلمىدىم ھەمدە «سىلەرنىڭ ئۇ ئادىمىڭلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدە «مۇناسىۋىتى» بولغانلىقى ئۈچۈنلا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىگە مۇكاپات تارقاتسا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش جۇڭگو كىنولىرىغا تازىمۇ ھۆرمەت قىلمىغانلىق، ئەگەر تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىساڭلار، ئۆمىكىمىز مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ» دېدىم، رەئىس مۇنداق دېدى: «ئۇنداق بولسا مەيلى، ئۇ جۇڭگوغا ئەمەس 3- دۇنيادىكى باشقا دۆلەتكە مۇكاپات تارقاتسۇن»، مەن «ئۇنداق قىلسىمۇ بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ 3- دۇنيا ئەللىرىنىڭ كىنو مۇكاپاتىنى تارقاتسا مەن ئۆمەك باشلىقى سۈپىتىدە مەيداندىن چىقىپ كېتىمەن» كىنو بايرىمى ئىشلىرىنىڭ رەئىسى خېلى ئۇزاق ئويلىنىپ، پۇل بىلەن جۇڭگونى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن ئاخىرىدا نانت كىنو بايرىمىدا جۇڭگو بولمىسا بولمايدۇ دەپ قارىدى، شۇڭا يىغىن ۋاقتىدا باشلانمىدى، ئارىدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ھېلىقى كىشى بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئادىمى «قاتتىق غەزەپلىنىپ» مەيداندىن چىقىپ كېتىشتى. مەن ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدىم، چۈنكى ھېلىقى قىز ئوقۇغۇچىنى تونۇمساممۇ، فىلىم ئىشلىگۈچى ھېلىقى كىشى بىلەن تونۇش ئىدىم. ناۋادا شەخسىي نامىم بىلەن كەلگەن بولسامغۇ مەيلى ئىدى، تەلەپمۇ قويمىغان بولاتتىم، بىراق شۇچاغدا مەن جۇڭگوغا ۋەكىل بولۇپ كەلدىم. شۇڭا سۆيۈملۈك ۋەتىنىمگە داغ كەلتۈرسەم بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ھەر قانداق كىشىنىڭ جۇڭگوغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشىغا، باشقىلارنىڭ جۇڭگوغا ئۆز مەيلىچە مۇئامىلە قىلىشىغا يول قويمايمەن.

بىر قېتىم شياڭگاڭدا دوستلىرىم بىلەن نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى باردىم، مۇلازىمەتچى خېنىم گۇاڭدۇڭ شېۋىسىدە بىر ئېغىز گەپ قىلىۋىدى چۈشەنەلمەي «نېمە دېدىڭىز» دەپ سورىدىم. ھېلىقى خېنىم چاقچاق قىلىپ «سىز گۇاڭدۇڭ شېۋىسىنى ئوبدان ئۆگىنىشىڭلار» دېدى. مەن شۇ ھامان ئاچچىقلىنىپ، گەپ ياندۇردۇم «1997- يىلى كېلىدىغانغا ئاز قالدى. بېيجىڭ تەلەپپۇزىنى ئوبدانراق ئۆگىنىپ قويۇڭ» ئەمەلىيەتتە مېنىڭ «نارازىلىق پادىشاھى» ئىكەنلىكىمنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. ھېلىقى شياڭگاڭلىق خانىم ئۇنچە تەكەببۇر بولمىغان، كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى شياڭگاڭلىق مۇخبىر دەپ جاكارلىمىغان بولسا بۇ ئىشلار ئېھتىمال يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ناۋادا ھېلىقى مۇخبىر ئۇ خانىمغا ئۇنچە خۇشامەتكۆيلۈق قىلىپ كەتمىگەن، تېز پۈكمىگەن، ئۇنىڭ بىز جوڭ قورۇقلۇق

كىشىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ياردەم قىلمىغان بولسا مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئۇنتالغۇ لېنتىسىنى تارتىۋالمىغان بولاتتىم. ئەمما شۇ تاپتا قەلبىم ئۆچمەنلىك ۋە پۇشايمان بىلەن تولغان. مەن ئەنە شۇنداق چەت ئەل قوللىرىغا ئۆچ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېرقىنى، چېچىنى، ئاتا - بوۋىسىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئوغرىنى ئاتا قىلىپ، ئۆزىنى چەت ئەللىك دەپ ھېسابلايدۇ، مەن چەت ئەلگە خۇشامەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئەنە شۇنداق چۈپۇرەندىلەرگە ئۆچ، دەل شۇلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا، جۇڭگو تېخىمۇ كېيىن قالدى، تېخىمۇ نامرات بولۇپ قالدى، چەت ئەللىكلەر بىزنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ، مەن ئەپسۇسلانمەن، پۇشايمان قىلىمەن، مەن ئۇلارنى راسا تىللاپ، بىرەر قېتىم ئەدەپلەپ قويمىغىنىمغا، ئۇلارنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىپ، شۇ قېتىمقى قانلىق ساۋاقنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدىغان، شۇنىڭدىن كېيىن سەممىي جۇڭگولۇق بولۇش يولىغا قاراپ ماڭىدىغان قىلىپ قويمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىمەن. مەن شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇلارنى راسا كېلىشتۈرۈپ تىللايدىغان ئېسىل سۆزلەرنى ۋە ئۇلارنى جازالايدىغان ھەر خىل چارىلەرنى ئويلاپ چىقمىغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن، مەسىلەن، مەن ئۇلارغا دەلمۇ - دەل تاقابىل تۇرماي، خۇددى لۇشۈن ئېيتقاندەك «ئەڭ زور كەمسىتىش زۇۋان سۈرمەسلىك، ھەتتا قاراپمۇ قويماسلىق» پوزىتسىيىسى تۇتۇپ، ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىغان بولسام بوپتىكەن، بىراق مەن شۇ چاغدا قاتتىق غەزەپلەنگىنىم ئۈچۈن ئۇنداق قىلالماپتىمەن. ئەمدى ماڭا ئۆچ ئېلىش پۇرسىتى ئىككىنچى كەلمەيدۇ. مەن ھېلىقى خۇشامەتكوي مۇخبىرنىڭ سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقۇمنىڭ بولمىغانلىقىدىن تېخىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن!

مەن ئىختىيارسىز ياپونىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان مەزگىلدىكى بىر قېتىملىق زور قىرغىنچىلىقنى ئەسكە ئالدىم. بىر نەچچە يۈز ياپونىيە ئەسكىرى سان - ساناقسىز جۇڭگولۇقلارنى ئۆزۈن سەپكە تىزىپ ئۇنىڭ كىشىلىك ئازگالىنىڭ ئالدىغا يالاپ ئەكىلىدۇ، ئۇلارنى ياپونلار ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرمەي ئىككىنچى رەتكە تىزىلغان جۇڭگولۇققا بىر تالدىن قىلىچ بېرىپ، بىرىنچى رەتتىكى جۇڭگولۇقنىڭ بېشىنى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئارقىدىن ئىككىنچى كىشى قىلىچنى ئۈچىنچى كىشىگە بېرىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، شەخسىي مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان ھەر بىر جۇڭگولۇق ئەلىيەدىن كۆرۈش روھىي ھالىتى بىلەن ياپونلارنىڭ ئالدىدا تىرىشىپ ئۆزىنى كۆرسەتكەچى بولىدۇ، ئۇلار قۇربىنىڭ يېتىشىچە ھەرىكەت قىلىپ ئالدىكى بىر جۇڭگولۇقنىڭ بېشىنى ئېلىپ قىلىچنى ئارقىسىدىكى جۇڭگولۇققا بېرىدۇ، ئارقىسىدىكى جۇڭگولۇق ئالدىدىكى قىلغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ بېشىنىمۇ تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ، مانا شۇنداق بىرىنى بىرسى ئۆلتۈرۈپ، تۇمەنلىگەن جۇڭگولۇق ئۆز قېرىنداشنى ئۆز - ئارا قىرغىن قىلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈش كىشىنى نەقەدەر چۆچۈتىدۇ، ھە؟! بۇ، نەقەدەر ئاز ئۇچرايدىغان بىردەك ئىتتىپاقلىشىش؟! تۇمەنلىگەن جۇڭگولۇق ئۆلۈم ئالدىدا تۇرسىمۇ دەرۋەقە ئارىسىدىن قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بىرەر كىشى چىقمىغان! ئەگەر ئۇلار ياپونىيە ئەسكەرلىرىگە ئېتىلغان بولسىچۇ؟ ئەگەر ئۇلار ياپونلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىچۇ؟ ئۇنداقتا ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ بۇ تارىخنى كېيىن قايتىدىن قانداق يازغۇلۇق؟

ھەي، ئاشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە مەن توغرىلىق تۈرغۇزۇلغان باج دېلوسى، نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلوسى، ئابروي ھوقۇقى دېلوسى سەۋەبىدىن ھېلىقى رادىئو ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىۋەتمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇ باشقىلارنىڭ مېنىڭ سۆزلەش ھوقۇقۇمنى ئېلىپ تاشلىشىغا ياردەم قىلدى. گېزىتخانا، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان بىر مۇنچە دوستلىرىم، خۇسۇسەن مۇخبىرلار ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمىغاچقا، ئۇلاردا ناھايىتى يامان تەسىرات قالدۇردۇم. مەن ئۆزۈمنى قانچە قىلغىنىم بىلەنمۇ ئاقلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ كەچۈرۈشىگە ئېرىشەلمىدىم. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭدە كۈچلۈك قارشى روھىي ھالەت پەيدا بولدى. ۋۇجۇدۇمدىكى سىنئالغۇ ئاپپاراتى، فوتو ئاپپارات، سۈرەت ئېلىش ئاپپاراتى، ھەر خىل ھەر رەڭدىكى ئاپپاراتلارغا بولغان شەرتلىك رېفلېكس مەيلى ھەر قانچە مۇھىم سورۇن بولۇپ كەتسۇن، يېنىمدا ھەر قانچە مۇھىم دوستلىرىم بولۇپ كەتسۇن، فوتو ئاپپارات ماڭا توغرىلانغان ھامان مېنى «ياق» دەپ توۋلاپ كېتىدىغان ئەسەبىي مىجەز قىلىپ قويدى. بىر قانچە دەۋانىڭ ئازابلىشى نەتىجىسىدە، ساقچى فورمىسى كىيگەنلەرنى ياكى ھۆججەت سومكىسى كۆتۈرۈۋالغان ئەپەندى، خانىملارنى كۆرگەندە، ئىختىيارسىز بەرگەكتەك تىترەپ قورقۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر كۈنى گويا جەڭگە ھازىرلانغان كىرپىدەك، ھەر ۋاقىت «چىشلىرىمنى بىلەپ تۇرىمەن»، مۇخبىرنى كۆرسەملا جېدەللەشكۈم، ئۇرۇشقۇم كېلىدۇ. بۇنداق يامان مۇپەتلىك ئايلىنىش چەمبىرى بارغانسېرى يوغىناپ بارغانسېرى كېڭىيىپ كەتتى، ئۇلار ئاشۇ بىر نەچچە يىلدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋە چاتاقلار بىلەن قوشۇلۇپ، ھاياتلىق تارىخىمدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك، قىيىنچىلىق ئەڭ ئېغىر بولغان مەزگىلنى شەكىللەندۈردى.

جۇڭگو ئەمەلىيەتتە بارغانسېرى باي بولۇش، قۇدرەت تېپىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە، بۇ قېتىم بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قارا كۆزئەينەك تاقاپ، قالپىقىمنى كىيىپ كۆكتات سېتىۋالغىلى باردىم. ماگىزىندا ھەر خىل ماللار تولۇپ يېتىپتۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى، بولغارىيە، رۇسىيە خىيالىمغا كەلدى، ئۇلارنىڭ تەمىنلەش ئىشلىرىنى جۇڭگونىڭ تەمىنلەش ئىشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا مۇتلەق بولمايدۇ، فرانسىيىدە بولغان تەقدىردىمۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى بىر قەدەر يۇقىرى، ئادەتتىكى فرانسىيىلىكنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 7000 مىڭ فرانكتەك ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئۇلار ئۆي ئىجارىسى

ئۈچۈن 5.4 مىڭ فىرانىك خەجلەيدۇ، قولىدا ھېچقانچە پۇل قالمايدۇ. فرانسىيىلىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەممىدىن تەسكە چۈشىدىغىنى ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسى، بەزى فرانسىيىلىكلەر ئۆمۈر بويى ئىشلەپمۇ بىرەر ئۆيگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا، فرانسىيىلىكنىڭ پۇل تېجىشىمۇ كېيىم - كېچەك، ئەتىر ۋە سېنادەرىياسىغا ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر. پارىژدا بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇلار ئاشپۇزۇلدا تاماق يېگەچ توختىماستىن سۆيۈشۈپ قۇچاقلىشاتتى، ئەركىشى يەنە ھېلىقى ئايالنى تىزىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ كەتتى، مەن ئۇنى كۆرۈشتىن ئۇيالدىم، بىراق، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ھەر قايسى ئۆز ھېسابىغا پۇل تاپشۇردى، مەن دائىم ئاشپۇزۇلدا بىر شىرەگە يىغىلىپ ئولتۇرغان فرانسىيىلىكنى ئۇچرىتىمەن، ئۇلار مەمەدانلىق قىلىشىپ، ئىنتايىن يېقىن كىشىلەردەك كۆرۈنىدۇ. قورسىقى تويغاندىن كېيىن ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى چىقىرىپ تاماق پۇلىنى توغرا ھېسابلاپ چىقىپ كىشى بېشىغا چاچىدۇ، قېپقالغان قالدۇق پۇلنى ھاراقنى كۆپرەك ئىچكەن ياكى تاماقنى كۆپرەك يېگەن ئەر كىشى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئەمما جۇڭگودا بولسا، ئۆينى دۆلەتتىن تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، كېسەلنى ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالايدۇ. ئىش ھەققى گەرچە تۆۋەن بولسىمۇ ئائىلىسىدە ياكى بازاردىكى رېستورانلاردا مېھمان چاقىرىشقا قۇربى يېتىدۇ، فرانسىيىلىكلەردىن مېھمان چاقىرىدىغانلار ئىنتايىن ئاز، فرانسىيىدە ئەگەر سېنى بىرەرسى تاماققا تەكلىپ قىلسا قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى چوقۇم ئېنىق ئاڭلىۋېلىشىڭ كېرەك. ئەگەر قارشى تەرەپ سېنى تاماققا تەكلىپ قىلىمەن دېسە، پۇلنى مەن چىقىرىمەن دېگەنلىكى بولىدۇ، ئەگەر بىز تاماقنى بىللە يەيلى دېسە ئۇنداقتا شۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە بولغان بىلەنمۇ ئۆزۈڭ زىممەڭگە ئېلىشقا تېگىشلىك تاماق پۇلىنى تەييارلىۋېلىپ بارمىساڭ بولمايدۇ.

بىزنىڭ بۇ بىر مىليارد 100 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەتنى ئېلىپ ئېيتقاندا كېيىم پۈتۈن قورساق توق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاسان گەپ ئەمەس، جۇڭگودىمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق مەسىلىلەر بار، چەت ئەللەرنىڭمۇ شۇنداق، بىز جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگو بولغاندىلا ئاندىن دۇنيا بولىدۇ. بۇ مۇتلەق بىر ھەقىقەت. چەت ئەلدىكى نۇرغۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇنداق تەسراتى بولغان: مەن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە چەت ئەلگە زىيارەتكە چىققىنىمدا دۆلەت دەرىجىلىك مېھمان سۈپىتىدە قارشى ئېلىنىمەن، ھەممىلا يەردە يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، بىراق مەن راستىنلا ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە يالغۇز بېرىپ بىر مۇھاجىرغا ئايلىنىپ قالغىنىمدا بولسا ھەممە ئىشنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە ئىكەنلىكىنى بايقايمەن. گويا كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەندەك دوستلىرىڭ ئەسقاتماي قالىدۇ. ھەر قانداق ياخشى تەمىناتتىن قايتا بەھرىمەن بولالمايمەن. چۈنكى سېنىڭ كەينىڭدە جۇڭگو بولمايدۇ. مەن دۇنيا ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگونىڭ ۋەكىلى ئەمەس، ئۇلار سېنى ھۆرمەت قىلمايدۇ، سېنى رەنجىتىپ قويارمىزمىكىن دېمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار سېنىڭدىن قايتا پايدىلانمايدۇ.

ئۆزۈمنى ئالسام، ناۋادا مېنى چەت ئەلدىمۇ بىر ئاز مەشھۇر دېسە، ئۇ ھالدا بۇنداق مەشھۇرلۇق ئۆزۈمنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتا تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن بولىدۇ. فرانسىيە، ئامېرىكا مېنىڭ ئاز دېگەندە بىر مىليارد 100 مىليون تاماشىبىنىم بولغىنى ئۈچۈنلا مېنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ، ئەگەر مەن چەت ئەلدە مۇھاجىر بولۇپ قالسام ياكى ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى بولسام بىر تىيىنغا ئەرزىمەسلىكىم تۇرغان گەپ، فرانسىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆزلىرىنىڭ مېنىڭ فرانسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ فرانسىيە گراژدانى بولۇشۇمنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم بىلدۈردى، بىراق مەن ھەممە قېتىمدا رەت قىلدىم. مەن ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ مۇنداق دېدىم. «مەن بىر فرانسىيىلىك سۈپىتىدە خەلقئارا كىنو بايرىمىدا مۇكاپات ئېلىشقا بارالمايمەن، مەن ئۆزىمىزنىڭ شان - شەرىپىنى چوقۇم جۇڭگوغا ۋەكىل بولۇپ بېرىپ ئالىمەن» مەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن فرانسىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ھەيرانلىق ئىلكىدە ماڭا تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بوپكەتتى. ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار ماڭا ئوخشاش ئۆزى كەلگەن ئامەتكىمۇ ياقمايدىغان جۇڭگولۇقنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئامەت - پامەت دېگەنلەرنىڭ زادى قايسى نۇقتىدىن ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باقماي بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، مەن ئۇ ئامەتكە ياققىنىم بىلەنمۇ فرانسىيىلىككە ئايلىنالمايمەن. بۇ قائىدىنى ئۇجۇر - بۇجۇرگىچە پىششىق بىلىمەن. خوش، «شياڭگاڭلىق مۇخبىر» بىلەن بولغان جېدەل توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم كۆپ ھەم بەك ئۇزۇن بوپكەتتى. بۇنى ئۆزەممۇ ھېس قىلدىم. قىسقىسى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ئۆزى كۈچەيتىشىنى، ئۆز ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلىشىنى، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

توختى باقى ( ت )

بۇ ساندىكى نەسرى ئەسەرلەرنىڭ مەسئۇل
مۇھەررىرى ئارسلان تالىپ

# لەتىپىلەر

## چوڭ ئاپام نېمىشقا ئاسماندا تۇرىدۇ؟

مەيدى بولسا ئالتە ياشلىق قىز، بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا:

- قىزىم، كىلەر ھەپتە چوڭ ئاپاڭ كېلىپ بىز بىلەن بىرگە تۇرىدۇ،- دېدى. مەيدىنىڭ چوڭ ئاپىسى يېتىپ كەلدى، مەيدى ئاپىسى بىلەن ئايرۇدۇرۇمغا بېرىپ ئۇنى كۈتىۋالدى، چوڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا تەقدىم قىلدى ۋە ئۇنى كىنوخانىلارغا ئاپىرىپ ئويناتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاپىسى ئۇنىڭغا:

- مەيدى، چوڭ ئاپاڭ ئەمە ئۆيىگە قايتىپ كېتىدۇ،- دېدى، مەيدى بولسا ناھايىتى بىئارام بولۇپ كەتتى، چۈنكى، ئۇ چوڭ ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرۇشنى بەكمۇ خالايتتى، مەيدى ئاپىسى بىلەن يەنە چوڭ ئاپىسىنى ئۇزاتقىلى ئايرۇدۇرۇمغا باردى، چوڭ ئاپىسى ئايروپىلانغا چىقىشى بىلەن مەيدى يىغلاشقا باشلىدى، ئۇ ئاپىسىدىن:

- چوڭ ئاپام نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ئوخشاش يەردە ياشىماي، ئاسماندا تۇرىدۇ؟- دەپ سورىدى.

## ماي قەلەم

بىر كۈنى بىر ياش ئانا ئالتە ياشلىق ئوغلىنى ئويننىتىۋاتاتتى، تۇساتتىن ئوغلى ئۇنىڭ ماي قەلىمىنى يۇتىۋېتىپ قالدى.

ئانا ئوغلىنى پىكاۋىغا سېلىپ تېزلىك بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ئۇ كۈتۈش ئۆيىگە كىرىپ سېستىرانى چاقىرىپ:

- مەن دەرھال دوختۇر بىلەن كۆرۈشىمەن،- دېدى.

- كەچۈرۈڭ، دوختۇر ھازىر ناھايىتى ئالدىراش،- دېدى سېستىرا.

- سېستىرا، بىراق، ئوغلۇم ھېلىلا مېنىڭ ماي قەلىمىمنى يۇتىۋەتتى.

- ھە، ئۇنداقتا، مەن سىزگە كۆپ ھېسداشلىق قىلىمەن، سىز ئەمدى قېرىنداش ئىشلەتسىڭىز بولغىدەك.

## باشقا بىرسىنى چاقىرغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن

تومنىڭ ئائىلىسى ئەمدىلا بۇ يېڭى ناھىيىگە كۆچۈپ كەلگەن ئىدى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن توم ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى دەرس ئاڭلاۋاتاتتى، مۇئەللىم تومنى ئالدىغا چىقىشقا چاقىردى - دە ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى، بىراق توم سورالغان سوئاللارنىڭ ھېچقايسىغا جاۋاب بېرەلمىدى، مۇئەللىم تومنىڭ جاۋاب بېرەلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئاسانراق سوئاللارنى سورىدى.

- سەددىچىن سېپىلى نەدە؟- توم بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

- ھىندىستاندا، - دەپ جاۋاب بەردى.

- ياق، ئۇ جۇڭگودا،- دېدى مۇئەللىم ۋە سەل ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بىلىندۈرمەسكە تىرىشىپ:

- ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى زۇڭتۇڭى كىم؟- دەپ سورىدى ئۇ يەنە توم خېلى ئۇزاققىچە ئويلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھېچنىمە دېيەلمىدى، مۇئەللىمنىڭ ئەمدى راستىنلا ئاچچىقى كەلدىدە:

- خۇرج ۋاشىنگتون،- دەپ ۋاقىرىۋەتتى، توم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆز ئورنىغا مېڭىشقا تەمشەلدى.

- قايتىپ كەل، مەن مېنى ئۆلتۈر دېمىدىمغۇ.- دېدى مۇئەللىم.
- ھە، كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى باشقا بىر ئوقۇغۇچىنى چاقىرىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن.- دېدى توم.

## ئىسىم

دوختۇر مېستراغا:
- بىرىپ كېسەلنىڭ ئىسمىنى سوراپ كېلىڭ، بىز ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا خەۋەر قىلايلى.- دەپتۇ، ھايال ئۆتمەي مېستىرا قايتىپ كىرىپ:
- كېسەل ئاتا-ئانام ئىسمىمنى بىلىدۇ دەيدۇ.- دەپتۇ.

## ئۇنىڭ ئالغۇ ئارىيەت ئېلىش

بىر ئادەم قوشنىسىدىن:
- سىز ئۇن ئالغۇڭىزنى بۈگۈن كەچتە ماڭا بېرىپ تۇرالامسىز؟ - دەپ سوراپتۇ.
- ئەلۋەتتە، نېمە ئاڭلىماقچى، مۇزىكىمۇ ياكى ئىنگلىز تىلىمۇ؟- دەپتۇ قوشنىسى.
- ھېچ قايسىسى ئەمەس، مەن بۈگۈن كېچىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىمەن!

## ئۇ ئاسان

مۇئەللىم:
- ئەگەر چەت ئەللىك مېھمان سىزدىن پويىز ئىستانسىسىغا قانداق بارىدىغانلىقىنى سورىسا، سىز نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىز؟
ئوقۇغۇچى:
- ئۇ ئاسان، مەن ئۇنىڭغا بىر دەم ماڭسىلا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

## ئاسمانغا قاراش

بىر بالا كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت توختاپتۇ-دە ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇ بالىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇ-دە ئۇمۇ ئاسمانغا قاراپتۇ، بىر دەمدىن كېيىن، يەنە بىر ئادەم كەپتۇ، ئۇ ھېلىقى بالىنىڭ ۋە ئالدىدا كەلگەن ئادەمنىڭ ئاسمانغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلار ئاسماندىكى قىزىقارلىق نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتقان ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كەپتۇ دە ئۇمۇ ئاسمانغا قاراشقا باشلاپتۇ، بىرەر مىنۇتتىن كېيىن بۇ يەرگە نۇرغۇن ئادەم يىغىلىپ كۆك ئاسماندىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئاسمانغا قاراشقا باشلاپتۇ، ھېلىقى بالا بۇلارغا ھەيران بولۇپ:
- ھەممىڭلار نېمىگە قاراۋاتىسىلەر؟- دەپتۇ.
- بىراق سەن ئاسمانغا بىرىنچى بولۇپ قارىغان ئىدىڭغۇ، نېمىگە قاراۋاتقان ئىدىڭ؟- دەپ سوراپتۇ ئەڭ دەسلەپتە كەلگەن ئادەم.
- مەن ھېچنېمىگە قارىمىدىم، مېنىڭ بۇرنۇمدىن قان ئاققانلىقى ئۈچۈن بېشىمنى ئاسمانغا قىلىپ تۇرغان ئىدىم.- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

ئىنگلىزچىدىن غۇنچەم روزى تەرجىمە قىلدى

## بېيجىڭدا ئېچىلغان 5-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر







سۈرەتلەرنى مۇھەممەت مەمتىلى، سىراجىدىن سېيىتنىيازلار تارتقان.



# مايبۇلاق

# 玛依布拉克

1993 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 64 - سان)
قاراماي شەھەر - ئىدارە ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى،
«مايبۇلاق» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى.
مۇقاۋىسى چارلاش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات مەھكىمىسىدە بېسىلدى.
ئادرېسى: قاراماي شەھەردوستلۇق يولى 72 - نومۇر
تېلېفون نومۇرى: 223031 پوچتا نومۇرى: 834000

ئاپتونوم رايوننىڭ ژورنا... ستىق نومۇرى: 876